# قۇرئان كەرىم

## ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

# القرآن الكريم

وترجمة معانيه إلى اللغة الأويغورية

قام بترجمته: محمد يوسف محمد تورسون

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى، ھەق دىننى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئاتىغان ئەڭ كاتتا نېمىتىنى تاماملىغان ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەس ھىدايەت مەشئىلىنى نازىل قىلىپ دىللارنى نۇرلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا جىمى مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن مەدھىيەلەيمەن. ئىنسانىيەتكە ھەق دىننى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ ئائىلە _ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇئمىنلەرگە، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغان ئىسلام ئۈممىتىگە جانابى ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، مەن بۈگۈن كىچىكىمدىن ئارزۇلاپ كەلگەن، كېچە-كۈندۈز خىيال قىلغان، مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر خىزمەتنى تاماملاپ، ئەزىز خەلقىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇ لەھزىلەردىكى شۈكۈر ۋە مەمنۇنىيەت، ئىپتىخار ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىمنى ئىپادىلەپ بولالمايمەن، ئەلۋەتتە!

ئۇقۇغۇچىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئۆزۈمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئۇدۇل ۋە توغرا چۈشىنەلەيدىغان ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغان سەۋىيەگە ئىگە بولۇشۇمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىر قانچە ئون يىللىق ئىزچىل تىرىشىش، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆزۈمدە مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىدار ۋە سالاھىيەت يېتىلدى دەپ قارىدىم _ دە، تەجرىبەم كەمچىل، ئىلمىي سەۋىيە جەھەتتىن تازا كامالەت ئەھلى بولمىساممۇ، بۇ شەرەپلىك ۋە مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئۇلۇغ خىزمەتكە باشچىلاپ كىرىپ كەتتىم. ئۈمىدىم شۇكى، ئۇزاققا سوزۇلغان روھىي ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە ھالسىرىغان ئەزىز خەلقىمنىڭ جاراھەتلىك قەلبىگە مۇشۇ خىزمەتلىرىم بىلەن ئازغىنە مەلھەم سۈرەلىسەم... ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توغرا چۈشىنىپ، شۇ چۈشەنچىلەرنىڭ نۇرىدا داغدام قەدەملەر بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلىسەم... ئۇلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە ۋەسىلە بولالىسام...

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى 2002-يىلى 17-ئاپرىل كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە دىكتور بولۇپ ئىشقا كىرگەن كۈنۈملا باشلىۋەتتىم. نۇرغۇنلىغان تەپسىرلەرنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزۈم بىلىدىغان تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنى توپلىدىم. ۋەتىنىمىزدىن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئىملا لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»..قاتارلىق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، زۆرۈر تېپىلغاندا شۇلارغا مۇراجىئەت قىلدىم. شۇنداقلا مەزكۇر تەرجىمىدە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى مۇمكىنقەدەر ئاز ئىشلىتىپ، ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۆز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەردىم.

مەلۇم بولۇشىچە، دۇنيادا ھازىرغىچە «قۇرئان كەرىم» 140تىن كۆپرەك مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغان ۋە ھەرخىل تەرجىمە نۇسخىلىرى 1200دىن ئاشقان. ھازىرقى تۈركىيە تۈركچىسىدىمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 100 خىلدىن كۆپرەك تەرجىمىسى بارلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار تۈرك تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان خەلق بولۇپ، مىلادىيە 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئاتاغلىق تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف دېگەن كىشى «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن. ھازىر بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ سەككىز خىل قول يازما نۇسخىسى تولۇق ياكى تولۇقسىز ھالەتتە چەتئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ياكى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. 1735- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە يەكەندە ھۆكۈمدارلىق قىلغان خوجا ياقۇپ دېگەن كىشى دۆلەت خىراجىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يازدۇرۇپ نەشىر قىلدۇرغان ئىكەن. قاغىلىقتا ئۆتكەن ھۈسەينخان تەجەللىي دېگەن كىشىنىڭ 1910- يىلى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يېزىپ چىققانلىقى، يەنە شۇ يىلى چۆچەكتە يۈسۈپ داموللام دېگەن كىشىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىسمەن تەپسىرىنى تاماملاپ چىققانلىقى مەلۇم. سابىت داموللا ھاجىم شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە، 1937- يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈچ سەرپ قىلىپ، «روشەن بايان تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دېگەن ئۇيغۇرچە تەپسىرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ 30- پارىسى 1948- يىلى غۇلجىدا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەپسىرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى سابىت داموللامنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ 1961- يىلى غۇلجىدىن ئېلىپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان ئىكەن. 1955- يىلى

مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىم غۇلجىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇرچە تەپسىر قىلىپ چىققان بولۇپ، 2018-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىشىنىڭ 1926- يىلى قەشقەردە يېزىپ چىققان «ئەممە پارىسىنىڭ تەپسىرى» ناملىق ئەسىرى 1987- يىلى قاتاردا فاكسىمىل قىلىپ، ئەسلىدىكى چاغاتاي يېزىقىدا بېسىپ تارقىتىلغان. كېيىنچە 2003- يىلى شۇ فاكسىمىل نۇسخىسىغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. زامانىمىزغا قەدەر ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى خېلى كۆپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، كۆپلىرى نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي يوقۇلۇپ كەتكەن، يەنە نۇرغۇنلىرى نابۇت قىلىنغان.

1986- يىلى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ تەرجىمە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولماسلىقتەك چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان بولدى. 2012- يىلى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى» تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ھەرقانداق بىر تىلدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قانچە خىل تەرجىمىسىنىڭ بولۇشى ناھايىتى ياخشى. چۈنكى ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئوخشىمىغان چۈشەنچە ۋە ئوخشىمىغان پىكىرنى چوڭقۇرلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا تەرجىمىنىڭ كۆپ بولۇشى پايدىلىقتۇر.

**پايدىلىنىلغان ئاساسلىق تەپسىرلەر:**

1. تەپسىرى تەبەرى (جامع البيان في تفسير القرآن).
2. تەپسىرى قۇرتۇبى(تفسير القرطبي)
3. تەپسىرى بەغەۋى(معالم التنزيل).
4. تەپسىرى ئىبنى كەسىر(تفسير القرآن العظيم).
5. تەپسىر جەلالەين (تفسير الجلالين).
6. تەپسىر سەفۋەتۇتتەفاسىر (تفسير صفوة التفاسير).
7. تەپسىرى سەئدى (تفسيرالكريم الرحمن لكلام المنان).
8. تەپسىر شەئراۋى (خواطر الشعراوي حول القرآن).
9. تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر (التحرير والتنوير).
10. تەپسىرى مۇيەسسەر (التفسير الميسر).
11. تەپسىرى مۇختەسەر (المختصر في التفسير).
12. فى زىلالىل قۇرئان (في ظلال القرآن).
13. «تەپسىرى شىنقىتى» (أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن).
14. «تەپسىرى كەششاف» (الكشاف).
15. «تەپسىرى بەيزاۋى» (أنوار التنزيل وأسرار التأويل).
16. «تەپسىرى رازى» (التفسير الكبير للرازي).
17. «ئەل جەدۋەل فى ئىرابىل قۇرئان» (الجدول في إعراب القران).

يۇقىرىقى تەپسىرلەردىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئۆزبېكچە ۋە قازاقچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلاندىم، ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشتە «تەپسىرى مۇيەسسەر» بىلەن «تەپسىرى مۇختەسەر»گە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم.

**«قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى**

تەرجىمە دېگەنلىك ھەرگىز بىر تىلدىكى سۆزلەرنى يەنە بىر تىلغا سۆزمۇسۆز يۆتكەپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەسلى تىلدىكى مەنىنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلدا ئەسلىسىگە ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي تەرجىمىدۇر.

ساھابىلەردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋاننىڭ بېرىلگەنلىكى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلغانلىقىدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۇنداق قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلگەنلىكى ۋە ئۇنى توغرا چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

تەرجىمە ئىشىدا، تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلدىكى مەنىنى تولۇق بىلىشى ۋە مەقسەتنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىشى شەرتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ تەرجىمە ئەمەس، بەلكى تېكىستنى پەقەتلا سۆزمۇ _ سۆز يۆتكەپ قويغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى تىلدىكى مەنىنى تەرجىمە تىلغا ئۆز ئەينى بويىچە، ھېچ بولمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئەينى بويىچە ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىماننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىدۇر.

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ئىشى باشقا ھەرقانداق كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغان تولىمۇ نازۇك بىر ئىشتۇر. چۈنكى بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى تولۇق بىلىش ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش تەرجىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسىدۇر. مەن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ تولىمۇ ئېغىر ۋە خەتەرلىك بىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا يولغا چىققان بولدۇم. «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ھاياتىمدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەنچە تىرىشتىم.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىدا مۇنداق ئىككى خىل يۆنىلىش مەۋجۇت ئىكەن: بىرى، تەرجىمىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى باشقا تىلغا يۆتكەش بولغانلىقتىن، ئايەتلەرنى مەنە جەھەتتىن تەرجىمە قىلىش يېتەرلىكتۇر، دېگەن يۆنىلىش، يەنە بىرى، ئايەتلەرنى مەنە جەھەتتىن تەرجىمە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دېگەن يۆنىلىش. بىز بۇ تەرجىمىدە ئىككىنچى يۆنىلىش بويىچە ماڭدۇق. چۈنكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. بۇ دېگەنلىك ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىدىكى پاساھىتى ۋە بەدىئىيلىكى بويىچە ئۇيغۇرچىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: (وَنَفَخَ فِيهِ مِنْ رُوحِهِ) دېگەن ئايەت تۈركىي تىللارغا: “ئاللاھ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى”، “ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلىدى”، “ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى”، “ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى ياراتقان روھتىن پۈۋلىدى” ۋە “ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز ئىلكىدىكى روھنى كىرگۈزدى” دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل تەرجىمە قىلىنغان. بىز ئەڭ ئاخىرقىسىنى تاللىدۇق. يۇقىرىقى تەرجىمىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، چۈنكى ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن.

**بۇ تەرجىمىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر**

بۇ تەرجىمە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدىن پەرقلىق بولغان تۆۋەندىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە:

1. ئەرەب تىلىدىكى “رَبٌّ” دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئىگە، باشقۇرغۇچى، پەرۋىشچى، خوجايىن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. “رَبٌّ” دېگەن سۆز يالغۇز ھالىتىدە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بىرەر قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىقلا باشقىلارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: «رَبُّ ٱلأُسْرَةِ» يەنى (ئۆي ئىگىسى) دېگەنگە ئوخشاش [1]. ئىسلام دىنىدا “رَبٌّ” سۆزى ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغۇچى، يېگانە ئىلاھتۇر. [2] شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن“رَبٌّ” ياكى “الرَبٌّ” دېگەن سۆزنى «پەرۋەردىگار» دەپ ئالماي، ئەرەبچىدىكى ئۆز ئەينىسى بويىچە ئېلىشنى لايىق كۆردۇق. مەسىلەن: “جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر” [3] دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، «پەرۋەردىگار» ۋە «پەرۋىشكار» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھېچبىرى “رَبٌّ” دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىكەن. گەرچە «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز بارلىق نەرسىلەرنى

---

[1] «لىسانۇل ئەرەب» قامۇسى 1- توم، 399-بەت.

[2] ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «ئەيسەرۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرى1-توم،12-بەت.

[3] فاتىھە سۈرىسى: 2-ئايەت.

ياراتقۇچى، خۇدا [1] دېگەن مەنىنى، «پەرۋىشكار» دېگەن سۆز پەرۋىش قىلىدىغان، تەربىيەلەيدىغان[2] دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئەرەب تىلىدىكى "رَبٌّ" دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەشتىن خېلى بەك يىراقتا ئىكەن.

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسلىرى شۇنىڭغا بىردەك ئىتتىپاقكى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ كەلىمىلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن شۇنداق مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوخشاشلا مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى سۆزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغاندا مەقسەت قىلىنغان مەنە ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغان يەردە، پارسچىدىكى «پەرۋەردىگار» ۋە «پەرۋىشكار» دېگەن سۆزلەر قانداقمۇ ئەرەب تىلىدىكى "رَبٌّ" دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن! يەنە بىر تەرەپتىن مەيلى "رَبٌّ" دېگەن سۆز بولسۇن، مەيلى پەرۋەردىگار ۋە پەرۋىشكار دېگەن سۆزلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، بىز تىلىمىزدىكى دىنىي ئاتالغۇلار ئۈچۈن پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەتكەندىن كۆرە ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلەتكىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى دىنىي ئىلىملەرنىڭ مەنبەلىرى ئەرەب تىلىدىدۇر.

2. "الرَّحْمَنَّ" دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى [3] بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ كۆپرەك ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. بەزىدە خۇددى (بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ) دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدىمۇ كەلگەن. شۇڭا "الرَّحْمَنَّ" دېگەن بۇ سۆزنى ھەممىلا يەردە سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسىم مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. مەسىلەن: مەككە كاپىرلىرىنىڭ "سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس" [4] دېگەن سۆزىدىكى "الرَّحْمَنَّ" ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. چۈنكى ئەرەبلەر "الرَّحْمَنَّ" نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ، "الرَّحْمَنَّ" دېگەن سۆز خۇددى "اللهٌ" دېگەن سۆزگە ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسىملىرى قاتارىدا كەلگەن. بۇ خۇددى "ئاللاھً" ۋە "ئاللاھ تائالاً" دېگەنگە ئوخشاشتۇر. بۇنى «قۇرئان كەرىم» قارار قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانى: "ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ" [5] دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. شۇڭا بىز بۇ تەرجىمىدە "الرَّحْمَنَ" دېگەن سۆزنى ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن ئورۇنلاردا، ئىسىم مەنىسىدە "رەھمانً ياكى "رەھمان ئاللاھً دەپ تەرجىمە قىلىشنى، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن جايلاردا بولسا، «مەرھەمەتلىك ئاللاھ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسدە تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

3. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرغان ئەمەس. ئۇنىڭغا ھەمىشە "يَأَيُّهَا النَّبِيًّ، "يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ" يەنى "ئى پەيغەمبەر!" دەپ خىتاب قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرغان ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۇنى ھۆرمەتلەپ، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانى بىلەن چاقىرىپ "ئى پەيغەمبەر!" دېگەن تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى "ئى مۇھەممەد!" دەيمىز؟ بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە كاپىرلىرىنىڭ چاقىرىشى ئەمەسمۇ؟! چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلار ئۇنى: «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىراتتى، مۇئمىنلەر بولسا «يارەسۇلۇللاھ!» دەپ چاقىراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ تەرجىمىدە، «سەئۇدى ئەرەبىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى» ۋە «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى» تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، «پادىشاھ فەھد قۇرئان بېسىش ئاكادېمىيىسى» دە بېسىپ تارقىتىلغان «التفسير الميسر» (تەپسىرى مۇيەسسەر) دېگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ: «ئى پەيغەمبەر!» دەپ ئېلىشنى لايىق كۆردۇق. مەزكۇر تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ تەپسىرنى نەشرگە تەييارلىغان مەخسۇس كومىتېت ئىلگىرىكى تەپسىرلەردە كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن "ئى مۇھەممەد!" دېگەن سۆزنى "ئى پەيغەمبەر!" دەپ ئۆزگەرتتى. پەقەت 11 ئورۇندىلا ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى. بۇ مۇشۇ11 ئورۇندىكى خىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھېكايە قىلىنغان خىتابلار ئىكەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى» [6].

---

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 203 -بەت.

[2] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[3] ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «ئەيسەرۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرى1-توم،11-بەت.

[4] ياسىن سۈرىسى: 15-ئايەت.

[5] ئىسرا سۈرىسى: 110- ئايەت.

[6] «التفسير الميسر» (ئەتتەپسىرۇل مۇيەسسەر) 9- بەت.

4. «قۇرئان كەرىم» دىكى "يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ" دېگەن ئايەت "ئى ئىمان ئېيتقانلار!"دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، گەرچە ئىمان ئېيتقانلىق مۇئمىن بولغانلىق ۋە ئىمان ئېيتقانلار «مۇئمىنلەر» قاتارىدىن بولسىمۇ، بۇ ئايەتنى«ئى مۇئمىنلەر!» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، "ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دېگەن چاقىرىقتىن كۆزلىگەن مەقسەت تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدىكەن. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىلگە ھەم ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئۇسۇللار بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئويغا سالىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدىغان يېگانە كىتابتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بىرەر ئىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ياكى بىرەر يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن خىتاب قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىماننىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى دەرھال قوبۇل قىلىپ ئورۇنداشنى، توسقاندىن دەرھال يېنىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئەسلەتكەن ھالدا، ئۇلارغا: "ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: "يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا" يەنى"ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار" [1]، "يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا الرِّبَا أَضْعَافًا مُضَاعَفَةً" يەنى" ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار" [2]، " يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ" يەنى "ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار" [3] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە، مۇسۇلمانلارغا بىرلا جايدا "ئى مۇئمىنلەر!" [4] دەپ نىدا قىلغان، ئەمما 89 ئورۇندا "ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دەپ نىدا قىلغان. يەنە «قۇرئان كەرىم» دە "ئىمان ئېيتقانلار" دېگەن سۆز 254 قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسا، "مۇئمىنلەر" دېگەن سۆز 86 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

شۇمۇ ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا بىۋاسىتە خىتاب قىلغان بىرمۇ ئايەت يوق. پەقەت «كافىرۇن» سۈرىسىدىكى "ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار!" دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن كاپىرلارغا بىرلا ئورۇندا خىتاب قىلغان. شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە ئۇلارغا: " يَا أَيُّهَا الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَعْتَذِرُوا الْيَوْمَ إِنَّمَا تُجْزَوْنَ مَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ" يەنى"ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر" [5] دەپ خىتاب قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا "ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دەپ نىدا قىلغاندەك، كاپىرلارغىمۇ "ئى كاپىرلار!" دەپ نىدا قىلمىغان؟ چۈنكى كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاسىتە نىدا قىلىشىغا سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ رەببىنى تونۇغان مۇئمىنلەرگە شۇنداق نىدا قىلغان. " يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا" يەنى"ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دېگەن ئايەت ھەربىر مۇسۇلمان بەندىگە قارىتىلغان جانلىق خىتابتۇر. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ياكى تىڭشىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىدا، ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتىدىغانلىقىدا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بىر بەندە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا بىز بۇ تەرجىمىدە " يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ" دېگەن ئايەتنى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ كۆپرەك جايدا "ئى ئىمان ئېيتقانلار!" دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

5. «قۇرئان كەرىم» دىكى "الكَافِرُ"، "الكَافِرُونَ"، "الْكُفَّارُ"، " الَّذِينَ كَفَرُوا" دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ئومۇمىي كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. "الكَافِرُونَ ۋە "الْكُفَّارُ" قاتارلىقلار "الكَافِرُ" دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى بىردۇر. ئەمما " كفر" دېگەن سۆز ئومۇمەن ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان ۋە ئىنكاردا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى"كاپىر" دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى "الكَافِرُ"، "الكَافِرُونَ"، "الْكُفَّارُ" دېگەن سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، " الَّذِينَ كَفَرُوا" دېگەن سۆز ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسلىق مەقسەتنى ئىپادىلەشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تىلىمىزدىكى "كاپىر" دېگەن سۆز مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر سۆز بولۇپ، ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمىغانلىق ياكى بىلمىگەنلىكتىن مۇسۇلمان

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 70-ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 130-ئايەت.
[3] ئەھزاب سۈرىسى:9-ئايەت.
[4] نۇر سۈرىسىنىڭ31-ئايىتىدە (ئى مۇئمىنلەر! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار) دەپ كەلگەن.
[5] تەھرىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

بولمىغانلار بىلەن، ھەق دىننى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. ئەرەبلەر ئالدىنقىسىنى (غەيرۇل مۇسلىمىين) يەنى (مۇسۇلمان ئەمەسلەر) دەيدۇ، كېيىنكىسىنى ٌكافىرونً يەنى (ئىنكار قىلغۇچىلار) دەيدۇ.

ٌ الَّذِينَ كَفَرُوا ً دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم» دە نەچچە جايدا كەلگەن بولسا ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تىزىملاپ چىقىپ، مەشھۇر تەپسىرلەرنىڭ ھەربىر جايدىكى ٌ الَّذِينَ كَفَرُوا ًدېگەن سۆزنى قانداق تەپسىر قىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ سۆزنىڭ ئايەتلەردە كەلگەن ئورنىغا قاراپ ھەر خىل شەكىلدە تەپسىر قىلىنغانلىقىنى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن: ٌ الَّذِينَ كَفَرُوا ً دېگەن سۆزنى بىر ئورۇندا «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار» دېگەن بولسا، يەنە بىر ئورۇندا «كۇفرىنى داۋاملاشتۇرغانلار» دېگەن، يەنە باشقا ئورۇنلاردا «ئىنكار قىلغانلار»، «كاپىرلار»، «ئىنكاردا چىڭ تۇرۇۋالغانلار»، «ھەقىقەتكە تانغانلار» قاتارلىق مەنىلەردە تەپسىر قىلغان. شۇڭا بىز ٌ الَّذِينَ كَفَرُوا ً دېگەن سۆزلەرنى بۇ سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ گاھ ٌكۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ً، گاھ ٌكاپىرلار ً، گاھ ٌئىنكار قىلغانلار ً دەپ تەرجىمە قىلىشنى، ئەمما ٌالكَافِرُ ً دېگەن شەكىل بىلەن كەلگەنلىرىنى ئۆز ئەينى ٌكاپىر ً دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. بۇ سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇۋېلىشنى خالىمىدۇق. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بولمىغان جاي، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىتلار ئىچىدە تەدرىجىي نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تاماملاندى. ھەممىگە مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ھاياتلىقنىڭ ئىچىگە شۇ ھاياتنى تېخىمۇ ياخشى ياشىنىتىش ئۈچۈن نازىل بولغان بىر ئىلاھى كىتاب. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلىمۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشاش جانلىقتۇر، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشاش رەڭلىكتۇر.

6. ئەرەب تىلىدىكى ٌالذي ً، ٌالذين ً، ٌالتي ً،(اللآتي ً دېگەن سۈپەتداشلار بىزنىڭ تىلىمىزدىكى«غان، قان، گەن، كەن» دېگەن قوشۇمچىلارنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ تەرجىمىدە يۇقىرىقى سۈپەتداشلارنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. مەسىلەن: ٌ سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ً دېگەن ئايەتنى ٌقۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ً دەپ تەرجىمە قىلغانغا ئوخشاش.

7. «إِنّ» كەلىمىسىنىڭ جۈملىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقى ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىدىن ئازراق خەۋىرى بار ھەرقانداق كىشىگە مەلۇملۇق. شۇڭا، ھازىرغىچە ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىدا «إِنّ» كەلىمىسى «ھەقىقەتەن، شەكسىز، جەزمەن» دېگەندەك تەكىتلەش مەنىلىرىدە تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن. ئەرەب تىلىنىڭ تىلشۇناس ئالىملىرىدىن بىر قىسمى[1] «إِنّ» كەلىمىسىدىن كېيىن كەلگەن جۈملىلەرگە «تعليليّة» يەنى (سەۋەبنى بايان قىلغان جۈملىلەر) دەپ ئىئراب بەرگەن. شۇڭا، بىز بۇ قېتىم «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئايەتلەرنىڭ بالاغەتلىك ئىپادىسىگە رىئايە قىلىش مەقسىتىدە «إِنّ» كەلىمىسىگە باغلىنىپ كەلگەن جۈملىلەرگە كەلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ بەزى جايلاردا «چۈنكى» دەپ مەنە بېرىتتۇق.

8. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم _ سۈپەتلىرىنى ۋە مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتا سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بويىچە ئىش كۆردۇق. بۇ ماۋزۇدا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە ئەگەشتۇق. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق كەلگەن ٌ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ ً (2) دېگەن ئايەتنى ٌئەرشكە ئۆرلىدى ً دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى ٌاسْتَوَى ً دېگەن سۆز «علا»، «ارتفع» يەنى «يۇكسەلدى، ئۆرلىدى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەڭ مەشھۇر قامۇس «لىسانۇل ئەرەب» تە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىمام ئەخپەش ٌ اسْتَوَى ً دېگەن سۆزنى «علا» يەنى ‹ئۈستۈن بولدى › دەپ چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن: ‹استويت فوق الدابة، على ظهر البيت أي علوته› يەنى (ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، ئۆينىڭ ئۈستىگە ئۆرلىدىم، يەنى ئۈستۈن

[1] «الجدول في إعراب القرآن الكريم» لمحمود بن عبد الرحيم صافي»1-توم، 69-بەت، «تفسير حدائق الروح والريحان في روابي علوم القرآن» 1-توم، 209-بەت، [1] «المطول شرح تلخيص المفتاح» للتفتازاني 150-بەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى :54 _ ئايەت.

بولدۇم) دېگەنگە ئوخشاش.[1] تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن مۇجاھىد ئايەتتىكى "اسْتَوَى" دېگەن سۆزگە «علا » يەنى «ئۈستۈن بولدى » دەپ مەنە ئېيتقان. كاتتا مۇپەسسىرلەردىن ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە " الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى "[2] دېگەن ئايەتكە «الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ ارتفع و علا» يەنى" رەھمان ئاللاھ ئەرشكە ئۆرلىدى ۋە ئۈستۈن بولدى" دەپ تەپسىر قىلغان. ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ئەبۇل ئابباس سۇئلەب" اسْتَوَى" دېگەن سۆزگە «علا » يەنى «ئۈستۈن بولدى » دەپ مەنە ئېيتقان." اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ كى" دېگەن ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەئراف، يۇنۇس، رەئد، تاھا، فۇرقان، سەجدە ۋە ھەدىد قاتارلىق يەتتە سۈرىسىدە يەتتە قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەرنىڭ بىرىدە:"مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى" دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، يەنە بىرىدە: "مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە مۇستەۋى بولدى" دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئالدىنقىسىدا" اسْتَوَى" دېگەن سۆزگە «استقر» يەنى (ئورۇن ئالدى ياكى ئورۇنلاشتى) دەپ مەنە ئېيتىلغان. ھالبۇكى، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر" اسْتَوَى" دېگەن سۆزگە «استقر» دەپ مەنە ئېيتىشنى قوللاپ كەتمىگەن. بۇ تەرجىمىلەرنىڭ كېيىنكىسىدە،" اسْتَوَى" دېگەن سۆزنى"مۇستەۋى بولدى"دەپ ئالغان. ھالبۇكى،"مۇستەۋى بولدى" دېگەن سۆزدىن ھېچنىمنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق بىر سۆز يوق. شۇ ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم» مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر." اسْتَوَى" دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم» دىكى"الم"، "حم" دېگەن ھەرپلەرگە ئوخشاش مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ھەرپلەر قاتارىدىن ئەمەستۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن،" اسْتَوَى" دېگەن بۇ سۆزنى باشقا مەنىلەردە تەرجىمە قىلغاندىن ياكى ئۇنى ئەرەبچىسى بويىچە يېزىپ قويغاندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى بولسىمۇ تەرجىمە قىلىش ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟!

"اسْتَوَى" دېگەن سۆز لۇغەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىپ قويۇلسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سەۋىيەسى ۋە ئېتىقادى بويىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ." الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى" دېگەن ئايەتنى"رەھمان ئاللاھ ئەرشكە ئۆرلىدى" دەپ تەرجىمە قىلغاندا، ئايەتكە ئۆز ئەينى بويىچە، يەنى سەلەف سالىھلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە مەنە ئېيتىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار «ئاللاھنىڭ ئەرشكە ئۆرلىگەنلىكى راستتۇر، ئۇنىڭ قانداق ئۆرلىگەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بۇنىڭغا ئىشىنىش پەرزدۇر، ئاللاھ قانداق ئۆرلىگەن دەپ سوئال سوراش بىدئەتتۇر » [3] دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

9. ئەرەب تىلىدىكى «تَوَكُّل» دېگەن سۆز لۇغەتتە «بىراۋغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش»، «بىرىگە تايىنىش» ۋە «بىرىگە يۆلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[4]. ئىسلام ئاتالغۇسىدا «تَوَكُّل» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ باغلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا تايىنىشنى، ئۆزىنى ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەۋەككۇل» دېگەن سۆز: كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار، دەپ قىلىنغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ [5]. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۇل نېمە بولسا بولار، دەپ تەۋەككۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تايىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئەرەب تىلىدىكى، خۇسۇسەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى «تَوَكُّل» دېگەن سۆزنى «تەۋەككۇل» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغاندا ئايەتتىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن:" وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ "، " فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ "، " وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ" دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «تَوَكُّل» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ

---

[1] «لىسانۇل ئەرەب» 14-توم، 144 –بەتتىن.
[2] تاھا سۈرىسى: 5- ئايەت.
[3] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ سۆزى.
[4] «لىسانۇل ئەرەب» 11-توم، 734- بەت.
[5] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 289-بەت.

قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، كاتتا ئىبادەتتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالاغا «نېمە بولسا بولار» ياكى «قېنى باشــقا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېگەن مەنىدە تەۋەككۈل قىلىشــنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتۇر. مۇنداق تەۋەككۈلنى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۈل ئورنىدا ساناش چوڭ خاتالىقتۇر. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە كەلگەن «التَوَكُّل عَلَى اللَّهِ » دېگەن سۆزنى ٌ ئاللاھقا تايىنىشَّ دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

10. ئەرەب تىلىدىكى ٌفَاسِقٌّ دېگەن سۆز «الفِسْقُ» يەنى«چىقىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، قانداقلا بىر نەرسىدىن چىقىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا ٌفَاسِقٌّ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ تائەتىدىن چىققۇچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ [1]. مەسىلەن: كەھف سۈرىسىدىكى ٌ وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ ّ يەنى ٌ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ رەببىنىڭ ئەتائەتىدىن چىقتى ّ [2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. بۇ ئايەتتە «فَسَقَ» دېگەن سۆز «چىقتى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىدە كەلگەن ٌفاسىقونّ دېگەن سۆز «ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەنلەر» ياكى «توغرا يولدىن ئاداشقانلار» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ

ئەمما ٌفاسىقونّدېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىقلار» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، بۇ سۆزدىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى«پاسىق» دېگەن سۆز ئەسلى مەنىسىدە «بۇزۇلغان»، «چىرىگەن»، «سېسىغان»، «پاسكىنا» دېگەن مەنىلەرنى، كۆچمە مەنىسىدە «ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ [3]. خەلق ئارىسىدا، پاكىزلىققا ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى گۇناھ _ مەئسىيەتنى كۆپ قىلىدىغان ئادەملەر «پاسىقلار» دېيىلىدۇ. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» دىكى ٌفاسىقّ دېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىق» دەپ تەرجىمە قىلماستىن، ئايەتتە كەلگەن ئورنىغا قاراپ كۆپرەك «ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

11. ٌبِالْحَقِّ ّ دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىپ كەلگەن سۆز بولۇپ، ئايەتلەردىكى ئورنىغا قاراپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىدۇ. بەزى ئايەتلەردە «ھېكمەت بىلەن» دېگەن مەنىدە كەلسە، يەنە بەزى ئايەتلەردە ھەقىقەت ئاساسىدا دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن: مۇپەسسىرلەر دۇخان سۈرىسىدىكى ٌ وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَاعِبِينَ. مَا خَلَقْنَاهُمَا إِلَّا بِالْحَقِّ دېگەن ئايەتتە كەلگەن ٌ بِالْحَقِّ ّ دېگەن سۆزگە «ھېكمەت بىلەن»، «مەقسەت بىلەن» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە ٌئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكاردىن - بىكار ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇقّ دەپ مەنە ئېيتقان. يەنى (بىكارغا ياراتمىدۇق، بەلكى ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن ياراتتۇق). ئىسرا سۈرىسىدىكى ٌوَبِالْحَقِّ أَنْزَلْنَاهُ وَبِالْحَقِّ نَزَلَ مجّ [4] دېگەن ئايەتتە ٌبِالْحَقِّ ّ دېگەن سۆزگە «ھەقىقەت ئاساسىدا»، «ھەق بىلەن» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە ٌ بىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدىّ دەپ مەنە ئېيتقان. بىز ئايەتلەرنىڭ سىياقىغا قاراپ بەزىدە «ھېكمەت بىلەن»، بەزىدە «ھەقىقەت ئاساسىدا» دەپ مەنە ئېيتتۇق.

12. ئەرەب تىلىدىكى «العبادة » يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە [5]، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ئىبادەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر [6]. ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. بۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ،

---

[1] «تەپسىرى قۇرتۇبى»1-توم 245-بەتتە، «تەپسىرى ئەل ئەلۇسي» 1-توم210-بەتتە، «تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە»1-توم 155-بەتتە «فسق» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، دەپ تەپسىر قىلىنغان.

[2] كەھف سۈرىسى50-ئايەت.

[3] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 189-بەت.

[4] ئىسرا سۈرىسى :105 _ ئايەت.

[5] «لىسانۇل ئەرەب» 5-توم، 2776- بەت.

[6] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى1-بەت.

ئىبادەتنى ئىسلامدا ۋاقتى، ئادا قىلىش ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قارىتىپ قويغاندا، ئىسلامدا كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەتنىڭ مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن: ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمْ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ [1] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇرۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىبادەتلەر بىز تەرىپلىگەن ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، شۇنداقلا تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» [2]. دېمەك، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭدۇر. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئىبادەت» دېگەن سۆز ناماز، روزا، زاكات، ھەج _ ئۆمرە، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەرنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ۋە بارلىق ئىش _ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئارىسىدا كەلگەن «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆزنى شۇ كەڭ مەنىسى بويىچە چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بۇ تەپسىردە «العبادة» دېگەن سۆزنى ئومۇمەن «ئىبادەت» دەپ تەرجىمە قىلىشنى، كەلگەن ئورنىغا قاراپ بەزى جايلاردا «بەندىچىلىك» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇق.

13. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە ۋە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرغان دىن بولۇپ، ئەقىلنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «قۇرئان كەرىم» دە «العَقْلُ» يەنى«ئەقىل» دېگەن سۆز 49 قېتىم تەكرارلانغان بولسا، ٌ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ً يەنى ُئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ً دېگەن سۆز يەتتە قېتىم تەكرارلانغان. بۇ ئايەت مەشھۇر تەپسىرلەردىمۇ «أَفَلَا تُعمِلُون عُقُولَكُمْ» [3] يەنى «ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالامسىلەر؟» دەپ تەپسىر قىلىنغان. ئەپسۇسكى، «قۇرئان كەرىم» دىكى ُأَفَلَا تَعْقِلُونَ ً دېگەنگە ئوخشىغان كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە «أفلا تفهمون» مەنىسىدە «چۈشەنمەمسىلەر؟» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھەتتا مۇلك سۈرىسىدىكى: ٌ وَقَالُوا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ ً دېگەن ئايەت ٌ ئۇلار«ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى) ئاڭلىغان بولساق ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاختىن بولماس ئىدۇق» دەيدۇ ً [4] دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدىن قانداق مەنە چىقىدۇ، بىلەمسىز؟ بۇنىڭدىن ئەگەر بىز پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنگەن ياكى دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەگەشكەن بولاتتۇق، بۇگۈنكىدەك دوزاخ ئەھلى قاتارىدىنمۇ بولمايتتۇق. دېمەك، پەيغەمبەر بىزگە دىنىنى چۈشەندۈرەلمىگەن، بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ دەۋىتىمۇ بىزگە يەتمىگەن، شۇڭا بىز ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىماي قالغان ئىكەنمىز. شۇڭا بىز ئۆزرىلىكمىز، دېگەن مەنە چىقىپ قالىدۇ. بۇ ئېتىراپ قىلىش بولماي ئۆزرە بايان قىلىش بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئايەتتىن مەقسەت قىلىنغىنى كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئېتىراپىنى بايان قىلىشتۇر. بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىكى ٌ فَاعْتَرَفُوا بِذَنْبِهِمْ ً يەنى ُئۇلار گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى... ً دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتنى ُئۇلار: «ئەگەر بىز (ھەققەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالغان ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن بولماس ئىدۇق» دەيدۇ ً دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزۈم ئەجەبلىنىپ قالغان يەنە بىر ئايەتنىڭ تەرجىمىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ُإِذْ جَعَلَ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ ً دېگەن ئايەت بولۇپ، بۇ ئايەت 1986_ يىلى نەشر قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دە ُكاپىرلار قىزىققانلىقنى –

---

[1] بەقەرە سۈرىسى :23 _ ئايەت.
(2) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ « العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.
[3] «تەپسىرى شەئراۋى» .
[4] مۇلك سۈرىسى :10 _ ئايەت.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ[1] قىزىققانلىقىنى – دىللىرىغا پۈككەن چاغدا...ً دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «قىزىققانلىق» دېگەن سۆز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە : «ئاســـان ئاچچىقلىنىش، ئاچچىقى تېز كېلىشـــتىن ئىبارەت روھى ھالەت» دەپ ئىزاھلانغان[2]. ھالبۇكى، ئايەتتەٌقىزىققانلىقً دەپ تەرجىمە قىلىنغانٌ الْحَمِيَّةَ ً دېگەن سۆزنى ئەرەب تىلىنىڭ مەشھۇر قامۇسى «المعجم الوسيط» دە «گەدەنكەشلىك»، «ھاكاۋۇرلۇق» دەپ شەرھلىگەن. تەپسىرى قۇرتۇبى، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى نەسەفىي قاتارلىق مەشھۇر تەپسىرلەردە بۇ سۆزگە «أَنَفَة» يەنى (گەدەنكەشلىك، ھاكاۋۇرلۇق) دەپ مەنە ئېيتىلغان. تەپسىرى بەيزاۋىيدا «ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن توسىدىغان ھاجىلىيەت ھاكاۋۇرلۇقى» دەپ مەنە ئېيتىلغان. يېڭى تەپسىرلەردىن تەپسىرى مۇيەسسەردە بولسا «گەدەنكەشلىك» دەپ مەنە ئېيتىلغان. ٌ الْحَمِيَّةَ ً دېگەن سۆز ھازىرقى زامان جانلىق ئەرەب تىلىدا «مىللەتچىلىك»، «مۇتەئەسسىپلىك» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ تۈركچە تەرجىمىلىرىدەٌالْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ ً دېگەن ئايەت «taassubu, cahiliye taassubu» يەنى (مۇتەئەسسىبلىكنى جاھىلىيەتنىڭ مۇتەئەسسىبلىكنى) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇنىڭدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى قىلىنغان مەزكۇر تەرجىمىدىكى بۇ يېتەرسىزلىك ئەمدى 2012- يىلى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دە تۈزىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرسەم، ئۇنىڭدا تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا كېمەيتىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلار بۇ كېيىنكى بۇ تەرجىمىدە مەزكۇر ئايەتنى ٌكاپىرلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىزىققانلىقنى دىللىرىغا پۈككەن چاغدا...ً دەپلا تەرجىمە قىلىشۋەتكەن. بۇ تەرجىمىنى قىلغان ئاتالمىش تەرجىمانلار ئۆزلىرىنى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ تەرجىمىسىدىكى «قىزىققانلىق» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىنى ئارتۇق قىلىنغان تەرجىمە دەپ سانىغانمۇ ياكى ئايەتتىكىٌ الْحَمِيَّةَ ً دېگەن سۆزنىڭٌالْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ً دەپ ئىككى قېتىم زىكىر قىلىنغانلىقىنى ئارتۇقچە دەپ ئويلاپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلارٌالْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ً دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىنىڭ تەرجىمىسىنى قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ٌ الْحَمِيَّةَ ً دېگەن سۆزنى «قىزىققانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بىر خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىنى تەرجىمە قىلماسلىق ئارقىلىق يەنە بىر خاتالىق سادىر قىلغان. بىز ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر ئايەتنى:ٌكاپىرلار مۇتەئەسسىپلىكنى _ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكنى _ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا...ً دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

14. دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «اِحْسَان» ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، مۇكەممەل قىلىش، پۇختا ئورۇنداش، بېرىلىپ قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «إحسان» (ئېھسان) دېگەن سۆز ئومۇمەن «تائەت-ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلىش»، «ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن. (الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ) يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر)[3] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى. بۇ سۆز يەنە (وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ) يەنى (ئاللاھ ساڭا ئىنئام قىلغاندەك سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن)[4] دەپ كەلگەندەك «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

مۇپەسسىرلەرمۇ «اِحْسَان» دېگەن سۆزگە «بېرىلىپ قىلىش»، «مۇكەممەل قىلىش» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتلەردە كەلگەن «محسنون» دېگەن سۆزلەرنى «ئىشنى مۇكەممەل قىلغۇچىلار»، «ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى بېرىلىپ قىلغۇچىلار» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىلىرىدە «اِحْسَان» ۋە «محسنون» دېگەن سۆزلەرگە «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ياخشىلىق قىلغۇچىلار»دەپ مەنە ئېيتىلغان. بىز بۇ ئەسەردە مۇپەسسىرلەرنى ئۈلگە قىلىپ ئىش كۆردۇق. «محسنون» دېگەن سۆزنىڭ ئايەتلەردە كەلگەن ئورنىغا قاراپ مەنە ئېيتتۇق. (إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ) يەنى (شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر) [5]، (وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (ئاللاھ (تائەت

---

(1) جاھىلىيەت دەۋرى _ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ.

[2] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 804- بەت.

[3] سەجدە سۈرىسى: 7- ئايەت

4 قەسەس سۈرىسى: 77- ئايەت.

5 نەھل سۈرىسى، 128_ ئايەت.

_ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ) [1] دېگەنگە ئوخشاش.

15. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «الصبر» (سەۋر) دېگەن سۆز چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە رازى بولۇش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر— ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەتتە ۋە ھەق يولىدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. (رَبُّ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ) يەنى «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2]، (وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا) يەنى «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ چىداملىق بولغىن»[3]، (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[4] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

ئىككىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر— ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن»[5]، (وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ) يەنى «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر ئەپۇ قىلساڭلار، بۇ ئەپۇ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[6] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر بۇ مەنىدە كەلگەن.

ئۈچىنچىسى، تەقدىرگە رازى بولۇش

تەقدىرگە رازى بولۇش مەنىسىكى سەۋر— بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر (وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ * الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ)يەنى« ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[7]، (فَاصْبِرْ صَبْراً جَمِيلاً) يەنى «چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن»[8]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدە كەلگەن.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىقى ئۈچ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «الصبر» بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «سەۋر» دېگەن سۆزنىڭ كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن ۋە ھەممىسىنى «سەۋر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بىز بۇ تەرجىمىدە «الصبر» دېگەن سۆزگە ئۇنىڭ ئايەتلەردىكى ئورنىغا قاراپ مەنە ئېيتتۇق.

16. ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى ئايەتلەرنىڭ ئالدىغا قويدۇق. چۈنكى ئايەتلەرگە نومۇر قويۇشتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ قايسى ئايەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن بولۇپ، دىنىمىزدا ئايەتلەرنىڭ نومۇرىنى ئايەتنىڭ تۈگەنجىسىگە قويۇش كېرەك دەيدىغان بىرەر بەلگىلىمە يوقتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللارغا قىلىنغان بارلىق تەرجىمىلىرىدە ھەربىر ئايەتنىڭ نومۇرى

---

1 مائىدە سۈرىسى: 93- ئايەت.
2 مەريەم سۈرىسى: 65- ئايەت.
3 تاھا سۈرىسى: 132- ئايەت.
4 ئال ئىمران سۈرىسى: 200- ئايەت.
5 قاف سۈرىسى: 39- ئايەت.
6 نەھل سۈرىسى: 126- ئايەت.
7 بەقەرە سۈرىسى: 155- ئايەت.
8 مەئارىج سۈرىسى:5- ئايەت.

شۇ ئايەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان، ھەتتا «تەپسىرى مۇيەسسەر» گە ئوخشاش بەزى تەپسىرلەردىمۇ ھەربىر ئايەتنىڭ نومۇرى شۇ ئايەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان.

17. سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى «بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى» دېگەن قىسمى «المختصر في التفسير» ناملىق تەپسىردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

18. ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە، ھازىرقى زامان جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان ياكى سۆز يىلتىزى ئۇيغۇرچە بولمىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، ھەركىم دەرھال چۈشىنەلەيدىغان ۋە سۆز يىلتىزى ئۇيغۇر تىلىدىن بولغان سۆزلەرنى ئىشلەتتۇق. مەسىلەن: خىش _ ئەقرىبا، گۇمراھ، ناگاھان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۇرۇق _ تۇغقان، ئازغۇن، شۇ ھامان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تاللىدۇق.

19. «ف» نىڭ رولى كۆپ بولۇپ، بەزىدە ئىش _ ھەرىكەتنىڭ تەرتىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، بەزىدە ئىش _ ھەرىكەتنىڭ ئارقىدىن بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بەزىدە شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ كەلسە، بەزىدە سەۋەبنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل جۈملىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلسە، بەزىدە ھېچبىر ۋەزىپىسى يوق، ئارتۇق ھەرپ سۈپىتىدە كېلىدۇ. بۇ تەرجىمىدە مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئايەتلەردە كەلگەن «ف» نىڭ مەنىسىنى ئامال بار ئىپادىلەپ چىقىشقا تىرىشتۇق.

ئۈمىدىم شۇكى، جانابى ئاللاھ بۇ ئەرزىمەس خىزمىتىم بىلەن ئىزگۈ نىيىتىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، مېنى ۋە ئاتا-ئانامنى ھەر ئىككى ئالەمدە ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر قىلسا...

— مۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرىيە 1440-يىلى 29-رەبىئۇل ئەۋۋەل.

مىلادىيە 2018-يىلى 7-دېكابىر، جۈمە.

سەئۇدى ئەرەبىستان—جىددە.

# فاتىھە سۈرىسى

فاتىھە سۈرىسى مۇددەسسىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە نازىل بولغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپى بويىچە بىرىنچى سۈرىسى بولغانلىقتىن، «ئاچقۇچى»، «باشلىغۇچى»، «مۇقەددىمە» دېگەن مەنىدە «الفَاتِحَة _ ئەل فاتىھە» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ مەقسىتى: مۇئمىنلەرنى ۋايىغا يەتكەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

1 _ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

2 _ جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

3 _ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

4 _ ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.

5 _ (ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنىلا مەدەت تىلەيمىز.

6 _ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

7 _ سەن ئىنئام قىلغان، غەزەپكە ئۇچرىمىغان ۋە (توغرا يولدىن) ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (باشلىغىن).

## بەقەرە سۈرىسى

بۇ سۈرىنىڭ 281 _ ئايىتى «ھەججەتۇل ۋەدا»[1] كۈنىدە مىنادا[2]، قالغان ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان، جەمئىي 286 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام ئۈممىتىنى ھەق دىننى بەرپا قىلىشقا ۋە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشكە تەييارلاش، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى، ئىمانىنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بۇ خىلدىكى ھەرپلەر قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ، قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ).

2 _ بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا[3] يېتەكچىدۇر.

3 _ ئۇلار غەيبكە[4] ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

4 _ ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىشىنىدىغان ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

5 _ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ توغرا يولىدا ماڭغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېنىقكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى[5] ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

7 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن، ئۇلارغا چوڭ بىر ئازاب بار.

8 _ بەزىبىر ئادەملەر باركى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىشەنمەي تۇرۇپ «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق» دەپ قويۇشىدۇ.

9 _ ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇيماستىن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.

10 _ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئېيتىۋاتقان يالغانلىرى سەۋەبلىك ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

11 _ ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز پەقەتلا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ.

12 _ بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن (بۇنى) ئۆزلىرى تۇيمايدۇ.

13 _ ئۇلارغا: «سىلەرمۇ كىشىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئەخمەقلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەخمەقلەردۇر، لېكىن ئۇلار (بۇنى) بىلمەيدۇ.

14 _ ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان ئادىمىي) شەيتانلىرى

---

(1) ھەججەتۇل ۋەدا _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەجنى كۆرسىتىدۇ.

(2) مىنا — مەككىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، مەسجىدى ھەرەمدىن تەخمىنەن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ۋادىنىڭ نامى.

(3) تەقۋادار _ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئاللاھتىن قورققۇچى دېگەنلىكتۇر.

(4) غەيب _ سەزگۈ ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئالەم دېمەكتۇر. ئۇ «مېتافىزىكا ئالىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(5) «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار» دېگەن ئايەتتىن ئۆزىگە ھەق دىننىڭ دەۋىتى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋشقا بەل باغلىغان كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۇشۇ ئايەت چۈشۈشتىن 12 يىل ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان كافىرۇن سۈرىسىدىكى ﴿وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ﴾ يەنى ﴿سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن كاپىرلارغا ئوخشاش كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا قارىتىلغان ئايەتتۇر. يەنە بىر مەسىلە، بۇ ئايەتتىكى ﴿بەرىبىر﴾ دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى شۇ كاپىرلار ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى كىمنىڭ ئىمان ئېيتىدىغان ۋە كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت (ئىمان ئېيتقانلارنى) مەسخىرە قىلىشۋاتىمىز» دەيدۇ.

15 _ ئاللاھ ئۇلارغا (مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ) جازاسىنى بېرىدۇ ۋە ئۇزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق (پاتقاقلىرى)دا تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلار بولسا تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ.

16 _ ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، ئازغۇنلۇقنى سېتىۋالغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى.

17 _ ئۇلار گوياكى (قاراڭغۇ كېچىدە) مەشئەل[1] ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، مەشئەل ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يورۇقلۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالدۇردى، ئۇلار (ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدۇ.

18 _ ئۇلار گاستۇر (ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (ھەق سۆزنى قىلمايدۇ)، كوردۇر (توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (ئازغۇنلۇقىدىن) قايتمايدۇ.

19 _ ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

20 _ چاقماق ئۇلارنى كۆز نۇرىدىن ئايرىپ قويغىلى تاس قالىدۇ، چاقماق ئۇلارغا ھەربىر يورۇق چۈشۈرگىنىدە، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. (چاقماق ئۆچۈپ) قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

21 _ ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار[2] ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار[3].

22 _ ئۇ سىلەرگە زېمىننى سېلىنچا ۋە ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، سىلەرگە يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا، سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

23 _ ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد)گە نازىل قىلغان قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنسان سۆزىدۇر دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.

24 _ ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار _ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر _ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

25 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ھەر قېتىم جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا (كۆرۈنۈشتە دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە) ئوخشايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بار، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

26 _ شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى

---

(1) بۇ ئورۇندىكى «نَار» يەنى «ئوت» دېگەن سۆزدىن مەشئەل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى ئوت ئىسسىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يورۇقلۇق ھاسىل قىلىپ يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن يېقىلغان ئوتتۇر.

(2) ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ﴿تَتَّقُونَ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ساقلىنىش»، «قوغدىنىش»، ۋە «قورقۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ئۇنى بۇ ئورۇندا «ساقلىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

(3) بۇ يەردىكى ئىبادەت _ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ؛ بۇ مىسال بىلەن پەقەت پاسىقلارنى ئازدۇرىدۇ.

27 _ (ئۇ) پاسىقلار ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

28 _ (ئى كاپىرلار!) ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ جانسىز ئىدىڭلار، ئۇ سىلەرگە ھايات بەخش ئەتتى، كېيىن جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

29 _ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان، ئاندىن ئاسمانغا يۈزلىنىپ، ئۇنى نۇقسانسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىغان زاتتۇر. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

30 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (ئىنسان)نى ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇلۇغلايمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.

31 _ ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «(ئورۇنباسارلىققا ئادەمدىن بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى.

32 _ پەرىشتىلەر: «(ئى رەببىمىز!) بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

33 _ ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى شەكسىز بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم؟» دېدى.

34 _ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

35 _ بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن! سىلەر جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ _ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق.

36 _ شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقارغۇزۇۋەتتى. بىز (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا): «بىر _ بىرىڭلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە سىلەرگە ۋاقىتلىق يەرلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بار» دېدۇق.

37 _ ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (ۋە تەۋبە قىلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

38 _ بىز (ئۇلارغا) «ھەممىڭلار جەننەتتىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن ھىدايەت كەلگەن چاغدا، مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەنلەرگە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق.

39 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

40 _ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار)، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار.

41 _ مەن قولۇڭلاردىكى (تەۋرات)نى ئېتىراپ قىلغۇچى قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى

بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى (بۇرمىلاپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.

42 _ ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار.

43 _ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، (ئاللاھقا) رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.

44 _ كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

45 _ (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولۇش ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. شەكسىزكى، ناماز ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغان كىشىلەردىن باشقىسىغا ئېغىر كېلىدۇ [1].

46 _ (ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغانلار) رەببى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

47 _ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

48 _ كىشى كىشىگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

49 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى پىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق. ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) ھايات قالدۇراتتى. (بېشىڭلارغا كەلگەن) ئاشۇ ئىشتا رەببىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى بار ئىدى.

50 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى سىلەر ئۈچۈن يېرىپ (يول ئېچىپ) سىلەرنى قۇتقۇزغان ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلغان ئىدۇق.

51 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز مۇساغا قىرىق كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى بېرىشنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالغان ئىدىڭلار.

52 _ شۇنىڭدىن كېيىن، (ئەقىل تېپىپ) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بىز سىلەرنى ئەپۇ قىلغان ئىدۇق.

53 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتاب (تەۋرات)نى بەرگەن ئىدۇق.

54 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلىرىڭلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. (سىلەر بۇنى ئورۇندىدىڭلار) شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

55 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار _ دە، سىلەر قاراپ تۇرغاندا سىلەرنى چاقماق سوقتى.

56 _ ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق.

57 _ بىز سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىپ: «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەڭلار» (دېدۇق). ئەمما ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىپ) بىزگە ئەمەس، لېكىن ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى.

---

(1) ئايەتتە كەلگەن «خاشعين» دېگەن سۆز «خشوع» نىڭ پائىل شەكلى بولۇپ، قەلبى ئاللاھ تائالاغا مەھكەم باغلانغان ۋە كۆڭلى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرغاننى ئىپادىلەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى قورقۇش مەنىسىدە تەپسىر قىلىدۇ.

58 _ ئۆز ۋاقتىدا (ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە (بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار، ‹(ئى رەببىمىز!) بىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار)، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (ئىشنى) مۇكەممەل[1] قىلغۇچىلارغا (مۇكاپاتىنى) ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدۇق.

59 _ (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق.

60 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر ئايماق ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق).

61 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (شۇنچە ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلىنىپ تۇرۇپ): « ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يېمەكلىك بىلەن ھەرگىز تۇرالمايمىز، سەن بىز ئۈچۈن رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىنىنىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېگەن ئىدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچىمسىلەر؟ (ئۇنداقتا) سىلەر شەھەرگە كىرىڭلار، تىلىگىنىڭلار (شۇ يەردە) بار» دېدى. ئۇلار خارلىققا، موھتاجلىققا مەھكۇم قىلىندى. ئاللاھ تەرەپتىن غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ يەنە ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى.

62 _ شەكسىزكى، (بۇ ئۈممەت ئىچىدىكى) مۆئمىنلەرگە ۋە يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار، سابىئىيلەر[2] ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ.

63 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويۇپ، سىلەرگە: «(ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق).

64 _ شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ۋەدەڭلاردىن يېنىۋالدىڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار.

65 _ ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى چەكلىمىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى) سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەن ئىدۇق.

66 _ بىز بۇ جازانى ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەت قىلدۇق.

67 _ (قاتىلى نامەلۇم بىر جىنايەت سادىر بولغان) بىر ۋاقىتتا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «سەن بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «(مەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ) نادانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

68 _ ئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، رەببىڭ بىزگە ئۇنىڭ قانداق (كالا) ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بەرسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى چوقۇم قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى.

69 _ ئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ئۇ كالىنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى».

---

(1) ئايەتتىكى ﴿الْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن سۆز ﴿الْإِحْسَانِ﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېھسان _ ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەرتىۋىسىدۇر.

(2) سابىئىيلەر _ پەرىشتىلەر بىلەن يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

70 _ ئۇلار: «بىز ئۇچۇن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق كالا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلسۇن، بىز قانداق كالا بوغۇزلايدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. (ئېنىق بولغاندىن كېيىن) ئاللاھ خالىسا، بىز ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمىز» دېيىشتى.

71 _ مۇسا: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەشكە، زىرائەت سۇغىرىشقا كۆندۈرۈلمىگەن، بېجىرىم، رەڭگىدە ئالىسى يوق كالا بولسۇن دەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، ئۇلار بۇنى ئورۇندىيالمىغىلى تاس قالغان ئىدى

72 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بۇنى بىر _ بىرىڭلارغا دۆڭگەشكەن ئىدىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر يوشۇرغاننى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر.

73 _ (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە (مۇشۇنداق) كۆرسىتىدۇ.

74 _ شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، ئۇ تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتتى. ھالبۇكى، تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ، (يۇقىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

75 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن تۇرسا، يەنە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟

76 _ ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. بىر _ بىرى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا بولسا: «ئىمان ئېيتقانلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىزگە قارشى پاكىت قىلىپ كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە (تەۋراتتا) بىلدۈرگەنلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتامسىلەر؟ (بۇنىڭغا) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دەيدۇ.

77 _ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

78 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بىلمەيدىغان، پەقەت ئويدۇرمىلارغىلا قۇلاق سالىدىغان، خىيالغىلا تايىنىدىغان ساۋاتسىزلىرىمۇ بار.

79 _ كىتابنى ئۆز قولى بىلەن (ئۆزگەرتىپ) يېزىپ، ئاندىن ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەت بەدىلىگە سېتىۋېتىش ئۈچۈن «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغاندۇر» دېگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! قولى بىلەن يېزىۋالغان نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! (بۇ ئارقىلىق) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

80 _ ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) دېگىنكى، «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟ (ئەگەر ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟».

81 _ ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس. كىمىكى گۇناھ قىلىدىكەن ۋە گۇناھقا پېتىپ كېتىدىكەن، مۇنداقلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

82 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەت ئەھلىدۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

83 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا _ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (شۇنداق) يېنىۋالىسىلەر.

84 _ ئۆز ۋاقتىدا بىر _ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر _ بىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، (بۇنىڭغا) ئۆزۈڭلارمۇ گۇۋاھ.

85 _ كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر _ بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئاراڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ كەلگەندە بولسا، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى. سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ (شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى) سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا بولۇش، قىيامەت كۈنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

86 _ ئەنە شۇلار ئاخىرەتلىكنى بېرىپ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا (ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن) ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.

87 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ئىلاھىي كىتابنى بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىيساغا مۆجىزىلەرنى بەردۇق ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىل) بىلەن قۇۋۋەتلىدۇق. ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ (پەيغەمبەرلەردىن) بىر قىسمىنى يالغانچى دېدىڭلار، يەنە بىر قىسمىنى ئۆلتۈردۈڭلار.

88 _ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار): «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلىنىپ قالغان» دېدى. ئەكسىچە، ئۇلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىدى، شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ (يەنى تولۇق ئىمان ئېيتمايدۇ).

89 _ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا قولىدىكى (تەۋرات)نى ئېتىراپ قىلىدىغان كىتاب (قۇرئان) كەلگەن چاغدا (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)، ئىلگىرى ئۇلار (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاسىتە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بۇ پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ لەنىتى (مۇشۇنداق) كاپىرلارغا بولىدۇ.

90 _ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان بىرىگە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقىغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)نى ئىنكار قىلىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى _ ئۈستىگە غەزەپكە ئۇچرىدى. بۇ كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاپ بار.

91 _ ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئانغا) غا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (تەۋرات)قا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن (قۇرئان)نى ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچى ھەق كىتابتۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن.

92 _ مۇسا سىلەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن) دىن كېيىن سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار.

93 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلىگەن ۋە : «بىز ئاتا قىلغان (تەۋرات)نى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە (ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتكە) قۇلاق سېلىڭلار» دەپ سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. ئۇلار: «قۇلاق سالدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن، دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنە؟» دېگىن.

94 _ ئۇلارغا دېگىنكى: «ئەگەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاخىرەت يۇرتى ئىنسانلاردىن يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا ۋە (شۇ گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!».

95 _ ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ (بۇنداق) زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

96 _ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ

قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

97 _ ئېيتقىنكى، «كىمكى جىبرىلغا دۈشمەن بولىدىكەن (ئۇ ئاللاھقا دۈشمەن بولغان بولىدۇ)، ھەقىقەتەن جىبرىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى، ھىدايەت يېتەكچىسى ۋە مۇئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە چۈشۈردى.

98 _ كىمكى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، جىبرىلغا، مىكائىلغا دۈشمەن بولىدىكەن، ئاللاھمۇ (ئۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم دۈشمەن تۇتىدۇ».

99 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

100 _ (يەھۇدىيلار) ھەر قاچان بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنغا) ئىشەنمەيدۇ.

101 _ ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قولىدىكى كىتابنى ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (خۇددى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابى (بولغان تەۋرات)نى ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ.

102 _ ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان كاپىر بولمىدى (يەنى سېھىرگەرلىك قىلمىدى)، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىرنى، شۇنداقلا بابىل (شەھىرى) دىكى ھارۇت، مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) «بىز (نىڭ ئەۋەتىلىشىمىز) پەقەتلا بىر سىناق، ھەرگىز كاپىر بولۇپ كەتمىگىن» دېمەي تۇرۇپ، ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) بۇ ئىككىسىدىن ئەر _ ئايالنى بىر _ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان سېھىر نېمىدېگەن يامان! ئەگەر ئۇلار (ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) بىلسە ئىدى (سېھىر ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلمىغان بولاتتى).

103 _ ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھتىن قورققان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات (سېھىرگەرلىكتىن تاپقان مال _ دۇنيادىن) ئەلۋەتتە ياخشى (بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن) بولاتتى. ئۇلار (ئىماندىن ۋە ئاللاھتىن قورقۇشتىن كېلىدىغان مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى).

104 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (پەيغەمبەرگە) «رائىنا» [1] دەپ خىتاب قىلماي، «ئۇنزۇرنا» دەپ خىتاب قىلىڭلار، (ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار! كاپىرلارغا دەردلىك ئازاب بار.

105 _ ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ رەھمىتىنى خالىغان بەندىسىگە خاس قىلىدۇ. ئاللاھ بۈيۈك پەزل ئىگىسىدۇر.

106 _ بىز قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ياخشىراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. سەن ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

107 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ياكى مەدەتكار يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

108 _ ياكى ئىلگىرى (يەھۇدىيلار) مۇساغا تەلەپ قويغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلارغا تەلەپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشىدىكەن، ئۇ راستتىنلا توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

---

(1) رائىنا _ يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانى تىلدا ھاقارەت مەنىسىنى، ئەرەب تىلىدا بولسا «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەرگە مۇنداق ئىككى مەنىلىك سۆزنى ئىشلەتمەي، ئەرەبچىدە «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەن بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇنزۇرنا» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان.

109 _ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئىچ _ ئىچىدىن ھەسەت قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ (ئۇلار ھەققىدىكى) پەرمانى كەلگەنگە قەدەر، سىلەر يەنىلا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

110 _ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم تاپىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

111 _ يەھۇدىيلار: «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى؛ خىرىستىيانلارمۇ «خىرىستىيان بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» دېگىن.

112 _ ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلەندىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇنداق كىشىلەرگە ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ.

113 _ يەھۇدىيلار: «خىرىستىيانلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. خىرىستىيانلارمۇ: «يەھۇدىيلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خىرىستىيانلار ئىنجىلنى) ئوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. (ۋەھيى[1] ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيدىغانلارمۇ [2] بىر _ بىرى ھەققىدە ئۇلار دېگەندەك (بىزدىن باشقىلار توغرا دىندا ئەمەس) دېدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

114 _ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇ مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئەنە شۇلار مەسجىدلەرگە پەقەت (ئاللاھتىن) قورققان ھالدىلا كىرسە بولاتتى. ئۇلارغا دۇنيادا رەسۋالىق، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

115 _ مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسىدۇر). شەكسىزكى، ئاللاھ (مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

116 _ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېدى. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ (بۇ تۆھمەتتىن) پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.

117 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئۇ بىرەر ئىشنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت «بول!» دەيدۇ _ دە، ئۇ بولىدۇ.

118 _ بىلمەيدىغانلار (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى): «ئاللاھ بىز بىلەن سۆزلەشسە ياكى بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلسە بولمامتى؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر _ بىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن بىز ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

119 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. دوزاخقا كىرىدىغانلارغا سەن جاۋابكار ئەمەسسەن.

120 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە، ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «پەقەت ئاللاھنىڭ يولىلا توغرا يولدۇر». ساڭا (قۇرئاندىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، سېنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ.

121 _ بىز كىتاب بەرگەنلەر (ئىچىدىن بەزى مۇئمىنلەر) كىتابنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىمكى

[1] ۋەھيى _ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن تەلىماتى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىدۇر. ھەدىسمۇ ۋەھيى سانىلىدۇ. چۈنكى ھەدىسنىڭ لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن.
(2) بىلمەيدىغانلاردىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

122 _ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

123 _ سىلەر ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچكىمدىن فىدىيە (قۇتۇلۇش پۇلى) قوبۇل قىلىنمايدىغان، شاپائەت پايدا بەرمەيدىغان ۋە كاپىرلارغا ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

124 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى رەببى بىر قانچە پەرمان بىلەن سىنىدى، ئىبراھىممۇ ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئىدى. ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم ئىنسانلارغا پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ ئەۋلادىم ئىچىدىنمۇ (پېشۋالارنى چىقارساڭ) » دېدى. ئاللاھ: «(سېنىڭ نەسلىڭدىن بولسىمۇ، يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار مېنىڭ بۇ ۋەدەمگە ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

125 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان ئورۇن ۋە ئامان جاي قىلىپ بەرگەن ۋە (ئۇلارغا) ماقامى ئىبراھىمنى[1] ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىڭلار، دېگەن ئىدۇق. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: «مېنىڭ ئۆيۈم (كەئبە)نى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇدۇق.

126 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! بۇ شەھەر (مەككە) نى تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (بۇ مېۋىلەردىن) ئازغىنە مۇددەت بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخ ئازابىغا مەجبۇرلايمەن» دېدى. (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت-ھە!

127 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى سېلىۋېتىپ: «ئى رەببىمىز! (بۇ ئەمەلىمىزنى) بىزدىن قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (بەندىلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن.

128 _ ئى رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەج ئىبادىتىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

129 _ ئى رەببىمىز! بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان، كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. چۈنكى سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

130 _ ئۆزىنى ئۆزى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەكسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ.

131 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا: «سەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىن» دېگەندە، ئۇ: «ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن ئىدى.

132 _ ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىن (ئىسلام)نى تاللىدى، شۇڭا سىلەر پەقەت مۇسۇلمان ھالىتىڭلار بىلەنلا ئۆلۈڭلار» دېدى.

133 _ (ئى يەھۇدىيلار!) يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا _ بوۋىلىرىڭ _ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى.

134 _ ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر.

135 _ يەھۇدىيلار: «يەھۇدىي بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېدى؛ خىرىستىيانلارمۇ:

---

(1) مەقامى ئىبراھىم _ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغاندا ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ ئورنىدۇر (تەپسىر جەلالەين) .

«خىرىستىيان بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن: «ياق! بىز توپتوغرا يولدا بولغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن.

136 _ (ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا) ئېيتىڭلاركى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋرات)قا، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىل)غا، پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن (ۋەھيىلەر)گە ئىمان ئېيتتۇق، (بىز ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

137 _ ئەگەر ئەھلى كىتاب سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، ئەلۋەتتە، (سىلەر بىلەن) ئىختىلاپ ئىچىدە بولغان بولىدۇ، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قارشى) ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

138 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ «بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز» (دەڭلار).

139 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق بىز بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ بىزنىڭمۇ رەببىمىز، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا ئىخلاس (بىلەن تائەت _ ئىبادەت) قىلغۇچىلارمىز؛

140 _ ياكى سىلەر ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى دەمسىلەر؟» ئېيتقىنكى، «(بۇنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھمۇ؟ قولىدىكى ئاللاھتىن (كەلگەن) بىر گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

141 _ ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر.

## ئىككىنچى پارە

142 _ بەزى ئەخمەق كىشىلەر «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس)دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».

143-شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەر (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىشىلەرگە (دىننى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىننى) سىلەرگە (تولۇق يەتكۈزنگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان تەرەپ (بەيتۇلمۇقەددەس)نى (دەسلەپتە) قىبلە قىلغانلىقىمىز (ئاندىن سېنى ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەئبىگە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغانلىقىمىز)، پەقەت پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى (دىندىن) يېنىۋالغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر. (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

144 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنىڭ (كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا _ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا ئەمدى بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. شەكسىزكى، (ئىلگىرى ئۆزلىرىگە) كىتاب بېرىلگەنلەر قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەستۇر.

145 _ (ئى پەيغەمبەر!) كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە ئەگەشمەيدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيسەن؛ ئۇلار ھەم ئۆزئارا بىر _ بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدۇ. ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

146 _ بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.

147 _ بۇ ھەقىقەت رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر. سەن ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

148 _ ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس _ بەستە قىلىڭلار. قەيەردە بولۇڭلار، (ئاخىر) ئاللاھ ھەممىڭلارنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

149 _ قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن؛ بۇ راستتىنلا رەببىڭدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەستۇر.

150 _ (ئى پەيغەمبەر!) قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىنسانلارغا سىلەرگە قارشى دەلىل _ ئىسپات بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سىلەرمۇ قەيەردە بولۇڭلار، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى) دەلىل قىلىۋالىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن قورقماي، مەندىن قورقۇڭلار. (مېنىڭ قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغانلىقىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر.

151 _ شۇنىڭدەك (يەنى كەئبىنى قىبلە قىلىپ، نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك)، ئاراڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى پاك قىلىدىغان، سىلەرگە قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.

152 _ مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، تۇزكورلۇق قىلماڭلار.

153 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بارچە مۇسىبەتلەرگە) سەۋر قىلىش ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

154 _ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار، ئەكسىچە، ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر (بۇنى) سەزمەيسىلەر.

155 _ 156_ ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچارچىلىق بىلەن ۋە پۇل _ ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان _ زەخمەت بىلەن ئەلۋەتتە سىنايمىز. ئۇزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن.

157 _ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.

158 _ شەكسىزكى، سافا بىلەن مەرۋە (ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش) ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ) مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

159 _ بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىل ۋە ھىدايەت يولىنى كىتابتا ئىنسانلارغا ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بەرگىنىمىزدىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ ۋە (لەنەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان) بارچە مەۋجۇدات لەنەت قىلىدۇ.

160 _ پەقەت تەۋبە قىلغان، (بۇزغانلىرىنى) تۈزەتكەن ۋە (يوشۇرغانلىرىنى) ئاشكارا بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەن ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىبانمەن.

161 _ شەكسىزكى، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر__ ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

162 _ ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

163 _ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر لا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

164 _ شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، قاقاس زېمىننى جانلاندۇرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان _ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.

165 _ بەزى ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ. ھالبۇكى، ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر. زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا (بىلگەنگە ئوخشاش) پۈتۈن كۈچ _ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى (بۇ دۇنيادا) بىلسە ئىدى (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيتتى).

166 _ ئاشۇ ۋاقىتتا (دوزاخنىڭ يولىغا باشلىغان) باشلامچىلار ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن بىراقلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلىدۇ.

167 _ ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە دۇنياغا قايتىشقا مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇلار بىزنى تاشلاپ كەتكەندەك، بىزمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ ھەسرەت _ نادامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقالمايدۇ.

168 _ ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

169 _ شەيتان سىلەرنى پەقەت يامانلىققا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ نامىدىن ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ.

170 _ ھەر قاچان ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار «ياق، بىز ئاتا _ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، (يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟).

171 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە ئاۋازنىلا ئاڭلىغان ھايۋانلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. (چۈنكى ئۇ كاپىرلار) گاستۇر، گاچىدۇر ۋە كوردۇر. شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

172 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار.

173 _ ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى ھارام قىلدى. كىمكى (بۇ نەرسىلەردىن) ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا) يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

174 _ شەكسىزكى، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب (تەۋرات)تىن بىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋېتىدىغانلار _ ئەنە شۇلار قارنىغا پەقەت ئوتنىلا يەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

175 _ ئەنە شۇلار ھىدايەت بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى، مەغپىرەت بەدىلىگە ئازابنى سېتىپ ئالغانلاردۇر. ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدىگەن چىداملىق _ ھە!

176 _ بۇ (قاتتىق ئازابنىڭ كېلىشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ كىتاب (تەۋرات)نى ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى ھەقىقەتنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى). بۇ كىتاب توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلغۇچىلار (ھەقىقەتتىن تولىمۇ) يىراق بىر تالاش _ تارتىش ئىچىدىدۇر.

177 _ سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، پۇل _ مالنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل _ مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە جىھادقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار كىشىلەردۇر.

178 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن(قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى(يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىق بىلەن بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن (يەنى دىيەتنى بەرگەندىن) كېيىن (قاتىلغا) ھۇجۇم قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار.

179 _ ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار [1]. (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس بەلگىلەندى).

180 _ ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال _ دۇنيا قالدۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق _ تۇغقانلىرىغا ئادالەت بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى پەرز قىلىندى [2]. بۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۈستىدىكى تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

---

(1) يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلگەن ئادەم قاتىللىقتىن ساقلىنىدۇ.
(2) بۇ ئايەتتە پەرز قىلىنغان ۋەسىيەت مىراس ئايىتىنىڭ چۈشۈشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«ۋارىسقا ۋەسىيەت قىلىش يوق» دېگەن ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالغان.

181 _ ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

182 _ كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكنى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچى بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ [1]. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

183 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىقتا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.

184 _ (رامىزان روزىسى) ساناقلىق كۈنلەردىدۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتالمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (تۇتالمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن) بىر يوقسۇلنى تويغۇزغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى (فىدىيەنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (تۇتماي فىدىيە بەرگەندىن) ياخشىدۇر.

185 _ رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان ئايدۇر. سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن؛ كىم كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، (تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (بۇلارنىڭ ھەممىسى رامىزان كۈنلىرىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

186 _ (ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن.

187 _ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر. ئاللاھ سىلەرنىڭ (رامىزان كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلىشىپ) ئۆزۈڭلارغا خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى ۋە تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (رامىزان كېچىلىرىدىمۇ) يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان (پەرزەنت) نى تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. ئاللاھ ئىنسانلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن دەپ، ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

188 _ بىر _ بىرىڭلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىدىن بىر قىسمىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار.

189 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھىلال ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (ئۆز ئىشلىرىنىڭ) ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەش ۋاسىتىسىدۇر». ياخشىلىق (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ئەمەس، لېكىن ياخشىلىق (گۇناھتىن) ساقلانغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدۇر. سىلەر ئۆيلەرگە ئىشىكىدىن كىرىڭلار، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

190 _ سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تاجاۋۇز

---

(1) ۋەسىيەت قىلغۇچى مال- دۇنياسىدىن ئۈچىنىڭ بىرىدىن ئېشىپ كەتمىگەن مىقدارىنى ۋەسىيەت قىلىش ھەققى بار، بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان ئادەم ۋارىسلىرىنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا بۇيرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىقىدۇ. شۇڭا بۇنى بىلگەنلەر ئىككى تەرەپنى ياخشىلاپ قويسا گۇناھ بولمايدۇ، بەلكى ساۋاب بولىدۇ.

قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

191 _ ئۇلارنى (ئۇرۇشتا) تۇتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار. پىتنە[1] ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. تاكى ئۇلار ئۆزى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ.

192 _ ئەگەر ئۇلار (ئۇرۇشتىن ۋەكاپىرلىقتىن) ۋاز كەچسە، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

193 _ تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن ۋە دۈشمەنلىكتىن) ۋاز كەچسە، زالىملاردىن باشقىسىغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

194 _ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلىقىنىڭ جازاسىدۇر). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بىر-بىرى بىلەن تەڭدۇر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋە جايلارنى دەپسەندە قىلغانلار قىلمىشىنىڭ ئوخشىشى بىلەن جازالىنىدۇ). كىم سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

195 _ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ۋە پۇل-مال سەرپ قىلىشنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

196 _ ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنداڭلار، ئەگەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، قۇربانلىققا (يارايدىغان چارۋىلاردىن) نېمىنى تاپالىساڭلار، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىدىغان مال بەلگىلەنگەن جايغا يەتمىگۈچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ (ئېھرامدا تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۈشكە مۇھتاج بولۇپ قالسا)، (ئۈچ كۈن) روزا تۇتۇش، ياكى (ئالتە مىسكىنگە ھەربىرىگە يېرىم سادىن) سەدىقە بېرىش، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلىش بىلەن فىدىيە ئادا قىلسۇن. ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم قۇربانلىقتىن نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قىلسۇن. قۇربانلىق تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، بۇ تولۇق ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ ھۆكۈم مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (مەككىدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ قاتتىقتۇر.

197 _ ھەج (ۋاقتى) مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل _ ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلا ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، (ھەج سەپىرىڭلارغا يەتكۈدەك) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، شەكسىزكى، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋالىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار.

198 _ رەببىڭلاردىن (ھەج مەزگىلىدە تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرۇلھەرامدا (مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار. شەكسىزكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇنلاردىن ئىدىڭلار.

199 _ ئاندىن كېيىن، سىلەر كىشىلەر قايتقان جاي (ئەرەفات)دىن قايتىڭلار، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

200 _ سىلەر ھەجگە خاس ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا _ بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. مۇنداق ئادەمگە ئاخىرەتتە

(1) «الفتنة» (پىتنە) دېگەن سۆز بۇ ئورۇندا كىشىلەرنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. (تەپسىرى زەمەخشەرىي)

(مۇكاپاتتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر.

201 _ بەزى كىشىلەر «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ.

202 _ ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر.

203 _ ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە، ھەر نامازنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. (مىنادا قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىن) ئىككى كۈن تۇرۇپ ئالدىراپ قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

204 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداق (مۇناپىق) ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ (ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەن تۇرۇپ دىلىدىكى نەرسىگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ.

205 _ ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ.

206 _ ئۇنىڭغا «ئاللاھتىن قورققىن» دېيىلگەن ھامان، تەكەببۇرلۇقى تۇتۇپ گۇناھقا پاتىدۇ. بۇنداق ئادەمگە دوزاخ يېتەرلىكتۇر. دوزاخ بەكمۇ يامان جايدۇر.

207 _ بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر.

208 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار. شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

209 _ سىلەرگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن، (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر (سىلەرنى جازالاشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

210 _ ئۇلار (يەنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلار) پەقەت ئاللاھنىڭ (قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) بۇلۇتلارنىڭ سايىسى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (ھۆكۈم چىقىرىلىپ) ئىشنىڭ پۈتۈشىنىلا كۈتىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

211 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. كىمكى ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

212 _ كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. (شۇڭا) ئۇلار ئىمان ئېيتقانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

213 _ ئىنسانلار بىر دىندا ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى كاپىر بولۇپ ئىختىلاپلاشتى)، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى كىتابنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) لا ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك قىلىشىپ، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە (ئۇ يەھۇدىيلار) بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

214 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئاغرىق - سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.

215 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن قانداق نەرسىنى (كىمگە) سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، مال _ مۈلۈكۈڭلاردىن قانداق نەرسىنى سەرپ قىلساڭلار، ئۇنى ئاتا _ ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا ۋە يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ.

216 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇرمىساڭلارمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

217 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن: «ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناهتۇر؛ (ئەمما كىشىلەرنى) ئاللاهنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاهقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى هەرەمدىن توسۇش ۋە مەسجىدى هەرەم ئاهالىسىنى هەيدەپ چىقىرىش ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناهتۇر. پىتنە (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناهتۇر». ئۇلار قولىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوزاخ ئەهلىدۇر ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

218 _ شۈبهىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، هىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلغانلار __ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاهنىڭ رەهمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر.

219 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇنىڭ هەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار ۋە كىشىلەرگە ئازغىنە نەپمۇ بار، لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ نەپكە قارىغاندا بەك چوڭدۇر»[1]. ئۇلار يەنە سەندىن قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «ئېهتىياجدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار» دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلەرنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

220 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (خالىسانە تەربىيەلەپ، ماللىرىنى كۆپەيتىپ) ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تولىمۇ ياخشىدۇر. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، (يېيىش - ئىچىش، كەسىپ ۋە تىجارەتتە ئۆزۈڭلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ياشىساڭلار سىلەرگە هېچ گۇناھ يوقتۇر) چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، (ئارىلىشىپ ياشاشنى چەكلەپ) سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالغان بولاتتى». ئاللاھ هەقىقەتەن غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

221 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاهىڭلارغا ئالماڭلار. مۇشرىك ئايال سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن دېدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە (مۇئمىن ئاياللارنى) ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەرلەر ۋە ئاياللار) سىلەرنى دوزاخقا باشلايدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، ئىنسانلار ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

222 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن هەيز (مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش) توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا هەيز مەزگىلىدىكى ئاياللاردىن يىراق تۇرۇڭلار. (هەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ كۆپلەپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

223 _ ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار

(1) بۇ ئايەت هاراق بىلەن قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان.

ئۇچۇن (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن.

224 _ سىلەر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەمڭلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، تەقۋادار بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە توسالغۇ قىلىۋالماڭلار. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

225 _ مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئەمما قەستەن ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئاللاھ ئىنتايىن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

226 _ ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتۈشى كېرەك؛ ئەگەر ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا (يېقىنچىلىق قىلىش بىلەن قەسىمىدىن) قايتسا، (شۇنى ياخشى بىلسۇنكى)، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

227 _ ئەگەر ئۇلار (ئاياللىرىنى) تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، (شۇنىمۇ ياخشى بىلسۇنكى)، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

228 _ تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ (1). ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (راستتىنلا) ئىشىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسە (تۆرەلمە ياكى ھەيز)نى يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار. ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

229 _ (يارىشىۋېلىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (ئايالنى) ياخشىلىق بىلەن تۇتۇش، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھنىڭ (ئەر _ ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولمىسىلا، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى[2] ئۈچۈن) بەرگەن پۇل _ مېلىڭلاردىن بىرەر نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئەر _ ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ (ئەر _ ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولسا، ئايال ئاجرىشىش ئۈچۈن (ئېرىگە) بىر نەرسە بەرسە، ھەر ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.

230 _ ئەگەر ئەر ئايالىنى (ئۈچىنچى قېتىم) يەنە تالاق قىلسا، ئۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئەگەر (كېيىنكى ئەرمۇ) ئۇنى تالاق قىلسا، (ئۇ ئايال ئىددىتىنى توشقۇزۇپ) بۇرۇنقى ئېرى بىلەن ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تەقدىردە، قايتىدىن يارىشىۋالسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئۇنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ.

231 _ ئاياللارنى تالاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، (ئۇلار بىلەن يارىشىپ) ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار. زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە _ چاقچاق قىلىۋالماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ئۈگۈت بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى، ھېكمەت (يەنى سۈننەت)نى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

232 _ (ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدە) تالاق قىلىنىپ ئىددىتى توشۇپ بولغان ئاياللار ئەگەر (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن قائىدە بويىچە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى (قايتا) نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئاراڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ئۇلارنى نىكاھلاپ قويۇش) سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر. ئاللاھ

---

(1) ئايەتتىكى ﴿قُرُوءٍ﴾ دېگەن سۆز زىت مەنىلىك سۆز بولۇپ، ھەم ھەيز كۆرۈشنى ھەم ھەيزدىن پاكلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

[2] مەھرى _ نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ھەق (پۇل) دېمەكتۇر.

ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

233 _ ئانىلار بالىلىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتسۇن، (بۇ ھۆكۈم) تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك _ ئىچمەك ۋە كىيىم _ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ. ئانا بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن، ئاتىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن. (ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئاتا _ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) سۈتتىن ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلەرلا، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

234 _ ئاراڭلاردىن ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. ئۇلار ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارنىڭ ئىگە _ چاقىلىرىغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

235 _ (ئى ئەرلەر! ئىددىتى توشمىغان) ئاياللارغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى پۇرىتىپ ئۆتۈشتە ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇم. لېكىن، ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغۇچە ئۆيلىنىشكە پۈتۈشۈشكە ئۇرۇنماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

236 _ سىلەر (نىكاھلانغان) ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلمىغانلا ئىكەنسىلەر ۋە مەھرىنى تەيىنلىمىگەنلا ئىكەنسىلەر، ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (لېكىن) ئۇلارنى (پۇل _ مالدىن) بەھرىمەن قىلىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن. بۇ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ[1] ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

237 _ سىلەر ئۇلارنىڭ مەھرىنى تەيىنلەپ يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلار (ئۇنىڭدىن) ۋاز كەچكەن ياكى نىكاھ پۈتۈمىگە ئىگە بولغۇچى ۋاز كەچكەندىن باشقا ھەرقانداق ئەھۋالدا، سىلەر تەيىنلىگەننىڭلارنىڭ يېرىمى ئۇلارنىڭ بولىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاز كەچكىنىڭلار تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

238 _ سىلەر نامازلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى ناماز (ئەسىر نامىزى)غا ئەھمىيەت بېرىڭلار. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.

239_ سىلەر قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، نامازنى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا، نامازنى ئاللاھ سىلەرگە تەلىم بەرگەن بويىچە تولۇق ئوقۇڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەر بىلمىگەن ئەھكاملارنى سىلەرگە تەلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار).

240 _ ئاراڭلاردىن ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى (تۇل) قالىدىغانلار ئاياللىرىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماستىن، بىر يىلغىچە (يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن) تەمىنلىنىشىنى (ئۆزى ھايات ۋاقتىدا) ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر ئاياللار ئۆزى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

241 _ تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ قائىدە بويىچە نەپىقىسى بار. (بۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

242 _ سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، ئاللاھ ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

243 _ ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ

---

(1) ياكى «ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر». چۈنكى ئايەتتىكى «المحسنين» دېگەن سۆز مۇكەممەل ئىش قىلغۇچىلار دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئۇلارغا«ئۆلۈڭلار» دېدى (ۋە ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن (ئاللاھ) ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ.

244 _ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

245 _ كىمكى (پۇل _ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا ياخشى قەرز[1] بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭكىنى) كەڭ قىلىدۇ، (ئاخىر ھەممىڭلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

246 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسادىن كېيىن ياشىغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد قىلىش پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالساڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە بالىۋاقىلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى (جىھاد قىلىشتىن) باش تارتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

247 _ پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار: «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالايدۇ؟ پادىشاھ بولۇشقا بىز ئۇنىڭدىن بەكرەك ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال _ مۈلۈكى كۆپ بولمىسا» دېدى، پەيغەمبەر: «ئاللاھ راستتىنلا سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى تاللىدى، ئۇنى ئىلىمى مول، قامەتلىك قىلدى، ئاللاھ پادىشاھلىقنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (پەزلى) كەڭ، ھەممىنى بىلىدىغان زاتتۇر» دېدى.

248 _ ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭغا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تاۋابىئاتلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن بىر دەلىل بار».

249 _ تالۇت (جىھاد قىلىش ئۈچۈن) ئەسكەرلىرى بىلەن يولغا چىققان چاغدا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى دەريا سۈيىدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن قولى بىلەن بىر ئوچۇم ئىچكەن ئادەم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەنىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ ئەسكەرلىرىدىن) ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانچىلىغان ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان» دېدى. ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

250 _ ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقاندا: «ئى رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى.

251 _ نىھايەت (مۇئمىنلەر) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى يەڭدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا پادىشاھلىقنى، ھېكمەت (پەيغەمبەرلىك)نى بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىككە ئايلانغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە قارىتا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر.

---

[1] ياخشى قەرز_ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل_مال سەرپ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئايەتتە ﴿قَرْضًا حَسَنًا﴾ يەنى (ياخشى قەرز)دەپ تەبىرلەنگەن.

## ئۈچىنچى پارە

252 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. شەكسىزكى، سەن ئەلچىتتە پەيغەمبەرلەردىنسەن.

253 _ ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى. مەريەم ئوغلى ئىيساغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (جىبرىل) بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى ئىنكار قىلدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

254 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودىلىشىش، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز) شاپائەت بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كاپىرلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

255 _ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى [1] ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، ئاسمان _ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

256 _ دىندا زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى (ھەرقانداق) ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

257 _ ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دوستىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ ) قاراڭغۇ-لۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ دوستلىرى تاغۇت (يەنى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى)دۇر، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارنى( ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

258 _ ئاللاھ ئاتا قىلغان پادىشاھلىق تۈپەيلى، رەببى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەم (نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئۇنىڭغا): «مېنىڭ رەببىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ: «مەنمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن، ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى. ئىبراھىم: «ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرىدۇ، قېنى سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېۋىدى، ئۇ كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

259 _ ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ: «ئاللاھ بۇ شەھەر (نىڭ ئاھالىسى)نى ئۆلگىنىدىن كېيىن قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى (ئۆلتۈرۈپ) شۇ ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن تىرىلدۈردى. (ئاللاھ پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىركۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ياق! سەن يۈز يىل تۇردۇڭ! يېمەك _ ئىچمىكىڭگە قاراپ باققىنكى، ھېچ بۇزۇلمىغان، ئېشىكىڭگە قارا (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). سېنى ئىنسانلارغا (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن (مۇشۇ ئىشلارنى قىلدۇق). بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى بىز قانداق قۇراشتۇرۇپ،

---

(1) كۇرسى _ «ئورۇندۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ («ئەيسەرۇتتەفاسىر» بىرىنچى توم، 245 _ بەت) .

ئاندىن بىز ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىدىكەنمىز». بۇ ئىشـلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق بولغان چاغدا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ (ئوبدان) بىلىۋالدىم» دېدى.

260 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسـەتسـەڭ» دېۋىدى. ئاللاھ (سـەن بۇنىڭغا): «ئىشـەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشـەندىم، لېكىن كۆڭلۈم تېخىمۇ ئارام تاپسۇن دەپ (كۆرۈشـنى تىلەيمەن) » دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، قۇشـتىن تۆتنى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ، گۆشـلىرىنى پەيلىرى بىلەن ئارىلاشـتۇرۇپ) ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكنى قويۇپ قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ» بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

261 _ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

262 _ پۇل _ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سـەرپ قىلىدىغان، ئارقىسـىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير _ سـاخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا (خاس) مۇكاپاتلار بار. ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ.

263 _ ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈۋېتىش ئەزىيەت ئەگىشىپ كېلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، (گۇناھكارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

264 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل _ مېلىنى كىشـىلەرگە كۆرسـىتىش ئۈچۈن سـەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشـەنمەيدىغان كىشىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈسـتىگە توپا _ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بۇرۇنقىدەك بولۇپ) كەتكەن سىلىق تاشـقا ئوخشـايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە سـاۋابتىن) ھېچ نەرسـىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

265 _ پۇل _ ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ۋە (ئاللاھنىڭ ۋەدىسـىگە) چىن كۆڭلىدىن ئىشـەنگەن ھالدا سـەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا، مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا، شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى ئىككىلا ھالەتتە مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

266 _ ئاراڭلاردىن خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلىدىغان بىر بېغى بار بىرەيلەن ئۆزى قېرىپ قالغان، باللىرى تېخى كىچىك چاغدا، بۇ باغنىڭ بىر قارا بوران ئېلىپ كەلگەن ئوت ئۇچقۇنىدا كۆيۈپ كېتىشىنى ياقتۇرامدۇ؟[1] سىلەرنى پىكىر يۈرگۈزسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

267 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر (ھالال كەسىپ بىلەن) قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار، (سىلەرگە بېرىلسە) كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمىساڭلار ئالغۇڭلار كەلمەيدىغان ناچارلىرىنى سـەدىقە قىلماقچى بولماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سـەدىقىگە) موھتاج ئەمەسـتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

268 _ شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن مەغپىرەتنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ (نىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى) كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

269 _ ئاللاھ ھېكمەتنى[2] خالىغان بەندىسـىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشـىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدۇ.

---

(1) بۇ پۇل _ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىنىڭ بۇ ئەمەلىنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئەسقاتمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.
(2) ھېكمەت _ توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى ھېكمەت _ ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم دېمەكتۇر.

270 _ نېمىنى خەير – ساخاۋەت قىلساڭلار ياكى (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. (پۇل _ مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

271 _ سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

272 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. پۇل _ مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير _ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر خەير _ ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار. پۇل _ مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير _ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

273 _ (خەير _ ساخاۋەت) ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (شۇڭا تىرىكچىلىك ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى بايمىكىن دەپ قالىدۇ، ئۇلارنى (يەنى نامراتلىقىنى) تۇرقىدىن بىلىۋالالايسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. پۇل _ مېلىڭلاردىن قانداق نەرسىنى خەير _ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

274 _ پۇل _ ماللىرىنى كېچە – كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير _ ساخاۋەت قىلىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ دەرگاھىدا (تولۇق) بېرىلىدۇ، ئۇلارغا قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار غەم _ قايغۇمۇ بولمايدۇ.

275 _ جازانە يېگەنلەر (ئاخىرەتتە قەبرىلىرىدىن) پەقەت جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەكلا قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ھارامنى ھالال ساناپ): «سودا _ سېتىق پەقەت جازانىگە ئوخشاشتۇر (يەنى جازانىدا زىيادە ئېلىش بولغاندەك سودا – سېتىقتىمۇ زىيادە ئېلىش بار)» دېدى. ئاللاھ سودا _ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى. كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز _ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن، جازانە قىلىشتىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ. كىمكى (جازانىخورلۇققا) قايتىدىكەن، مۇنداقلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

276 _ ئاللاھ جازانىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) توزۇتۇۋېتىدۇ، سەدىقىنى (ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق تۇزكور گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

277 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق مۇكاپات بار. ئۇلارغا ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ.

278 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدا) قېلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار.

279 _ ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سىلەرگە قارشى) ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر (جازانىدىن قول يىغىپ) تەۋبە قىلساڭلار، سەرمايەڭلار سىلەر ئۇۋال قىلمىغان ۋە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ.

280 _ ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە مۆھلەت بېرىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، (ئۇ قەرزنى ئۇنىڭدىن) كەچۈرۈۋېتىشىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.

281 _ سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان، ئاندىن ھەركىم قىلغان ياخشى _ يامان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى (قىلچە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا تولۇق كۆرىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

282 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز مۇئامىلىسى (ياكى نىسى سودا) قىلىشساڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى بىر پۈتۈكچى ئۇنى ئادىللىق بىلەن يازسۇن، پۈتۈكچى ئۇنى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك يېزىپ بېرىشنى رەت قىلماي، (ھەممىنى ئەينەن) يازسۇن، قەرزدار ئادەم (ئەينەن) ئېيتىپ بەرسۇن، رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم گالۋاڭ ياكى كەم ئەقىل ۋە ياكى ئۆزى

ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن (ئېيتىپ بېرىپ) يازدۇرسۇن، سىلەر ئاراڭلاردىكى ئىككى ئەر كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىققا چاقىرىلغان ۋاقتىدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر ۋە گۇمانلىنىپ قالماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن، ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، ئېنىقكى، بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققىنىڭلار دېمەكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى شۇنداق) ئۆگىتىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

283 _ ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز بەرگۈچىگە) بىرەر نەرسىنى رەنىگە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىر _ بىرىڭلارغا ئىشىنىپ (ھۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي) قەرز بەرگەن بولساڭلار، ئۇ چاغدا قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرسۇن، رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ دىلى گۇناھكاردۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

284 _ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

285 _ پەيغەمبەر رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دېدى.

286 _ ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ مۇكاپاتى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى) مۇ ئۆزىگىدۇر. ئۇلار يەنە: «ئى رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇپ قالغان ياكى خاتالاشقان بولساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. ئى رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك (مەجبۇرىيەت) يۈكلىمىگىن. ئى رەببىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى.

## ئال ئىمران سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 200 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۆئمىنلەرنى ئىسلام ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم قىلىش، ئەھلى كىتابنىڭ، خۇسۇسەن خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بەزى شەك _ شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، (ھەممىنى) ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

3 _ 4 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى كىتاب (قۇرئان)نى ھېكمەت بىلەن تەدرىجىي نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى؛ ئەمدى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب بار. ئاللاھ غالىبتۇر، (كاپىرلارنى) جازالىغۇچىدۇر.

5 _ شەكسىزكى، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

6 _ ئۇ سىلەرنى بالىياتقۇدىكى چېغىڭلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدىغان زاتتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

7 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان) ئايەتلەر بار. دىللىرىدا ئەگرىلىك بولغان كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى رەببىمىز تەرىپىدىن كەلگەن» (بۇنىڭدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ئۆگۈت ئالىدۇ.

8 _ (ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇكى) «ئى رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن دىلىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن. چۈنكى، سەن بەكمۇ ئاتا قىلغۇچىسەن.

9 _ ئى رەببىمىز! كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان (قىيامەت) كۈنىدە كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن». شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

10 _ شەكسىزكى، كاپىرلارنىڭ پۇل _ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ (ئازابى) ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر.

11 _ (ئۇلارنىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېدى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئاللاھنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر.

12 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!».

13 _ (ئى يەھۇدىيلار! بەدرى غازىتىدا) ئۇچراشقان شۇ ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار ئىدى، بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدەك ئىككى ھەسسە كۆرۈنۈپ كەتكەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

14 _ ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن _ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ پۇل _ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا (ياخشىلار) قايتىدىغان گۈزەل جاي بار.

15 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە يۇقىرىقىلاردىنمۇ ياخشى نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈلۈك يەرلىشىپ قالىدىغان جەننەتلەر، پاك جۈپلەر، (ئەڭ مۇھىمى) ئاللاھنىڭ رازىلىقى بار». ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەمەللىرى)نى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

16 _ ئەنە شۇ تەقۋادارلار: «ئى رەببىمىز! بىز شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدىغان كىشىلەردۇر.

17 _ ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، (ئىمانىدا) راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا) پۇل _ مال سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر.

18 _ ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى، پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ (شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەردى). ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

19 _ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا (قوبۇل بولىدىغان) دىن ئىسلامدۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر (ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئەلۋەتتە جازالايدۇ).

20 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن (ئۇلارغا): «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە ساۋاتسىزلارغا (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ؛ ئەگەر (ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن) باش تارتسا، ئۇ ھالدا، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەمەللىرى)نى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

21 _ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.

22 _ ئەنە شۇلار دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ.

23 _ (ئى پەيغەمبەر!) تەۋرات بىلىملىرىدىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسىلا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىغا چېكىنىدۇ.

24 _ ئاشۇ (يۈز ئۆرۈش) ئۇلارنىڭ: «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكىدىن ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالداپ قويغانلىقىدىن بولدى.

25 _ (كېلىدىغانلىقىدا) ھېچ شەك بولمىغان(قىيامەت) كۈنىدە بىز ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) توپلىغان ۋە ھەربىر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ جازاسى ياكى مۇكاپاتى قىلچە ئۇۋال قىلىنماي تولۇق بېرىلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟

26 _ ئېيتقىنكى «ئى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن.

27 _ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن؛ جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن».

28 _ مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوســت تۇتمىســۇن، كىمكى شــۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى قالمايدۇ. پەقەت (دوستتەك كۆرۈنۈپ) ئۇلاردىن (كېلىدىغان يامانلىقتىن) ساقلىنىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

29 _ ئېيتقىنكى، «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

30 _ ھەر ئىنسان ئىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، (ئىنسان) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

31 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوســت تۇتىدىغان بولســاڭلار، ماڭا ئەگىشــىڭلار. (ئەگەر شــۇنداق قىلســاڭلار) ئاللاھ ســىلەرنى دوســت تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

32 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (سېنىڭ دەۋىتىڭدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئۇلار شۇنى بىلسۇنكى) ئاللاھ كاپىرلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

33 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى جاھان ئەھلىگە ئۈستۈن قىلىپ (پەيغەمبەرلىككە تاللىدى.

34 _ ئۇلار بىر _ بىرىنىڭ نەسلىدىندۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

35 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى: «ئى رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ساڭا خالىس قىلىپ ئاتىدىم، بۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەن ئىدى.

36 _ ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى رەببىم! مەن قىز تۇغۇپ قالدىم، _ ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ _ (مەن تەلەپ قىلغان) ئوغۇل قىزغا ئوخشــاش ئەمەس (چۈنكى ئوغۇل كۈچلۈكتۇر)، مەن ئۇنىڭغا مەريەم [1] دەپ ئات قويدۇم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزىنى ساڭا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

37 _ رەببى ئۇنى گۈزەل بىر رەۋىشــتە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆســتۈردى، ئۇنى تەربىيەلەشــنى زەكەرىيياغا تاپشــۇردى. زەكەرىييا ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىغا كىرســە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ســاڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دەيتتى.

38 _ شۇ ۋاقىتتا زەكەرىييا رەببىگە دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن» دېدى.

39 _ ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇپ تۇرۇۋاتقاندا پەرىشــتىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ســاڭا ئاللاھنىڭ (بول!) دېگەن كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىيسانىڭ پەيغەمبەرلىكى)نى ئىسپاتلىغۇچى، پېشۋا، ناھايىتى پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى.

40 _ ئۇ: «ئى رەببىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرســام، ئايالىم تۇغماس تۇرســا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولســۇن؟» دېدى. (پەرىشتىلەر): «ئاللاھ شۇنىڭدەك (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلاردىن) خالىغىنىنى قىلىدۇ» دېدى.

41 _ ئۇ: «ئى رەببىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىغا) بىر بەلگە ئاتا قىلغىن» دېدى. (ئاللاھ): «ســاڭا بېرىلىدىغان بەلگە شۇكى، سەن ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن، پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن. رەببىڭنى كۆپ ياد ئەتكىن، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيتقىن» دېدى.

(1) مەريەم _ ئىبرانى تىلىدا «ئاللاھنىڭ خىزمەتكارى» دېگەن مەنىدە.

42 _ پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىدىن ئەۋزەل قىلدى.

43 _ ئى مەريەم! رەببىڭگە ئىتائەت قىلغىن، سەجدە قىلغىن ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلغىن».

44 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيىب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ ۋە ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

45 _ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ (‹بول!› دېگەن) كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرىلىدىغان بىر پەرزەنت) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولىدۇ.

46 _ ئۇ بۆشۈكتىمۇ، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (ھەقىقەتنى) سۆزلەيدۇ ۋە ياخشىلاردىن بولىدۇ».

47 _ مەريەم: «ئى رەببىم! ماڭا ھېچبىر ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا، مېنىڭ قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. (پەرىشتە ئېيتتى): «ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹بول!› دەيدۇ – دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ».

48 _ ئاللاھ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ.

49 _ ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ:) «شەكسىزكى، مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن– دە، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. يەنە (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن) تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يېگەن ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلاپ قويغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن. شەكسىزكى، ئەگەر (ئاللاھنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىغا) ئىشەنسەڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار.

50 _ مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم). مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

51 _ شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر».

52 _ ئىيسا ئۇلاردىن كۇفرىنى سەزگەن چاغدا: «ئاللاھ يولىدا ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟» دېدى. ھاۋارىيلار[1] ئېيتتى: «ئاللاھ يولىدا ساڭا بىز ياردەمچى بولىمىز، بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز شەكسىز مۇسۇلمانلارمىز.

53 _ ئى رەببىمىز! سەن نازىل قىلغان (ئىنجىل)غا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق. بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا قىلغىن».

54 _ (يەھۇدىيلار ئىيسانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئاللاھ ئۇلارغا قارشى تەدبىر قوللاندى. ئاللاھ تەدبىر قوللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

55 _ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، سېنى كاپىرلاردىن قۇتقۇزىمەن. ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر. شۇ چاغدا، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىيسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن.

56 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلايمەن، ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ».

57 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

---

[1] ھاۋارىيلار— ئىيسا ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردۇر.

58 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر.

59 _ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ (ئاتىسىز) يارىتىلغانلىقى ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ ئادەمنىمۇ (ئاتا-ئانىسىز ھالدا) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «بول!» دېدى – دە، ئۇ دەرھال بولدى.

60 _ بۇ ھەقىقەت (يەنى توغرا خەۋەر) رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر، شۇڭا سەن شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

61 _ ساڭا (ئىيسا توغرۇلۇق ھەقىقىي) مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار! ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى چاقىرايلى، ئاندىن ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلايلى» دېگىن.

62 _ شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىلەردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

63 _ ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) يەنە باش تارتسا (ئۇلار چوقۇم بۇزغۇنچىلاردۇر)، شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

64 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر – بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان كەلىمە (تەۋھىد)گە كېلىڭلار». (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئۇلار (بۇ گۈزەل دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتسا، (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دەڭلار.

65 _ ئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ (ئىبراھىم قانداقمۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا بولسۇن؟).

66 _ سىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىكەنسىلەركى، ئۆزۈڭلار بىلىدىغان نەرسىلىرىڭلار توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسە توغرىسىدا نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (بۇنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

67 _ ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خىرىستىيانمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى (ئىتائەتمەن) مۇسۇلمان ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.

68 _ شەكسىزكى، ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.

69 _ ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ئۇلار بولسا (بۇنى) تۇيمايدۇ.

70 _ ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە كىتابىڭلاردا كەلگەن) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

71 _ ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر نېمە ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىسىلەر ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرىسىلەر؟

72 _ ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى: «مۇئمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) يېنىشى مۇمكىن.

73 _ پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگىلا ئىشىنىڭلار» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر». (يەھۇدىيلار يەنە ئۆز ئارىسىدا) «سىلەرگە بېرىلگەن (ئىلىمنىڭ) باشقا قانداقلا بىر كىشىگە بېرىلگەنلىكىگە ياكى ئۇلارنىڭ رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋېلىشىغا (ھۆججەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىلگىنىڭلارنى ئۇلارغا ئاشكارىلىماڭلار)» (دېيىشتى). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «پەزل – كەرەم ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

74 _ ئاللاھ رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزىل ئىگىسىدۇر.

75 _ ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ پۇل _ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرمىغۇچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار: «ساۋاتسىزلارنىڭ بىزگە قارشى يولى يوق (يەنى دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل _ مېلىنى يەۋالساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ)» دەيدۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

76 _ ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك بولمايدۇ، كىمكى ئەھدىگە ۋاپا قىلسا ۋە گۇناھتىن ساقلانسا، ئاللاھ (ئەنە شۇنداق) تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ.

77 _ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە تېگىشىدىغانلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، قاراپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

78 _ ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن تىللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

79 _ ئاللاھ ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان بىر ئىنسانىنىڭ كىشىلەرگە: «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن (ئۇ ئىنسان): «سىلەر (باشقىلارغا) ئۆگەتكەن ۋە ئۆگەنگەن كىتاب (نىڭ تەلىماتى) بويىچە ئەمەل قىلىدىغان ئالىملار بولۇڭلار» (دەيدۇ).

80 _ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشىڭلارغا بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن (پەيغەمبىرىڭلار) سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟

81 _ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن: «مەن سىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلسام، كېيىن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىكى شۇ كىتابنى ئېتىراپ قىلغۇچى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» دەپ چىن ئەھدە ئالغان ئىدى. ئاللاھ «بۇ ئەھدەمنى ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن» دېدى.

82 _ كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن ئەھدىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىققۇچىلاردۇر.

83 _ ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا دىنىنى تىلەمدۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (شۇ چاغدا ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ).

84 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان(ۋەھيى)گە، مۇساغا، ئىيساغا ۋە (بارلىق) پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن(ۋەھيى)گە ئىمان ئېيتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ (پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتا) ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

85 _ كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى تىلەيدىكەن، (ئۇ دىن) ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

86 _ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ۋە ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن؟! ئاللاھ (بۇنداق) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

87 _ ئۇلارنىڭ جازاسى ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتۇر.

88 _ ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

89 _ پەقەت (كۇفرىلىقتىن) كېيىن تەۋبە قىلغانلار ۋە ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر.

90 _ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ئاندىن كاپىرلىقتا ئېخىمۇ چىڭ تۇرغانلارنىڭ (سەكراتقا چۈشكەندە قىلغان) تەۋبىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار ئازغۇنلاردۇر.

91 _ شۈبھىسىزكى، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزى تولغۇدەك ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار، ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

## تۆتىنچى پارە

92 _ سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

93 _ تەۋرات كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (يەئقۇب ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەرنى ئاللاھ ھارام قىلغان دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار».

94 _ شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

95 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ راست ئېيتتى، ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى».

96 _ شەكسىزكى، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىكى ئۆي (كەئبە) دۇر.

97 _ ئۇنىڭدا ئوپئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرىدۇر، مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ كەئبىگە (كېلىپ) ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. كىمكى (بۇنى) ئىنكار قىلىدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكى)، ئاللاھ جاھان ئەھلىدىن بىھاجەتتۇر.

98 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان تۇرسا (سىلەر بۇنى بىلىپ تۇرۇپ)، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟».

99 _ ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەپ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

100 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى (كاپىرلىققا) قايتۇرۇۋېتىدۇ.

101 _ سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ كاپىر بولۇپ كېتىسىلەر؟ كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ.

102 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ئۆلۈڭلار.

103 _ ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ نېمىتى بىلەن سىلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە (كۇفرى ئىچىدە) ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام بىلەن) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ.

104 _ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

105 _ سىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

106 _ بەزى يۈزلەر ئاقىرىپ كېتىدىغان، بەزى يۈزلەر قارىداپ كېتىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، يۈزى قارىداپ كەتكەنلەرگە: «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

107 _ يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى (بولغان جەننەت) دە بولىدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

108 _ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇنى ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئاللاھ جاھان ئەھلىگە ئۇۋال قىلىشنى خالىمايدۇ.

109 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

110 _ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا (مۇكەممەل) ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتابمۇ ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى (دىندىن چىقىپ كەتكەن) پاسىقلاردۇر.

111 _ ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان – زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.

112 _ قەيەردە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا مەھكۇم قىلىندى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، موھتاجلىققا چۆمدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىندۇر. (يەنە) بۇ ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە (ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن) چەتنەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

113 _ ئەھلى كىتاب ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان، توغرا ئېتىقادلىق بىر جامائە كىشىلەر بار.

114 _ ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ياخشى ئىشلاردا (بىر _ بىرى بىلەن) بەسلىشىدۇ، ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر.

115 _ ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

116 _ شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ پۇل _ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ؛ ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

117 _ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ سوغۇق شامال نابۇت قىلىۋەتكەن زىرائىتىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلدى.

118 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن بولمىغانلارنى ئۆزۈڭلارغا سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىدىغان بولساڭلار، (بۇ ھەقتە) سىلەرگە نۇرغۇنلىغان دەلىل _ پاكىتلارنى بايان قىلدۇق.

119 _ سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ، سىلەر ھەممە (ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر. ئۇلار بولسا سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغان چاغدا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلاردىن ئۆلۈڭلار!» شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

120 _ ئەگەر سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

121 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن چىقىپ، (ئۇھۇدتا) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

122 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئادەم مەدەتكارى ئاللاھ بولغان تۇرۇقلۇق، (ئۇرۇش مەيدانىدىن) چېكىنمەكچى بولغان ئىدى (ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى چېكىنىشتىن ساقلىدى). مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن.

123 _ بەدرى غازىتىدا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار ئاجىز بولسىمۇ، ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. شۇڭا، سىلەر شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار.

124 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۇئمىنلەرگە: «رەببىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسىمۇ يەتمەمدۇ؟» دېگەن ئىدىڭ.

125 _ ئەلۋەتتە يېتىدۇ. ئەگەر چىدامچانلىق كۆرسەتسەڭلار ۋە تەقۋادار بولساڭلار، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، رەببىڭلار سىلەرگە ئالاھىدە بەلگىلىك بەش مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ.

126 _ ئاللاھ ئۇنى پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن دەپ شۇنداق قىلدى. ياردەم پەقەت ھەممىگە غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ.

127 _ (ئاللاھ يەنە بۇنى) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇپ قايتىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى).

128 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنى يا تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن) ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار زالىملاردۇر.

129 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

130 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

131 _ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

132 _ سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

133 _ رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە (ئېرىشىشكە) ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان – زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىشكە) ئالدىراڭلار.

134 _ تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

135 _ تەقۋادارلار بىرەر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ، گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم كەچۈرەلەيدۇ؟ ئۇلار قىلغان (گۇناھ) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ.

136 _ ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!

137 _ سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى، شۇڭا سىلەر يەر يۈزىنى كېزىپ، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.

138 _ بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا باياندۇر، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز _ نەسىھەتتۇر.

139 _ (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، (ئۇھۇد غازىتىدىكى مۇسىبەت ئۈچۈن) قايغۇرماڭلار، ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىسىلەر.

140 _ ئەگەر سىلەرگە (ئۇھۇد غازىتىدا) بىر تالاپەت يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى غازىتىدا) ئوخشاشلا تالاپەت يەتكەن ئىدى. بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (بۇ) ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ۋە سىلەردىن شېھىتلەرنى چىقىرىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ.

141 _ بۇ يەنە ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىشى ۋە كاپىرلانى ھالاك قىلىشى ئۈچۈندۇر.

142 _ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھەقىقىي جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپالىرىغا) چىداملىق بولغۇچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، سىلەر جەننەتكە كىرىشنى ئويلىغانمىدىڭلار؟

143 _ سىلەر ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر.

144 _ مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر (ئىماندىن) يېنىۋالامسىلەر؟ كىمكى (ئىماندىن) يېنىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

145 _ ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ئۆلمەيدۇ، (ئاللاھ ھەربىر ئادەمنىڭ) ئەجىلىنى (ۋاقتى _ سائىتى بىلەن) پۈتۈۋەتكەن. كىمكى دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيا مەنپەئەتىدىن بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىدىن بېرىمىز. شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز.

146 _ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ.

147 _ ئۇلار پەقەت: «ئى رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمىدى.

148 _ شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ (ئىشىنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

149 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى كۇفرىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتىپ قالىسىلەر.

150 _ (كاپىرلار سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار ئەمەس) بەلكى ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

151 _ ئاللاھ (ئىلاھلىقىغا) ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (كاپىرلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) بۇ زالىملارنىڭ تۇرار جايى نېمىدېگەن يامان!

152 _ شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. ئاللاھ سىلەر ئارزۇلىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن بوشاڭلىق قىلىپ، (پەيغەمبەر ئوقچى قوشۇنغا قىلغان) بۇيرۇق توغرىسىدا تالاش _ تارتىش قىلىشتىڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدىڭلار. بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەرنى ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن چېكىندۈردى ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

153 _ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سىلەرنى ئارقاڭلاردىن چاقىرىپ تۇرسىمۇ، سىلەر ھېچكىمگە قارىماي قاچقان ئىدىڭلار. (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە، بېشىڭلارغا كەلگەنلەرگە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى قاتمۇقات غەمگە مۇپتىلا قىلدى. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

154 _ ئاندىن ئاشۇ غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە خاتىرجەملىك چۈشۈردىكى، (بۇ خاتىرجەملىكتىن كەلگەن) مۈگدەك ھالىتى سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) قاپلىۋالغان ئىدى. يەنە بىر قىسىملار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ قالغان ئىدى، بۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا قاراشتا بولدى. ئۇلار: «بىزگە ئۇرۇشقا چىقىشتا ئىختىيار بارمىدى؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: «ئەگەر بىزدە (ئۇرۇشقا چىقىشتا) ئازراق ئىختىيار بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا قالغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايىغا بارغان بولاتتى. (ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

155 _ (ئۇھۇدتا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلاردىن ئىبارەت) ئىككى قوشۇن بىر _ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئاراڭلاردىكى جەڭدىن چېكىنگەن كىشىلەرنى بەزى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇردى، ئاللاھ ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

156 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئۇلار يېنىمىزدا قالغان بولسا، ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېيىشكەن كاپىرلارنى دورىماڭلار، ئاللاھ بۇ (بۇزۇق ئېتىقاد)نى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قاتتىق ھەسرەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالىدۇ). ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

157 _ شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى ئۆلسەڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ياخشىدۇر.

158 _ ئەگەر سىلەر ئۆلسەڭلارمۇ ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭلارمۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر.

159 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، (ۋەھيى كەلمىگەن) ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ ئاندىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تايانغىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە تايانغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

160 _ ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن!

161 _ ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن ھەر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلى (مۇكاپاتى ياكى جازاسى) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

162 _ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ۋە بارىدىغان جايى جەھەننەم بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

163 _ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ھەر خىل بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

164 _ ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا كاتتا ئىنئام قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى.

165 _ سىلەرگە يەتكەن تالاپەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن تالاپەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا، سىلەر يەنە: «بۇ تالاپەت قەيەردىن كەلدى؟» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن بولدى». شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

166 _ ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە سىلەرگە كەلگەن تالاپەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

167 _ بۇ يەنە مۇناپىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى مۇداپىئەدە تۇرۇڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلار: «ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگەشكەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

168 _ ئۇ مۇناپىقلار (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ، (ئۇھۇدتا شېھىت بولغان) قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرگەن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن قايتۇرۇپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!».

169 _ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھەرگىز ئۆلۈك دەپ قارىمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنماقتىدۇر.

170 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن دائىم خۇشالدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ يوق ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ.

171 _ ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزل _ كەرەمدىن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ.

172 _ ئۇلار (ئۇھۇدتا) يارىلانغاندىن كېيىنمۇ، يەنە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

173 _ ئۇلار (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: «شەك _ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى.

174 _ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن (بەدرى غازىتىدىن) ھېچقانداق زىيان _ زەخمەتكە ئۇچرىماي قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.

175 _ پەقەت ئاشۇ شەيتان[1] سىلەرنى ئۆز دوستلىرى (بولغان كاپىرلار) دىن قورقۇتىدۇ. ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار.

176 _ (ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ؛ ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

---

(1) بۇ يەردىكى شەيتاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كۈچىنى مۇبالىغە قىلىپ يەتكۈزگەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. («تەپسىرى جەلالەين شەرھى»1 _ توم،516 _ بەت) .

177 _ ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

178 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە مۆھلەت بېرىشىمىزنى ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلارغا پەقەت گۇناھلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈنلا مۆھلەت بېرىمىز. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

179 _ (ئى كاپىرلار!) ئاللاھ مۇئمىنلەرنى سىلەرنىڭ ھازىرقى ھايات تەرزىڭلارغا تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ يامانني ياخشىدىن ئايرىماي قالمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ، لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللايدۇ (ئاندىن ئۇنىڭغا بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ). شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋالىق قىلساڭلار سىلەرگە چوڭ ئەجىر بار.

180 _ ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

181 _ «شەكسىزكى، ئاللاھ پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ (بارلىق) سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنى خاتىرىلەپ قويىمىز ۋە ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار!

182 _ مانا بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن بولدى. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر» دەيمىز.

183 _ ئۇلار: «ئاللاھ بىزنى ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر قۇربانلىق قىلىپ، قىلغان قۇربانلىقنى (ئۇنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) بىر ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىگۈچە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمەسلىككە بۇيرۇغان» دېدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەندىن ئىلگىرى سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى؛ ئەگەر سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟».

184 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى يالغانچى دېگەن بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن، چۈنكى) سەندىن ئىلگىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، سەھىپىلەرنى ۋە نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانچى دېيىلگەن ئىدى.

185 _ ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا ھاياتى پەقەت ئالدايدىغان مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

186 _ سىلەر مال _ مۈلۈكۈڭلار ۋە جانلىرىڭلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن ۋە مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر. ئەگەر (بۇلارنىڭ ھەممىسىگە) سەۋر قىلساڭلار، (گۇناھتىن) ساقلانساڭلار، مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر.

187 _ ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئازغىنە پۇلغا سېتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ سېتىۋالغىنى نېمىدېگەن يامان!

188 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز قىلمىشىدىن خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

189 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

190 _ شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار.

191 _ ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

192 _ ئى رەببىمىز! سەن كىمنى دوزاخقا كىرگۈزسەڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ.

193 _ ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ‹رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتتۇق، ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن.

194 _ ئى رەببىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغانلىرىڭنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن».

195 _ رەببى ئۇلار(نىڭ دۇئالىرى)نى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر (دىنىي قېرىنداشلىقتا ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى كۆرۈشتە) ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر. مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلغان، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئەزىيەت چەككەن، جىھاد قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. مۇكاپاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

196 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ (موللۇق ئىچىدە) شەھەرمۇ _ شەھەر كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن.

197 _ بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان ئورۇن!

198 _ ئەمما رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ياخشىلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

199 _ ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان (تەۋرات بىلەن ئىنجىل قاتارلىق كىتابلار)غا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بار؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەيدۇ. ئەنە شۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

200 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

## نىسا سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 176 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھەق – ھوقۇقىنى قوغداش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىچكى جەھەتتىن رەتكە سېلىش، جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۆزلۈكىدىن يوق قىلىپ، ئاياللارنىڭ ۋە ئاجىزلارنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر ئىنساندىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە بۇ ئىككىسىدىن نۇرغۇن ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ــــ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا ئىسمىنى ئاتايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. شەك _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

2 _ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە) بېرىڭلار، ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال _ مۈلۈكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال _ مۈلۈكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. چۈنكى بۇ چوڭ گۇناھتۇر.

3 _ ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر.

4 _ ئاياللارغا ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى (ئۆز رازىلىقى بىلەن) سىلەرگە ئۆتۈنسە، سىلەر ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن بىمالال ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ.

5 _ ئاللاھ سىلەرگە تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن پۇل _ مېلىڭلارنى[1] ئەقلى يېتىلمىگەن (ئىگىلىرىنىڭ) قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇ پۇل _ ماللاردىن ئۇلارنى يېمەك _ ئىچمەك، كىيىم _ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار ۋە ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.

6 _ يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ (دىندا ۋە ئەقلدا) يېتىلگەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا پۇل _ مېلىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مال _ مۈلۈكىنى بۇزۇپ _ چېچىپ، ئالدىراپ يەۋالماڭلار. كىمكى باي بولسا (يېتىمنى باققانلىق باھانىسى بىلەن) ئۇنىڭ مال _ مۈلۈكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، سىلەر يېتىملەرنىڭ مال _ مۈلۈكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.

7 _ ئاتا _ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا _ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (مىراس) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم (شەرىئەتتە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.

8 _ تەقسىمات ۋاقتىدا (مىراستا ھەققى يوق) تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە يوقسۇللار ھازىر بولسا، ئۇلارغىمۇ بۇ مىراستىن (ئاز _ تولا) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.

9 _ ئارقىسىدا چارىسىز نارىسىدىلىرىنى قويۇپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلار ئۈچۈن ئەندىشە قىلىدىغانلار، (باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان بالىلىرى ئۈچۈنمۇ) ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا گەپ قىلسۇن.

10 _ يېتىملەرنىڭ مال _ مۈلۈكىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (يېنىپ تۇرغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

---

1 بۇ يەردىكى « پۇل _ مېلىڭلار»دىن يېتىملەرنىڭ مال _ مۈلۈكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

11 _ ئاللاھ باللىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا _ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا _ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا _ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىلەر ئاتا _ ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۈلۈشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

12 _ ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ باللىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ باللىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتىسى يوق، بالىسىمۇ يوق ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ياكى ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (ئانا بىر ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيەدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

13 _ ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

14 _ كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭغا خارلىغۇچى ئازاب باردۇر.

15 _ ئاياللىرىڭلار ئىچىدە پاھىشە قىلغانلار كۆرۈلسە، (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە، تاكى ئۇ ئاياللار ۋاپات بولغانغا ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇڭلار.

16 _ ئىچىڭلاردىن پاھىشە قىلغان ھەر ئىككى كىشىنى جازالاڭلار؛ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا ۋە (ئۆزىنى) ئىسلاھ قىلسا، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار[1]. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

17 _ ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە پەقەت يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

18 _ داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

19 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس ئورنىدا قىلىۋېلىشىڭلار سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغانلا بولسا، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم

---

[1] بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، «نۇر» سۈرىسىنىڭ 2 _ ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

20 _ ئەگەر سىلەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، (قويۇۋەتمەكچى بولغان) خوتۇنغا كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوپئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟

21 _ ئۆزئارا بىر يەردە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئۇ خوتۇن سىلەردىن مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟

22 _ ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ)، چۈنكى بۇ تولىمۇ قەبىھ ئىشتۇر، سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!

23 _ سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ئىنىكئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان خوتۇنلىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا (ياكى باشقا ئۆيلەردە) ئۆسكەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن (نىكاھلىنىپ تېخى) بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇ قىزلارنى ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئاچا _ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن، ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## بەشىنچى پارە

24 _ ئىرى بار ئاياللارنى ئىلىشمۇ سىلەرگە هارام قىلىندى. پەقەت (ئۇلجا ئارقىلىق) قولۇڭلارغا ئۆتكەن ئىرى بار ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەلگىلىگەن ھۆكمىدۇر. بۇلاردىن باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغان ھالىتىڭلاردا، مال _ مۈلۈكۈڭلاردىن مەھرىنى بېرىپ، نىكاھلاپ ئىلىشىڭلار ھالال قىلىندى. ئاياللاردىن قايسىنى نىكاھلاپ ئىلىپ پايدىلانساڭلار، ئۇنىڭغا (نىكاھتا) بېكىتىلگەن مەھرىنى بېرىڭلار، مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەھرى توغرىسىدا ئۆز ئارا پۈتۈشكەن بولساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

25 _ سىلەردىن ھۆر مۇئمىن ئاياللارنى ئىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىڭلاردىكى مۇئمىن چۆرىلىرىڭلاردىن ئالسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر بىر _ بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك ياشايدىغان، ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان بولۇشى ۋە خوجايىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرلىرىنى قائىدە بويىچە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشىلىك قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. بۇ (چۆرىلەرنى ئىلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈم) ئاراڭلاردىكى زىنا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر. (چۆرىلەرنى ئالماي) سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

26 _ ئاللاھ سىلەرگە (بىلمىگەنلىرىڭلارنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى، سىلەرنى سىلەردىن بۇرۇنقى (ياخشى) لارنىڭ يوللىرىغا باشلاشنى، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

27 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگىشىدىغانلار سىلەرنىڭ توغرا يولدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

28 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى خالايدۇ. (چۈنكى) ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان.

29 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر – بىرىڭلارنىڭ مال _ مۈلۈكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا – سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر.

30 _ كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ (چەكلەنگەن) ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۇنى ئۇزاققا قالماي دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

31 _ ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى (جەننەتتىن ئىبارەت) ئېسىل ماكانغا كىرگۈزىمىز.

32 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بىرىڭلارنى بىرىڭلاردىن ئۈستۈن قىلىپ بەرگەن ئالاھىدىلىكلەرنى تەمە قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

33 _ ئاتا _ ئانىلار، تۇغقانلار ۋە سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ۋارىس بولۇشقا) قەسەم قىلىشقانلار[1] قالدۇرۇپ كەتكەن ھەربىر مىراسقا ۋارىسلارنى تەيىنلىدۇق. سىلەر ئۇلارنىڭ نېسىۋىلىرىنى بېرىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

34 _ ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيسىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل _ ماللىرىدىن (ئۇلارغا) سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر. ياخشى ئاياللار ئىتائەتمەن، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ساقلىشى بىلەن

1 بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئەنفال سۈرىسىنىڭ 75 _ ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

(ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى) ساقلايدىغان ئاياللاردۇر. ئۆزۈڭلارغا بوي ئەگمەسلىكىدىن (ئىبارەت) سىلەر ئەنسىرەيدىغان (ئىش كۆرۈلگەن) ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر.

35 _ ئەگەر ئەر _ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرسەڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تەرىپىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار. ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر _ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

36 _ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا _ ئاناڭلارغا، يېقىن _ تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، (سەپەرداش، ساۋاقداش قاتارلىق) ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل _ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.

37 _ ئۇلار (پۇل – مالغا) بېخىللىق قىلىدىغان، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەنلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. بىز (بۇنداق) كاپىرلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق.

38 _ ئۇلار پۇل _ ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى دوست قىلىۋالىدىكەن، شەيتان نېمىدېگەن يامان دوست!

39 _ ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا ۋە ئاللاھ ئۇزلىرىگە بەرگەن (پۇل _ مال)نىڭ بىر قىسمىنى (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

40 _ شەكسىزكى، ئاللاھ زەررىچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، (ئۇنىڭغا) ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

41 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۆز ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

42 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە، ئۆزلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ.

43 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مەست بولۇپ قالغاندا نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغۇچە[1]، جۇنۇب بولۇپ قالغاندا غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا (ۋە مەسجىدكە) يېقىنلاشماڭلار، (مەسجىدنىڭ ھويلىسىدىن) ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەگەر (سۇ زىيان قىلىدىغان) كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

44 _ (ئى پەيغەمبەر!) كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەن (يەھۇدىي) لەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئازغۇنلۇقنى سېتىۋالىدۇ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

45 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى قوغداشقا ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

46 _ يەھۇدىيلار ئىچىدە تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، بويسۇنمىدۇق، سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كېتەرسەن!» دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى _ بۈگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقىدەك گەپ قىلماي) «ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق»، «قۇلاق سال»، «ئۇنزۇرنا»[2] دېگەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى، تولىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلىقى سەۋەبلىك رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتكە) بەكمۇ ئاز ئىشىنىدۇ.

---

[1] بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم.
[2] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 104 _ ئايىتىدە ئىزاھ بېرىلدى.

47 _ ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزگەرتىپ[1] ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن ئىلگىرى ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى، بىز ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى ئېتىراپ قىلىدىغان قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن.

48 _ ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

49 _ ئۆزلىرىنى ئاقلايدىغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىش ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

50 _ ئۇلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن قانداق يالغاننى توقۇۋاتقانلىقىغا قارىغىن! بۇ ئوپئوچۇق گۇناھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

51 _ كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېھىرنى ۋە ئادىمىي شەيتانلىرىنىڭ[2] (يالغانلىرىنى) تەستىقلايدۇ، ئۇلار مۇشرىكلار ئۈچۈن «ئاشۇلارنىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دەيدۇ.

52 _ ئەنە شۇلار ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن.

53 _ ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسىنىمۇ بەرمەيتتى.

54 _ ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئائىلىسىگە كىتاب، ھېكمەت بەرگەن ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق ئاتا قىلغان ئىدۇق.

55 _ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار. (يۈز ئۆرۈگەنلەرگە) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر.

56 _ شەكسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

57 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز.

58 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نېمىدىگەن ياخشى ئۈگۈتلەرنى بېرىدۇ! شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

59 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، _ سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، _ بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر.

60 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان (مۇناپىق)لارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار تاغۇتنى[3] ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئەرزىنى ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىدۇ. شەيتان ئۇلارنى قاتتىق ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

---

1 بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ ئارزۇ _ ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا چېكىندۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

[2] بۇ يەردىكى ئادىمىي شەيتانلاردىن ھۇيەيي ئىبنى ئەختەب ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەف ئىسىملىك ئىككى نەپەر يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3 تاغۇت _ بارلىق ساختا ئىلاھلارغا، ئازغۇن يولباشچىلار ۋە زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، شەيتانمۇ تاغۇت دېيىلىدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتە كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

61 _ مۇناپىقلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

62 _ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بېشىغا بىرەر پالاكەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟

63 _ ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىلىغا تەسىر قىلغۇدەك سۆزلەرنى قىلغىن.

64 _ بىز ھەربىر پەيغەمبەرنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنسۇن دەپلا ئەۋەتتۇق. مۇناپىقلار (ساڭا ئىتائەت قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى.

65 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

66 _ ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز _ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان بولاتتى.

67 _ ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك مۇكاپات ئاتا قىلاتتۇق.

68 _ ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق.

69 _ كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار (يەنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىنلەر) بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!

70 _ بۇ پەزل _ كەرەم ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ئاللاھ (ھەممىنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.

71 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇڭلار، (ئۇرۇشقا) تۈركۈم _ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار.

72 _ شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار. ئەگەر سىلەرگە بىرەر تالاپەت يەتسە: ئۇ (مۇناپىق) «ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا ياخشىلىق قىپتىكەن، ھېلىمۇ مەن ئۇلار بىلەن بىللە (ئۇرۇشقا) قاتناشماپتىكەنمەن (بولمىسا مەنمۇ ئۆلتۈرۈلەركەنمەن)» دەيدۇ.

73 _ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى (بولغان زەپەر) ئاتا قىلىنسا، گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر دوستلۇق يوقتەك، «كاشكى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ، ئەلۋەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەركەنمەن» دەيدۇ.

74 _ شۇڭا، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىمىز.

75 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا، «ئى رەببىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى ئاتا قىلغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان ئاجىز ئەر _ ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر؟

76 _ مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. (ئى مۇئمىنلەر!) سىلەر شەيتاننىڭ دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار. شەكسىزكى، شەيتاننىڭ ھىيلىسى ئاجىزدۇر.

77 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «(ئۇرۇش قىلىشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېيىلگەن، جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا بولسا بىر تۈركۈمى دۈشمەندىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدىڭ؟ بىزنى يېقىندا كېلىدىغان ئەجەلگە قەدەر كېچىكتۈرسەڭ

بولمامتى؟» دېگەن كىشـــىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر، تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاخىرەت ئەڭ ياخشـــىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك ئۇۋال قىلىنمايدۇ».

78 _ سىلەر قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. ئەگەر ئۇ (مۇناپىق) لار بىرەر ياخشـىلىققا ئېرىشـسـە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان _ زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن بولدى » دەيدۇ. «ھەممىسى ئاللاھتىندۇر» دېگىن. بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن؟ ھېچبىر سۆزنى چۈشىنەي دېمەيدۇ.

79 _ (ئى ئىنسـان!) سـاڭا كەلگەن (ھەرقانداق) ياخشـىلىق ئاللاھنىڭ پەزلىدىندۇر، سـاڭا يەتكەن يامانلىق ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىدىندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (بۇنىڭغا) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

80 _ كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسـا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سـېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.

81 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار: «ساڭا ئىتائەت قىلىمىز» دەيدۇ. سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا بولسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى يوشـۇرۇن ھالدا (سـېنىڭ يېنىڭدا) دېگەنلىرىنىڭ ئەكسـىنى پىلانلايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشـۇرۇن قىلمىشـلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. سـەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، (ئۇلار ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ). ئاللاھقا تايانغىن، ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك تايانچتۇر.

82 _ ئۇلار قۇرئان ئۈسـتىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاھتىن باشـقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى.

83 _ مۇناپىقلارغا (مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى يەتســە، ئۇلار ئۇنى يېيىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەر ئىچىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلارغا (ياكى دىنىي ئالىملارغا) مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇ خەۋەرنى تەھلىل قىلىپ نەتىجە چىقىرىش سـالاھىيىتىگە ئىگە كىشـىلەر ئەلۋەتتە ئۇنى (تارقىتىش ياكى تارقاتماسـلىق كېرەكلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئاز قىسمىڭلاردىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار.

84 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغىن. سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۇئمىنلەرنى (جىھاد قىلىشقا) ئىلھاملاندۇرغىن. ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۇرۇشىنى توسۇپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر.

85 _ كىمكى بىرەر ياخشـى ئىش ئۈچۈن ھەمكارلاشـسـا، ئۇنىڭغا شـۇ ئىشـنىڭ سـاۋابىدىن بىر نېسـۋە بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ گۇناھىدىن بىر نېسۋە بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

86 _ بىر كىشـى سـىلەرگە سـالام بەرسـە، ئۇنىڭ سـالىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشـىسـى بىلەن قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سـالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچىدۇر.

87 _ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. شـەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ سىلەرنى (ھېساب مەيدانىغا) چوقۇم توپلايدۇ. ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟

88 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سـىلەر نېمىشـقا مۇناپىقلار توغرىسـىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسـىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشـلىرى تۈپەيلىدىن كۇفرىغا قايتۇرۇۋەتتى، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز يول تېپىپ بېرەلمەيسەن.

89 _ ئۇلار سـىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشـۇڭلارنى، شـۇنداقلا، ئۆزلىرى بىلەن (كاپىرلىقتا، مۇناپىقلىقتا) باراۋەر بولۇشـۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوسـت تۇتماڭلار، ئەگەر (ھىجرەتتىن) باش تارتسـا، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار.

90 _ پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە قوشۇلغانلار ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشـى ئۇرۇش قىلىشـتىن يۈرەكلىرى سـىقىلىپ يېنىڭلارغا كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇسـتەسـنا. ئەگەر ئاللاھ خالىسـا ئىدى، ئۇلارنى

سىلەرگە قارشى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ قويالايتتى، ئاندىن ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تىنچلىق تەكلىپى سۇنسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ.

91 _ ھەم سىلەردىن ھەم ئۆز قەۋمىدىن ئامانلىقتا ئىرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەرنى كۆرىسىلەر، ئۇلار ھەرقاچان كاپىرلىققا چاقىرىلسا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تىنچلىق تەكلىپى سۇنمىسا، (سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قول يىغمىسا، بۇ چاغدا ئۇلارنى تۇتۇڭلار ۋە تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارغا قارشى (ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۈچۈن) سىلەرگە ئوپئوچۇق دەلىل تۇرغۇزۇپ بەردۇق.

92 _ سەۋەنلىكتىن بولمىسىلا، بىر مۇئمىننىڭ يەنە بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشى لايىق ئەمەس. كىمكى بىرەر مۇئمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت[1] تۆلىشى كېرەك. پەقەت ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ دىيەتنى كەچۈرۈم قىلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا (بۇ چاغدا قاتىل ئۇنى تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ). ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇئمىن سىلەرگە دۈشمەن قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم بىر مۇئمىن قۇلنىلا ئازاد قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا كېلىشىم بولغان قەۋمدىن بولسا، قاتىل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەيدۇ ۋە بىر قۇلنى ئازاد قىلىدۇ. قۇل ئازاد قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئاللاھقا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن ئۈزمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

93 _ كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ.

94 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ يولىدا (جىھاد قىلىشقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا (ئۇچرىغانلارنىڭ مۇئمىن ياكى ئەمەسلىكىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار، سىلەرگە (ئۆزىنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ) ئىسلامىي سالام بەرگەن ئادەمگە _ دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ _ «سەن مۇئمىن ئەمەسسەن» دېمەڭلار. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بار. ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ھىدايەتنى) ئېھسان قىلدى، شۇڭا (ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

95 _ مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا پۇل _ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ پۇل _ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى (بىرەر ئۆزرە تۈپەيلىدىن) جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى، مۇجاھىدلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ) جىھادقا چىقمىغانلاردىن كاتتا بىر مۇكاپات بىلەن ئۈستۈن قىلدى.

96 _ ئاللاھ (ئۇلارغا) يۇقىرى مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى. ئاللاھ ئەزەلدىن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

97 _ (ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەر بۇرۇن قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

98 _ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن (ھىجرەتكە) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

99 _ ئەنە شۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد بار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

---

[1] دىيەت _ سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمدىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۆلەمدۇر.

100 _ كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا نۇرغۇن چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

101 _ سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان _ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە) قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

102 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدە قىلىپ (يەنى نامىزىنى تاماملاپ) بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن، (ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى قىسمى كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇسۇن، ھوشيار تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلارنى، ماددىي ئەشيالىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ دىققەتسىزلىك قىلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك قىيىنچىلىق تۇغۇلسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھوشيار بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.

103 _ نامازنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ ۋە يېتىپمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.

104 _ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشتا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ. سىلەر ئاللاھتىن (شېھىتلىقتىن ئىبارەت) ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

105 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خىيانەتكارلارغا بولۇشمىغىن.

106 _ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

107 _ خىيانەت قىلىپ ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلارغا بولۇشمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا پاتقان ئادەمنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

108 _ ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن (ھايا قىلىپ) يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر.

109 _ سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، دۇنيا ھاياتىدا ئۇ (خىيانەتكار) لارغا تەرەپدار بولۇپ (ئاللاھ بىلەن) مۇنازىرىلەشتىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم ئۇلارنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئاللاھ بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدۇ؟ ياكى كىم ئۇلارنى قوغدايدۇ؟

110 _ كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

111 _ كىمكى، بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

112 _ كىمكى سەۋەنلىكتىن ياكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ.

113 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان ئىلتىپاتى چوڭدۇر.

114 _ ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ۋە ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەر (نىڭ پىچىرلىشىشلىرى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا پات يېقىندا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز.

115 _ كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىر) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

116 _ ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرىۋېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ.

117 _ (مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت چىشى (ناملىرى بىلەن ئۆزلىرى ئاتىۋالغان) بۇتلارغىلا چوقۇنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغىلا چوقۇنىدۇ.

118 _ ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان، شەيتان مۇنداق دېگەن: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن.

119 _ شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، خام خىيال قىلدۇرىمەن، ئۇلارنى چوقۇم (بۇتلارغا ئاتالغانلىقىغا بەلگە قىلىپ) ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن». كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ.

120 _ شەيتان ئۇلارغا ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىدۇ، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغانىنىلا ۋەدە قىلىدۇ.

121 _ ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.

122 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟

123 _ جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

124 _ ئەر _ ئاياللاردىن مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

125 _ (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان، ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ياخشى ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.

126 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ (ئىلمى بىلەن) ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

127 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئاللاھ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەر باركى، ئۇ ئايەتلەر سىلەر تەيىن قىلىنغان (مىراسى)نى بەرمەيدىغان، (مىراس قولىمىزدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ) ئەرگىمۇ بەرمەيدىغان، (ياكى چىراي كۆرۈمسىز دەپ، ئۆزۈڭلارمۇ ئالماي تۇتۇپ تۇرىدىغان) يېتىم قىزلار توغرىسىدا، بوزەك قىلىنغان بالىلار ۋە يېتىملەرگە ئادالەتلىك بولۇشۇڭلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

128 _ ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ ئىش كۆرسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كېلىشىپ ئىش قىلىش (ئاجرىشىشتىن) ياخشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن. ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ قىلىۋاتقىنىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر (سىلەرنى تولۇق مۇكاپاتلايدۇ).

129 _ ھەر قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى بار _ يوقنىڭ ئورنىدا) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (ئۆزۈڭلارنى) تۈزىسەڭلار ۋە (ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.

130 _ ئەگەر ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

131 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

132 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

133 _ ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭغا قادىردۇر.

134 _ كىمكى دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، (ئۇ بىلىپ قويسۇنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

135 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئادالەتنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بەرپا قىلغۇچى بولۇڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا _ ئاناڭلارنىڭ ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولۇڭلار. (سىلەر گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشى) باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن (گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتماڭلار). چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇر (ئۇلارغا نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ). نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار) ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.

136 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.

137 _ ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن يەنە كاپىر بولغان، ئاندىن كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

138 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر.

139 _ مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدىغان بۇ مۇناپىقلار كۈچ _ قۇۋۋەتنى كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدەۋاتامدۇ؟ شەكسىزكى، كۈچ _ قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر.

140 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ كىتابتا سىلەرگە شۇنداق (ھۆكۈم) چۈشۈردىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلار) باشقا پاراڭغا يۆتكەلمىگۈچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا سىلەرمۇ (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە توپلايدۇ.

141 _ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان مۇناپىقلار ئەگەر سىلەرگە ئاللاھتىن بىرەر زەپەر نېسىپ بولسا، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر قۇچسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىپ كەلگەن تۇرۇپ سىلەرنى مۇئمىنلەردىن قوغدىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ.

142 _ شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار نامازغا تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى بەك ئاز ياد ئېتىدۇ.

143 _ مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار مۇئمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، ئاللاھ كىمنى ئازغۇن قىلغان ئىكەن، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇنىڭ (ھىدايەت تېپىشى) غا ھەرگىز يول تاپالمايسەن.

144 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، (بۇنداق قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىغا ئاللاھقا ئوپئوچۇق بىر پاكىت ھازىرلاپ بېرىشنى خالامسىلەر؟

145 _ مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا بىرەر مەدەتكارمۇ تاپالمايسەن.

146 _ پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھقا چىڭ ئېسىلغان، دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

147 _ ئەگەر سىلەر (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى بەرگۈچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئالتىنچى پارە

148 _ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى (نىڭ زالىم ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى)دىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

149 _ سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىرەر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى (باشقىلار قىلغان) بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى كەچۈرگۈچىدۇر، چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر.

150 _ 151_ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلماقچى) بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار _ ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق.

152 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىپ قويمىغان (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

153 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەھلى كىتاب سەندىن ئۇلارغا ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى تەلەپ قىلىپ: «بىزگە ئاللاھنى ئوچۇق _ ئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى چاقماق سوقتى. ئاندىن ئۇلار ئۇلارغا ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدى. كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (پەيغەمبەرلىكىنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

154 _ ئۇلار (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى تۈپەيلى) ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر (تېغى)نى تىكلەپ قويغان ۋە ئۇلارغا: «(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار» دېگەن ھەمدە: «شەنبىدە (بېلىق تۇتۇپ) ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار» دەپ، ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق (كېيىن ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى).

155 _ ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە (سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن قوغلىدۇق). ئەمەلىيەتتە ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ.

156 _ يەنە ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنى جازالىدۇق).

157 _ يەنە (ئۇلار) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ھالبۇكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش كۆرسىتىلدى، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ (ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسى)دا شەك ئىچىدىدۇر. ئۇلار بۇ (توغرىدا ھېچقانداق) مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار كەسكىن شەكلدە ئۇنى ئۆلتۈرمىدى.

158 _ بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

159 _ ئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقى (ئىيسا ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن) چوقۇم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

160 _ 161_ يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان يولسىزلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق.

162 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلار)غا ئىمان ئېيتىدىغان مۇئمىنلەرگە، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.

163 _ (ئی پەیغەمبەر!) شەكسىزكی، بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكی پەیغەمبەرلەرگە ۋەھیی قىلغاندەك، ساڭىمۇ ۋەھیی قىلدۇق، ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، یەئقۇبقا، یەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىیساغا، ئەیيۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلەیمانغا ۋەھیی قىلغان ئىدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنی ئاتا قىلغان ئىدۇق.

164 _ (بىز ئەۋەتكەن پەیغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا) ئىلگىری بىز ساڭا بایان قىلغان پەیغەمبەرلەرمۇ، بایان قىلمىغان پەیغەمبەرلەرمۇ بار. ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان ئىدی.

165 _ بىزنىڭ پەیغەمبەرلەرنی خۇش خەۋەر بەرگۈچی ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچی قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز كىشىلەرنىڭ پەیغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا) ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسەتمەسلىكی ئۈچۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

166 _ (ئی پەیغەمبەر! یەھۇدیلار سېنىڭ پەیغەمبەرلىكىڭنی ئېتىراپ قىلمایدۇ) لېكىن ئاللاھ ساڭا ئۆز ئىلمی بىلەن نازىل قىلغان (قۇرئان) ئارقىلىق (سېنىڭ پەیغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

167 _ شۈبھىسىزكی، (ھەقىقەتنی) ئىنكار قىلغانلار ۋە (كىشىلەرنی) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتقانلاردۇر.

168 _ شۈبھىسىزكی، (ھەقىقەتنی) ئىنكار قىلغانلارنی ۋە (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنی ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، توغرا يولغىمۇ باشلىمايدۇ.

169 _ ئۇلارنی پەقەت دوزاخنىڭ يولىغىلا قويۇۋېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

170 _ ئی ئىنسانلار! بۇ پەیغەمبەر سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتنی ئېلىپ كەلدی. شۇڭا، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئىمان ئېيتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر كۇفرىدا چىڭ تۇرساڭلار (بىلىپ قويۇڭلاركی، ئاللاھ سىلەردىن ۋە ئىمانىڭلاردىن بىھاجەتتۇر. چۈنكی) ئاسمانلاردىكی ۋە زېمىندىكی نەرسىلەرنىڭ ھەممىسی ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ھەممىنی بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

171 _ ئی ئەھلی كىتاب (یەنی خىرىستىيانلار)! دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار. مەسىھ _ مەریەم ئوغلی ئىیسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەیغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەریەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەیغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، «(ئاللاھ) ئۈچتۇر»[2] دېمەڭلار، بۇ ئېتىقادىڭلاردىن يېنىڭلار، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، بالىلىق بولۇشتىن پاكتۇر، ئاسمانلاردىكی ۋە زېمىندىكی شەيئىلەرنىڭ ھەممىسی ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر.

172 _ مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىمكی ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكی) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنی ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ.

173 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشی ئەمەللەرنی قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنی تولۇق بېرىدۇ، ئۆز پەزلىدىن (نېمىتىنی) ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، (ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنی قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

174 _ ئی ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل كەلدی، سىلەرگە ئوپئوچۇق نۇر (قۇرئان)نی نازىل قىلدۇق.

175 _ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئىماندا چىڭ تۇرغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنی ئۆز رەھمىتی ۋە پەزلی دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇلارنی (جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان) توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

---

[1] یەنی ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.

2 خىرىستىيانلارنىڭ بەزىسی«ئاللاھ، مەریەم ۋە ئىیسا ئۈچی بىر ئىلاھتۇر» دېسە، یەنە بەزىسی«ئاللاھ، ئىیسا ۋە رۇھۇلقۇدۇس ئۈچی بىر ئىلاھتۇر» دەيدۇ.

176 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئاتىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولۇپ بالىسى بولمىسا، پەقەت بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسى مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ؛ ئەگەر (بۇ ھەمشىرە ۋاپات بولۇپ) ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ مىراسىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشى بېرىلىدۇ. (ھەقىقەتتىن) ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».

## مائىدە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 120ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشقا، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە چەك _ چېگراسىغا رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا چارۋىلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم دائىرىسى) دا بولغىنىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى ھالال سانىماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

2 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىگە، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايغا، قۇربانلىق مالغا، (قۇربانلىق مالغا) ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچۇقلارغا، رەببىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا كەلگۈچىلەرگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار. ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا ئوۋ ئوۋلىساڭلار بولىدۇ، بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىكىڭلار ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

3 _ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، توڭگۇز گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ قويغان ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقىلاردىن كېيىنكى بەش خىلدىن) جېنى چىققۇچە بوغۇزلىۋالغانلىرىڭلار ھالالدۇر. بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقتۇر. كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش)دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. شۇڭا ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم. كىمكى ئاچلىقتا، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسە، (ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن مېھرىباندۇر.

4 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا بىلدۈرگىنى بويىچە سىلەر شىكارغا ئۆگەتكەن (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلاپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار، (ئوۋچى جانىۋارلارنى قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) «بىسمىللاھ» دەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر».

5 _ بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ تامىقى (يەنى بوغۇزلىغان نەرسىلىرى) سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلارمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر، مۇئمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرگەن، ئىپپەتلىك بولغان، ئاشكارا زىنانى كۆزلىمىگەن ۋە يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمىغان ھالىتىڭلاردا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر. كىمكى ئىماننى (يەنى ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان مەسىلىلەرنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ (بۇرۇن قىلغان ياخشى) ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

6 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار؛ ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار (غۇسلى قىلىپ) پاكلىنىڭلار، ئەگەر (سۇ زىيان قىلىدىغان) كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولۇپ (تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن)، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ (غۇسلى قىلىش ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاڭلار (يەنى تەيەممۇم قىلىڭلار)، ئاللاھ

سلەرنى مۇشەققەتتە قويۇشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاپ بېرىشنى خالايدۇ.

7 _ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ۋە سىلەر (ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق) «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دەپ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ تولۇق بىلگۈچىدۇر.

8 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادالەتلىك گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادالەتلىك بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادالەتلىك بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

9 _ ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى.

10 _ كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر.

11 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە (خىرىس قىلىپ) قول سالماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توسۇپ قالدى. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن!

12 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىن ۋەدە ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق، ھەمدە ئاللاھ: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، ئەگەر سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلساڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، (ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىڭلارنى سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى چىن ۋەدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى ئىنكار يولىنى تۇتىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى.

13 _ ئۇلار ۋەدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ۋە دىللىرىنى قاتتىق قىلدۇق. ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (سەن يەنىلا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن ۋە كەچۈرگىن، چۈنكى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

14 _ بىز خىرىستىيانمىز دېگەنلەردىنمۇ چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكە قەدەر ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق. (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى بىر _ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

15 _ ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە كىتابىڭلاردا سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇننى ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىدىن (پايدىسى بولمىغانلىقتىن بايان قىلماي) ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەلچىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى.

16 _ ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

17 _ «ئاللاھ _ مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر» دەۋالغان كىشىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى پەيغەمبەر! خىرىستىيانلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ (نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

18 _ يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنداق بولسا ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» ئەكسىچە، سىلەرمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئاللاھ ياراتقان

ئىنسان. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

19 _ ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ «بىزگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (ھەقىقەتنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەلچىمىز كەلدى. ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

20 _ ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ ئاراڭلاردىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، سىلەرنى پادىشاھلار قىلغان، جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى سىلەرگە بەرگەن ئىدى.

21 _ ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرگە كىرىشنى بۇيرۇغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

22 _ ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك بىر قەۋم بار، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى.

23 _ ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، دەرۋازىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا تايىنىڭلار» دېدى.

24 _ ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى): «ئى مۇسا! ئۇلار ئۇ يەردىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى.

25 _ مۇسا دېدىكى: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، مەن ئۆزەمدىن ۋە قېرىندىشىمدىن باشقىسىغا ئىگە ئەمەسمەن. شۇڭا، سەن بىز بىلەن بۇ پاسىق قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن».

26 _ ئاللاھ دېدى: «(ئى مۇسا!) ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشى قىرىق يىلغىچە چەكلەندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. بۇ پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرما.

27 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىل) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېۋىدى، (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

28 _ ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزۇدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن.

29 _ مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ گۇناھىمنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر».

30 _ ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى_ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

31 _ ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (قاغا بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن) يەرنى كولاۋاتاتتى. ئۇ (قابىل بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي ئىسىت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىكمۇ بولالماپتىمەنغۇ!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى.

32 _ مۇشۇ (قاتىللىق جىنايىتى) سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق بەلگىلىدۇق: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى

قوتقۇزسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ. پەيغەمبەرلىرىمىز ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى يەنە يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى.

33 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشــى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاســى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب باردۇر.

34 _ پەقەت سـىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشـۈشـتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇسـتەسـنا. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

35 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مەقسـەتكە ئېرىشـىشـىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشـنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار.

36 _ كاپىر بولغانلار يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسـىلەرگە، يەنە شـۇنىڭدەك بىر ھەسـسـە كېلىدىغان نەرسـىلەرگە ئىگە بولغان ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىديە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن (بۇ فىديە) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

37 _ ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ _ يۇ، ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلارغا دائىملىق ئازاب بار.

38 _ ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

39 _ كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزىسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

40 _ بىلمەمسـەنكى، ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشـاھلىقى ئاللاھقا خاسـتۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

41 _ ئى پەيغەمبەر! دىللىرىـدا ئىشـــەنمەي تۇرۇپ، ئېغىزلىرىـدا: «ئىمـان ئېيتتۇق » دەپ قويىـدىغـان (مۇنـاپىق)لار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار ھەمىشـە يالغانغا بەك قۇلاق سالىدۇ، سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان باشقا بىر قەۋمنىڭ سۆزىگىمۇ بەك قۇلاق سـالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئەسلى مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر باشقا (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىشـتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دەيدۇ. ئاللاھ بىركىمنى ئازدۇرۇشـنى ئىرادە قىلسـا، سـەن ئاللاھتىن (كەلگەن ئازغۇنلۇقنى) ئۇنىڭدىن توسـۇپ قالالمايسـەن. دىللىرىنى پاك قىلىشـنى ئاللاھ خالىمىغان كىشـىلەر ئەنە شـۇلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيادا رەسـۋالىق، ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب باردۇر.

42 _ ئۇلار يالغانغا بەك قۇلاق سـالغۇچىلاردۇر، ھارامنى بەك يېگۈچىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سـېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ) كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭمۇ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭمۇ بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلسـاڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. چۈنكى ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

43 _ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن سـەن ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن (سـېنىڭ ھۆكمىڭدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەنە شـۇلار (تەۋراتقىمۇ، قۇرئانغىمۇ) ئىشەنمەيدىغانلاردۇر.

44 _ شەكسىزكى، بىز ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق، ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ئاتىغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى، پەرۋىشچى ئالىملار[1] ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ (ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلاشقا بۇيرۇلغان ئاللاھنىڭ كىتابى (بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى)، ئۇلار ئۇنى ساقلاشقا نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىي ئالىملىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى (ئۆزگەرتىپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر.

45 _ ئىسرائىل ئەۋلادىغا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان بىلەن، كۆزگە كۆز بىلەن، بۇرۇنغا بۇرۇن بىلەن، قۇلاققا قۇلاق بىلەن، چىشقا چىش بىلەن ۋە كىشىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا، ئۇنىمۇ شۇنداق يارىدار قىلىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى)غا كاپارەت بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر.

46 _ ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ كەينىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچى قىلىپ مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلىدىغان، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە ئۈگۈت بولغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.

47 _ ئىنجىل ئەھلى ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

48 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. پەقەت ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن (يول ۋە شەرىئەتلەر) بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر (نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ.

49 _ ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان كىتاب (قۇرئان) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان (قۇرئان)نىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى خالايدۇ. شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

50 _ ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ھەقىقەتكە) جەزم قىلىپ ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟

51 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر _ بىرىنىڭ دوستىدۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

52 _ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ «بېشىمىزغا بىرەر پالاكەت كېلىپ قېلىشتىن قورقىمىز» دەپ، ئۇلار (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار) بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ يېقىندا (مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ياكى (مۇناپىقلار ھەققىدە) ئۆز تەرىپىدىن بىر ھۆكۈمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ _ دە، (دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار) ئۇلارنى كۆڭلىدە يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكىدۇ.

---

[1] «پەرۋىشچى ئالىملار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «ربانيّ» دېگەن سۆز ئىلىم - ھېكمەتكە تولغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا سالالايدىغان يېتۈك ئالىمنى ئىپادىلەيدۇ «أيسر التفاسير» 1 _ 635 _ بەت.

53 _ (بۇ چاغدا) مۇئمىنلەر: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم ئىچكەنلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

54 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن كىمكى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئاللاھ (مۇنداقلارنىڭ ئورنىغا) ئۆزى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كەمتەر، كاپىرلارغا قاتتىق قول، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى ئۇزاققا قالماي مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ (سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، ئاللاھ پەزلى كەڭ ۋە ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

55 _ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان، (ئاللاھقا كەمتەرلىك بىلەن) بويسۇنىدىغان مۇئمىنلەردۇر.

56 _ كىمكى ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ تەرەپدارى بولىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ قوشـــۇنىدىندۇر). شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئەلۋەتتە غالىبتۇر.

57 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىكى دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇن _ تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

58 _ سىلەر نامازغا ئەزان ئېيتقان چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى مەسخىرە ۋە ئويۇن _ تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان بىر قەۋم بولغانلىقىدىندۇر.

59 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت بىزنىڭ ئاللاھقا، بىزگە نازىل قىلىنغان (كىتاب)قا ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلارنىڭ پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا بىزنى ئەيىبلەۋاتامسىلەر؟».

60 _ ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ (يەنى سىلەرنىڭ ئەيىبلىگىنىڭلاردىنمۇ) يامانراق جازاغا ئۇچرايدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار (سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار بولۇپ) ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، بىر قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا چوقۇنىدىغان قىلغان. ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر، ئۇلار توغرا يولدىن بەكمۇ ئاداشقانلاردۇر».

61 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار يېنىڭلارغا كۇفرى بىلەن كىرىپ كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتكەن تۇرۇپ، يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

62 _ سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ گۇناھتا، زۇلۇم سېلىشتا ۋە ھارام يېيىشتە بىر _ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

63 _ ئۇلارنىڭ مۇرەببىي ئالىملىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسسا بولمامتى؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

64 _ يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر) » دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى. ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر (پەزلى _ كەرەمى كەڭدۇر)، خالىغىنىچە بېرىدۇ. (يەھۇدىيلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىقنى ۋە كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق. ئۇلار ھەرقاچان ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

65 _ ئەگەر ئەھلى كىتاب ئىمان ئېيتسا ۋە (يامانلىقلىرىدىن) ساقلانسا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇ _ نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق.

66 _ ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە ئۇلارغا پەتكۈزۈلگەن (قۇرئان ئايەتلىرى) گە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىدىن ۋە ئايىغى ئاستىدىن (بېرىلگەن رىزىقنى) يەيتتى، ئۇلاردىن توغرا يولدا بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!

67 _ ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى (تولۇق) يەتكۈزگىن، ئەگەر (شۇنداق) قىلمىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

68 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە يەتكۈزۈلگەن (قۇرئان ئايەتلىرى) گە تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر (ھەقىقەتتىن) ھېچ نەرسىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولمايسىلەر». رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىقنى ۋە كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇڭا كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن.

69 _ مۆئمىنلەرگە، شۇنداقلا يەھۇدىيلار، مۇئەييەن بىر دىنغا تەۋە بولماستىن، تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن قالغانلار ۋە خرىستىيانلار ئىچىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق غەم قىلىش يوقتۇر، ئۇلاردا قايغۇرۇشمۇ بولمايدۇ.

70 _ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنى (بىرەر ئەھكامنى) ئېلىپ كەلسە، ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر قىسمىنى يالغانچى دېدى، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى.

71 _ ئۇلار ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلاپ، كور ۋە گاس بولۇۋالدى، (ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن) كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە كور ۋە گاس بولۇۋالدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

72 _ شەكسىزكى، «ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. ھالبۇكى، ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ» دېگەن ئىدى.

73 _ شەكسىزكى، «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر» دېگۈچىلەرمۇ ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

74 _ ئۇلار تېخىچە ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

75 _ مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى، ئۇ ئىككىسى (باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا) تاماق يەيتتى. ئايەتلىرىمىزنى ئۇلارغا (خرىستىيانلارغا) قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغىمۇ قارىغىن.

76 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مۇشرىكلارغا): «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، سىلەرگە پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن. (ھەممىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە (ھەممىنى تولۇق) بىلىپ تۇرغۇچى پەقەتلا ئاللاھتۇر».

77 _ (ئى پەيغەمبەر! خرىستىيانلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا يولسىزلىق قىلىپ چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋم (يەھۇدىيلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار».

78 _ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

79 _ ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر _ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

80 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرسەن. ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى قىلدۇرغان قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك) ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابقا قالغۇچىلاردۇر.

81 _ ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىتائىدىن) چىققۇچىلاردۇر.

82 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. «بىز ناسارا»[1] دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن. بۇنداق بولۇشى ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ، راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقىدىندۇر.

1 بۇ ئايەتتىكى«ناسارا» دېگەن سۆزدىن خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان پىرقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئەقىدىسى دۇرۇس خىرىستىيانلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## يەتتىنچى پارە

83 _ ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ئايەتلەر)نى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدا يازغىن.

84 _ بىز رەببىمىزنىڭ بىزنى ياخشىلار بىلەن بىللە (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھقا ۋە بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟».

85 _ بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

86 _ (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر.

87 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار. چۈنكى ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

88 _ ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

89 _ ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، (بۇنداق قەسەمنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلاردىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر. قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار. سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

90 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (مەبۇد قىلىپ) تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پەقەت شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار.

91 _ شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراق بىلەن قىماردىن) يانامسىلەر؟

92 _ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاسىيلىق قىلىشتىن) ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، ئەلچىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

93 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەگەر (ھارامدىن) ساقلانسا، ئىمانىدا چىڭ تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن (ھارامدىن) داۋاملىق ساقلىنىپ ئىمانىدا چىڭ تۇرسا، ئاندىن (ھارامدىن) ئىزچىل تۈردە ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ (ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى) يېگەن _ ئىچكەنلىرىدە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

94 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورقىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان ئاز - تولا ئوۋ بىلەن چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بار.

95 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئادالەتلىك ئىككى كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا تەڭداش كېلىدىغان چارۋىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر ياكى كاپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە تائام بېرىشتۇر، ياكى ھەربىر مىسكىنگە بېرىدىغان تائامنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. (ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن)

بۇرۇنقى گۇناھلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى بۇ گۇناھنى قايتا ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالىغۇچىدۇر.

96 _ سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ۋە ئۇلارنى يېيىش ھالال قىلىندى. سىلەر ئېھرامدا بولغان مۇددەت ئىچىدە، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى. سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

97 _ ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆي كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، قۇربانلىقنى، (قۇربانلىق ماللارغا ئېسىپ قويۇلغان) بويۇنچۇقلارنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئامانلىق مەنبەسى قىلدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

98 _ بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئازابى قاتتىق زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

99 _ پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (دىننى) يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

100 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى«گەرچە ناپاك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، ناپاك بىلەن پاك باراۋەر بولالمايدۇ». ئۇنداقتا، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

101 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (سوئال) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە (ھۆكمى) بىلدۈرۈلىدۇ، ئاللاھ (بۇنىڭدىن بۇرۇن سورىغانلىرىڭلارنى) كەچۈرۈۋەتتى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

102 _ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى.

103 _ ئاللا بەھىرە[1]، سائىبە[2]، ۋەسىلە[3] ۋە ھام[4] ناملىق تۆگىلەرنىڭ ھېچبىرىنى (بۇتلارغا ئاتاشنى) بۇيرۇغان ئەمەس، لېكىن كاپىرلار ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

104 _ ئۇلارغا «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ۋە پەيغەمبەر (بايان قىلغان ھۆكۈم)گە ئەمەل قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟).

105 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى (گۇناھتىن) ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار، توغرا يولدىن ئاداشقانلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

---

1 بەھىرە _ بەشىنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى چىشى تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ ئەن سېلىپ قويۇپ، ئىشلەتمەي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

2 سائىبە – ئىلاھلارغا ئاتالغان چىشى تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، ئەركىن قويۇپ بېرىلەتتى، خالىغان جايدا ئوتلايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.

3 ۋەسىلە – ئەركەك ۋە چىشى ئىككىنى بىر ۋاقىتتا تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئۇنى ئەركىگە قويۇپ بېرەتتى ۋە ئىلاھلىرىغا خاس قىلاتتى.

4 ھام _ ئۇن بوتىلاقنىڭ ئاتىسى بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، ئوتلاشتا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

106 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاراڭلاردىن بىرىڭىز ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلسە، (ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى تېپىلمىسا) باشقا دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن. ئەگەر سىلەر (باشقا دىندىكى ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: (بىز گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر) «بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، ئاللاھ (رازىلىقى) ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز، ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

107 _ ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

108 _ بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا ياكى قىلغان قەسىمىنىڭ (ۋارىسلارنىڭ قەسىمى بىلەن) رەت قىلىنىشىدىن قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قۇلاق سېلىڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

109 _ (ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «سىلەر (قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلاردىن) قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سەن بىلدۈرگەندىن باشقا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ.

110 _ شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، شۇ چاغدا ساڭا روھۇلقۇدۇس[1] بىلەن مەدەت بەرگەن ئىدىم، بۆشۈكتىكى چېغىڭدا ۋە ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرچە) سۆزلەيتتىڭ؛ شۇ چاغدا ساڭا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى بىلدۈرگەن ئىدىم، شۇ چاغدا مېنىڭ ئىرادەم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ، ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئۇ مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، سەن مېنىڭ ئىرادەم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ؛ شۇ چاغدا سەن مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ؛ شۇ چاغدا مەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ساڭا چېقىلىشتىن توسقان ئىدىم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر » دېگەن ئىدى.

111 _ شۇ چاغدا مەن ھاۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىلھام بەرگەن ئىدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، سەن بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولغىن» دېگەن ئىدى.

112 _ شۇ چاغدا ھاۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن تاماق بار بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېگەن ئىدى. ئىيسا (ئۇلارغا): «ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئىدى.

113 _ ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، (شۇ ئارقىلىق) كۆڭلىمىزنىڭ ئارام تېپىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇشنى خالايمىز» دېگەن ئىدى.

114 _ مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە تاماق بار بىر داستىخان چۈشۈرگىنكى، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (ئاتا قىلىنغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن، بىزگە رىزىق بەرگىن. سەن ھەقىقەتەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگەن ئىدى.

115 _ ئاللاھ: «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم چۈشۈرىمەن، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن كىمكى تۇزكورلۇق قىلسا، شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، ئۇنى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىمنى ئازابلىمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن» دېگەن ئىدى.

---

1 رۇھۇلقۇدۇس _ مۇقەددەس روھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما خرىستىيان دىنىنىڭ ئاتالغۇسىدا ئاللاھنىڭ روھى بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ روھ بىلەن يېتەكلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

116_ شۇ چاغدا ئاللاھ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ؟» دەيدۇ. ئىيسا ئېيتىدۇ: «(ئى رەببىم!) سەن شەنىڭگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن. ئېيتىشقا ھەققىم بولمىغان سۆزلەرنى ئېيتىش ماڭا ياراشمايدۇ، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، سەن ئۇنى چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ. سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن. شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن.

117 _ مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان: ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى ئېلىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن.

118 _ ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭ، شەكسىزكى، سەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

119 _ ئاللاھ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ (ئاتا قىلغان نېئمەتلەر)دىن رازى بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر».

120 _ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

## ئەنئام سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 165 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: تەۋھىد (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش) ئەقىدىسىنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ۋە شېرىك (يەنى كۆپ ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىش) ئەقىدىسىنىڭ ساختىلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇقلارنى ۋە يورۇقلۇقنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر! كاپىرلار (شۇنچە ئايەت ۋە دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق بۇتلارنى) رەببىگە تەڭ قىلىۋالىدۇ.

2 _ ئاللاھ سىلەرنى لايدىن ياراتقان، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتكەن زاتتۇر، (سىلەرنىڭ تىرىلدىغان) ۋاقتىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر. (ئى كاپىرلار! سىلەر مۇشۇ باياندىن) كېيىنمۇ (تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر.

3 _ ئۇ ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) زاتتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىدۇ، (ياخشى ۋە يامان بارلىق) ئەمەلىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

4 _ ئاشۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتىدۇ.

5 _ ئۇلارغا ھەق كىتاب (قۇرئان) كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنى يالغان دېدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى (بولغان ئازاب) كېلىدۇ.

6 _ بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن مىللەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمىدىمۇ؟ بىز ئۇلارغا يەر يۈزىدە سىلەرگە بەرمىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلارنى ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق ۋە ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن ئىدۇق. ئاندىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغان، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلغان ئىدۇق.

7 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار: «بۇ پەقەتلا ئوپئوچۇق بىر سېھىردۇر» دەيتتى.

8 _ ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە بىز كۆرەلەيدىغان) بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دېدى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرۇلۇق) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى.

9 _ بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق.

10 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىنغان ئىدى. مەسخىرە قىلغانلارنى ئۆزلىرى كۆزگە ئىلمىغان ئازاب قورشىۋالدى.

11 _ (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «يەر يۈزىنى كېزىڭلار، ئاندىن (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار».

12 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلاردىن) سورىغىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ ». ئاللاھ رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. چوقۇم بولىدىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ. (كۇفرىنى تاللاش بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

13 _ كېچە ۋە كۈندۈزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر, ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر, ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

14 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىگەم دەۋالسام بولامتى؟ ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس». ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە) مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم ۋە (ماڭا) «ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن» (دەپ ئەمر قىلىندى).

15 _ (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام, بۈيۈك (قىيامەت) كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن».

16 _ ئاشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدىكەن, ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولىدۇ. ئەنە شۇ ئوپئوچۇق نىجاتلىقتۇر.

17 _ (ئى ئىنسان!) ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە, ئۇنى ئاللاھتىن باشقا كۆتۈرۋەتكۈچى يوقتۇر, ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر). شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

18 _ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر, ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

19 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر. بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟» (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن (مۇنداق) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن». ئېيتقىنكى، «ئۇ ھەقىقەتەن بىرلا ئىلاھتۇر, سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن مەن بىراقمەن».

20 _ بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ.

21 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ.

22 _ (قىيامەت) كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىمىز, ئاندىن مۇشرىكلارغا: «ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى»؟ دەيمىز.

23 _ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى پەقەت: «رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

24 _ سەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قانداق يالغان ئېيتقانلىقىغا قارىغىن[1]. ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ.

25 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ قىرائىتىڭگە قۇلاق سالىدىغانلار بار, ئۇنى چۈشەنمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق, قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇ كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ، «بۇ (قۇرئان) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيدۇ.

26 _ ئۇلار كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ.

27 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنى دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان، ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەپ كېتىدىغان چاغدا كۆرگەن بولساڭ (دەھشەتلىك بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

---

[1] مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى يالغان ئېيتقانلىقى ئۇلارنىڭ «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. (تەپسىرى قۇرتۇبى، تەپسىرى جەزائىرى)
.

28 _ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان قىلمىشلىرى ئۆزىگە ئاشكارا كۆرۈندى. (شۇڭا ئۇلار شۇنداق دەيدۇ). ئۇلار (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

29 _ ئۇلار: «هاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى هاياتىمىزدۇر، بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دېگەن ئىدى.

30 _ ئۇلارنى رەببىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق هالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ). ئاللاھ ئۇلارغا: «بۇ (تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

31 _ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان هالدا: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىز سەۋەبلىك كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ئىسىت!» دەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكلىۋالغىنى نېمىدېگەن يامان!

32 _ دۇنيا هاياتى پەقەت ئويۇن – تاماشادىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟

33 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. (ئەسلىدە) ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، لېكىن بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

34 _ سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانچى دېيىلگەن ئىدى. ئۇلار بۇ تۆھمەتلەرگە ۋە ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يەنى قانۇنلىرىنى) هېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بىر قىسمى ساڭا يەتكۈزۈلدى.

35 _ ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، قولۇڭدىن كەلسە، يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى هىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. شۇڭا سەن هەرگىز نادانلاردىن بولمىغىن.

36 _ سېنىڭ سۆزۈڭگە (سەمىمىيلىك بىلەن) قۇلاق سالىدىغانلار (دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئۆلۈكلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

37 _ ئۇلار: «ئۇنىڭغا رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنىڭ هېكمىتىنى) بىلمەيدۇ.

38 _ مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، هەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. بىز لەۋھۇلمەهپۇزدا هېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق. كېيىن ئۇلار (هەممىسى) رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ.

39 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار بولسا (بەئەينى) قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان گاس ۋە گاچىلاردۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ.

40 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، ئاللاھتىن باشقىسىغا يالۋۇرامسىلەر؟

41 _ ئۇنداق قىلمايسىلەر. سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئاللاھ خالىسا، سىلەر (كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ) ئىلتىجا قىلغان بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، (ئۇ چاغدا) سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر».

42 _ شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەر (ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىزگە) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق – سىلاق بىلەن جازالىدۇق.

43 _ ئۇلارغا بىزنىڭ جازايىمىز چۈشكەن چاغدا يىلىنسا بولماسمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن، شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

44 _ ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، (سىناش ئۈچۈن) ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە خۇشال بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنى تۇيۇقسىز جازالىدۇق، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى.

45 _ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا شۈكرىكى، (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋم يوقىتىلىپ ھالاك قىلىندى.

46 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» سەن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قارىغىن.

47 _ ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى تۇيۇقسىز ياكى ئاشكارا كەلسە، ھالاك قىلىنىدىغىنى دەل شۇ كۇفرىلىق قىلغان قەۋم بولماي، كىملەر بولسۇن؟»

48 _ بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە (قىلمىشىنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا ئەنسىرەش ۋە غەم قىلىش يوقتۇر.

49 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

50 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، ‹مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار› دېمەيمەن، ‹مەن غەيبنى بىلىمەن› دەپمۇ ئېيتمايمەن، يەنە سىلەرگە ‹مەن بولسام بىر پەرىشتە› دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن». ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ئويلاپ باقماسسىلەر؟»

51 _ رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى يوق ھالەتتە توپلىنىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن.

52 _ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا رەببىگە ئىبادەت قىلىدىغانلارنى سەن (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن. ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئەگەر سەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

53 _ (ئىنسانلارنىڭ) بەزىسى بەزىسىنى (كۆزگە ئىلماي) : « ئارىمىزدىن ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمىكەن؟» دېيىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

54 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن چاغدا (سەن ئۇلارغا): «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، رەببىڭلار رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ئۆزىنى تۈزەتسە (ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر» دېگىن.

55 _ گۇناھكارلارنىڭ يولى ئېنىق ئايرىلسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى ئاشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىمىز.

56 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئەلۋەتتە مەنئى قىلىندىم». ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، ئەگەر مەن سىلەرگە ئەگەشسەم، ھەقىقەتەن ئېزىپ كەتكەن بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن».

57 _ ئېيتقىنكى، «مەن رەببىم تەرىپىدىن (كەلگەن) روشەن دەلىل (ۋەھيى)گە ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى يالغانغا چىقاردىڭلار، سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

58 _ ئېيتقىنكى، «سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولاتتى». ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ.

59 _ غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، تۆكۈلگەن يوپۇرماقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر تال ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئېنىق يېزىلغاندۇر.

60 _ ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدىغان، كۈندۈزدە قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە (ياشىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدىغان زاتتۇر. ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاندىن ئۇ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

61 _ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ، نىھايەت بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلگەندە، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

62 _ ئاندىن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئۇ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

63 _ (ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ زۇلمەتلىرىدىن (يەنى بالايىئاپەتلىرىدىن) سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بالايىئاپەت كەلگەن چاغدا) سىلەر ‹ئەگەر (ئاللاھ) بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا، چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ۋە تۆۋەن ئاۋازدا دۇئا قىلىسىلەر».

64 _ ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئۇ زۇلمەتلەردىن ۋە بارلىق غەم _ قايغۇلاردىن ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (يەنە ئۇنىڭغا) شېرىك كەلتۈرىسىلەر».

65 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ (ئۇرۇشتۇرۇپ)، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر». ئۇلارنى چۈشەنسۇن، دەپ ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىغىن.

66 _ قۇرئان ھەق تۇرسا، سېنىڭ قەۋمىڭ ئۇنى ئىنكار قىلدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن.

67 _ (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقتى بار، (سىلەر بۇنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

68 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە قالايمىقان گەپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا گەپكە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلاردىن يىراق تۇرغىن. (ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى) شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.

69 _ تەقۋادارلارغا ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، تەقۋادارلار ئۇلارنىڭ (بۇنداق قىلمىشتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەز _ نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

70 _ دىنىنى ئويۇن _ تاماشا قىلىۋالغان ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى قويۇپ تۇرغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەرقانداق فىديە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغانلاردۇر. ئۇلارغا كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن قايناپ تۇرغان شاراب ۋە قاتتىق ئازاب بار.

71 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھنى قويۇپ بىزگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇق؟ ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (ئەگەر بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق) شەيتانلار ئازدۇرۇپ بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىزى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان

(بولســـىمۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ھالاك بولغان) بىر ئادەمگە ئوخشـــاپ قالىمىز». ئىبنىقەييىم، «ئاللاھنىڭ ھىدايىتىلا ھەقىقىي ھىدايەتتۇر. بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق.

72 _ بىز يەنە ‹نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار› (دەپ بۇيرۇلدۇق). ئەنە شـۇ ئاللاھ سـىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان زاتتۇر».

73 _ ئاللاھ ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ (قانداقلا بىر نەرسـىگە) «بول!» دېگەن كۈنى ئۇ دەرھال بولىدۇ. ئاللاھنىڭ سـۆزى ھەقتۇر. سـۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى پادىشـاھلىق ئۇنىڭغا خاسـتۇر[1]. ئاللاھ يوشـۇرۇن ۋە ئاشـكارا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

74 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسـى ئازەرگە: «سـەن بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالامسـەن؟ شـەكسـىزكى، مەن سـېنى ۋە قەۋمىڭنى ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

75 _ شـۇنىڭدەك ئىبراھىمنى قەتئىي ئىشـەنگۈچىلەردىن بولسـۇن دەپ، بىز ئۇنىڭغا ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرسەتتۇق.

76 _ ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسـقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن» دېدى.

77 _ ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى.

78 _ ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭ ئىكەن» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە بىزارمەن.

79 _ شـــەكسـسـىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاســـمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».

80 _ ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، سىلەر مەن بىلەن ئاللاھ (نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشـەمسـىلەر؟ مەن سـىلەرنىڭ ئاللاھقا شـېرىك قىلىۋالغان نەرسـىلىرىڭلاردىن قورقمايمەن. پەقەت رەببىمنىڭ ئىرادە قىلغىنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسـنا. رەببىمنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسـىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سـىلەر بۇنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟

81 _ (بۇتلارنى ئاللاھقا شـېرىك قىلىۋېلىش) ھەققىدە ئاللاھ سـىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشـۈرمىگەن تۇرسـىمۇ، سـىلەر ئۇ نەرسـىلەرنى ئاللاھقا شـېرىك قىلىۋېلىشـتىن قورقمايۋاتسـاڭلار، مەن سـىلەرنىڭ شـېرىك قىلىۋالغان نەرسـىلىرىڭلاردىن قانداقسـىگە قورققۇدەكمەن؟ ئەگەر بىلسـەڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىز ۋە سـىلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىدىن زادى قايسـىمىز (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ئەمىن خاتىرجەم بولۇشقا تېگىشلىك؟».

82 _ ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا ھەرقانداق بىر زۇلۇمنى (مۇشرىكلىكنى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر.

83 _ ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بەرسـۇن دەپ، ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شـۇدۇر. بىز خالىغان كىشـىنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز. رەببىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

84 _ بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. بىز ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلغان، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سـۇلەيمان، ئەييۇب، يۇسـۇف، مۇسـا، ھارۇنلارنى (ھىدايەت قىلغان ئىدۇق). (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

---

(1) سۇر_ قىيامەت قايىم بولغاندا بىر قېتىم، ئاندىن ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كانايدۇر.

85 _ زەكەرىييا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئىلياس قاتارلىقلارنىمۇ (ھىدايەت قىلدۇق). ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.

86 _ ئىسمائىل، ئەليەسەئ، يۇنۇس ۋە لۇت قاتارلىقلارنىمۇ (ھىدايەت قىلدۇق). ئۇلارنى (ئۆز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

87 _ ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى (ھىدايەت قىلدۇق)، ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق.

88 _ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بولۇپ، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى.

89 _ ئەنە شۇلار بىز كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلغان كىشىلەردۇر. ناۋادا ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار) بۇلارنى ئىنكار قىلسا، بۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز.

90 _ ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. (قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇ (قۇرئان) پەقەت پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەتتۇر».

91 _ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئاللاھنى ئۆز قەدرىگە لايىق تونۇمىدى. چۈنكى، ئۇلار «ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دېدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئۇنداقتا) مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان، سىلەر پارچە _ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، (خالىغىنىڭلارنى) ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىدىغان، سىلەرگە ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا _ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر ئۇنىڭ سايىسىدا بىلدۈرۈلگەن كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟» (ئى پەيغەمبەر!) «ئاللاھ نازىل قىلدى» دېگىن، ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئازغۇنلۇقتا پاتقان ھالدا ئويناپ يۈرسۇن.

92 _ بۇ (قۇرئان) سېنىڭ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

93 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ نازىل قىلالايمەن دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) سەن بۇ زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقتىدا بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر قوللىرىنى سوزۇپ ئۇلارغا: «جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ.

94 _ (ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ): «سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا خۇددى بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىمىزدىكىدەك بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ تەنھا كەپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارچە ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتىۋالغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەتچى دەپ) گۇمان قىلغان نەرسىلەر سىلەردىن يوقالدى».

95 _ شەكسىزكى، ئاللاھ داننى ۋە ئۇرۇقنى بىخلاندۇرغۇچىدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچىدۇر. شۇلارنى قىلغان زات _ يېگانە ئاللاھتۇر. سىلەر قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

96 _ ئاللاھ سۈبھىنى (قاراڭغۇلۇقتىن) يېرىپ چىقارغان، (سىلەر ئۈچۈن) كېچىنى ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغان، قۇياش بىلەن ئاينى (ئۆز ئوربىتىسىدا مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە) مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلغان زاتتۇر. ئەنە شۇلار غالىب، (ھەممىنى) تولۇق بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر.

97 _ ئاللاھ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرنىڭ يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، دەلىل _ پاكىتلارنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

98 _ ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن ياراتقان، سىلەرنى (ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا) قارارلاشتۇرغان، ئاندىن (ئاناڭلارنىڭ بالىياتقۇسىدا) ئامانەت قويغان زاتتۇر. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

99 _ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇرنى چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. مانا بىز ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق. يەنە يېشىل مايسىلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر _ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردۇق، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى (يېتىشتۈردۇق، يەنە) ئۈزۈملۈك باغلارنى، بىر _ بىرىگە (بەزى تەرەپتىن) ئوخشايدىغان ۋە (بەزى تەرەپتىن) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى (يېتىشتۈردۇق). سىلەر ئۇلارنىڭ مېۋىلىگەن چاغدىكى يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلاردا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەلىللەر باردۇر.

100 _ جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىپ شتى، نادانلىقتىن، «ئاللاھنىڭ ئوغۇل _ قىزلىرى بار» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىشتى. ئاللاھ ئۇلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

101 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ جۈپتى بولمىسا قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان، ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

102 _ (ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

103 _ كۆزلەر ئاللاھنى ئىدراك قىلالمايدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى تولۇق بىلىدۇ. ئاللاھ ئىشلارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ئەڭ مەخپىي ئىشلاردىنمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر.

104 _ (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن توغرا يولنىڭ روشەن دەلىللىرى كەلدى، كىمكى (ھەقىقەتنى) كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگە، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگىدۇر. مەن سىلەرگە كۆزەتچى ئەمەسمەن».

105 _ بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلىپ بەرسەك، مۇشرىكلار (سەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئۆگىنىپسەن) دەۋالىدۇ. بىز بىلىدىغان قەۋمگە (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز.

106 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن.

107 _ ئەگەر ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن.

108 _ (ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار نادانلىقتىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك (يەنى مۇشرىكلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك)، ھەربىر ئۈممەتكە ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى رەببىنىڭ دەرگاھىدۇر. (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

109 _ ئۇلار : «ئەگەر بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلسە، بىز ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مۆجىزىلەر پەقەتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر» دېگىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

110 _ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى پەردىلەپ، ئۇلارنى مۆجىزىلەرگە دەسلەپتە ئىشەنمىگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىمىز _ دە، ئۆز ئازغۇنلىقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز.

## سەككىزىنچى پارە

111 _ بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەر (تىرىلىپ، سېنىڭ راستچىللىقىڭغا گۇۋاھ بېرىپ) ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن، (ئۇلار تەلەپ قىلغان) ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن، (ئۇلار ھەممىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن) تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئىرادە قىلمىغۇچە، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

112 _ (ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار شېرىن _ شېكەر سۆزلەر بىلەن بىر _ بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ، ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇنىمۇ قىلالمايتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرى ئويدۇرغان نەرسىلىرىگە قويۇپ بەرگىن.

113 _ (ئۇلار) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (ئۇ شېرىن _ شېكەر سۆزلەرگە) مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە قىلىۋاتقان گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن (دەپ شۇنداق قىلىدۇ).

114 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە (ھەقىقەتنى) ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچىنى ئىزدەمدىمەن؟». بىز كىتاب ئاتا قىلغان (يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇ (قۇرئان)نىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.

115 _ رەببىڭنىڭ سۆزى راستلىق ۋە توغرىلىق جەھەتتە ۋايىغا يەتكەندۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

116 _ ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە (يەنى كاپىرلارغا) ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.

117 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

118 _ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار.

119 _ زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، (بۇ خىل مەسىلىلەردە) باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

120 _ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تاشلاڭلار، شەكسىزكى، گۇناھكارلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

121 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (ھالال _ ھارام ئىشىدا) سىلەر بىلەن تالاش _ تارتىش قىلىشقا قۇترىتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا بويسۇنساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.

122 _ ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.

123 _ شۇنىڭدەك (يەنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىنى باش گۇناھكارلىرى قىلغىنىمىزدەك)، ھەربىر شەھەردە ھىيلە _ مىكىر ئىشلىتىشى ئۈچۈن باش گۇناھكارلارنى قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكىرلىرى پەقەتلا ئۆزىگە يانىدۇ، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ.

124 _ ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسىلا، «بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمگە بېرىشنى) ئوبدان بىلىدۇ. (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە _ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خارلىققا ۋە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

125 _ ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى _ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلى _ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، گويا ئۇ ئاسمانغا تېز چىقىۋاتقاندەك ئىچى سىقىلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.

126 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ (دىن) رەببىڭنىڭ توغرا يولىدۇر. ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلدۇق.

127 _ رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا تىنچلىق يۇرتى (جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكاردۇر.

128 _ ئاللاھ (ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ) ھەممىسىنى تولۇق يىغىدىغان كۈنى: «ئى جىنلار (تائىپىسىدىن بولغان شەيتانلار) جامائەسى! سىلەر ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار» (دەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى رەببىمىز! بىز بىر-بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (قىيامەتكە) يەتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، پەقەت ئاللاھ خالىغان ۋاقىتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

129 _ شۇنىڭدەك (يەنى جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىغا مۇسەللەت قىلىپ قويغىنىمىزدەك)، زالىملارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر _ بىرىگە مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز.

130 _ «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» (دېيىلگەندە)، ئۇلار: «بىز (پەيغەمبىرلەرنىڭ كەلگەنلىكىگە) ئۆزىمىزگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

131 _ بۇ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، رەببىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىدا (ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ) ھالاك قىلغان ئەمەس.

132 _ ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، رەببىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەستۇر.

133 _ رەببىڭ (ھېچكىمگە) موھتاج ئەمەستۇر، رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، سىلەرنى خۇددى باشقا بىر قەۋمنىڭ نەسلىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەردىن كېيىن ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ.

134 _ شەكسىزكى، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسە (يەنى قىيامەت) چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

135 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ (ئۆز يولۇم بويىچە) ئىش قىلىۋېرەي. ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر. شۇ ئېنىقكى، زالىملار ھەرگىز مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ».

136 _ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئەمما ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ (بۇ) ھۆكمى نېمىدېگەن قەبىھ!

137 _ مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (بولمىش شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك (يەنى ئاللاھقا ۋە بۇتلىرىغا نېسىۋە ئايرىپ قويۇشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) ئۇلارنىڭ ئۇرغۇنلىرىغا باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ ئىش)نى قىلالمايتتى. شۇڭا سەن ئۇلارنى (ئاللاھ نامىدىن) ئويدۇرغان يالغانلىرى بىلەن بىللە قويۇپ تۇر.

138 _ ئۇلار ئۆز گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر» دېدى. (ئۇلار) بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا (ئاللاھ شۇنداق بۇيرۇغان دەپ) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ.

139 _ ئۇلار يەنە: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە خاستۇر، ئاياللىرىمىزغا ھارامدۇر، ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ (ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا) ئورتاقتۇر (ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ)» دېيىشتى. ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

140 _ ئەخمەقلىقى ۋە نادانلىقىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام سانىغان كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار راستتىنلا ئېزىپ كەتتى، ھىدايەت تاپمىدى.

141 _ ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى بىر _ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (ياپراقلىرى) بىر _ بىرىگە ئوخشايدىغان، (مېۋىسى ۋە تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. مېۋىلىگەندە ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋىنى يىغقان كۈندە، ئۇنىڭ ھەققىنى (ئۆشرىسىنى) ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

142 _ چارۋىلاردىن يۈك توشۇيدىغانلىرىنى، ياتقۇزۇپ بوغۇزلىنىدىغانلىرىنى (ياراتقان ئاللاھتۇر). ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

143 _ ئەركەك _ چىشى سەككىز ھايۋان (نىمۇ ئاللاھ ياراتتى): قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى ئۆچكە). (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنى ھارام قىلدىمۇ؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا (ئاللاھ تەرىپىدىن) بىرەر مەلۇمات ئېيتىپ بېرىڭلار!».

144 _ (ئاللاھ سىلەرگە ئەركەك _ چىشى قىلىپ) تۆگىدىن ئىككىنى، كالىدىنمۇ ئىككىنى (ياراتتى). (مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزايىنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

145 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى«ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىتىلغان قان ۋە ياكى (ئەسلىدىن) پاسكىنىلىقى سەۋەبلىك (ھارام قىلىنغان) چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىپ گۇناھقا سەۋەب بولغان مالدىن باشقىسىنى ھېچكىمگە ھارام كۆرمەيمەن». كىمكى چارىسىز قېلىپ ئۇلاردىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) لەززەتلىنىشنى كۆزلىمەي، (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن) ئاشۇرۇۋەتمەي يېسە (گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى سېنىڭ رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

146 _ يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلار ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ (پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ئارقىلىق) ئۇلارنى جازالىدۇق، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز.

147 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى دېسە، سەن (ئۇلارغا): «رەببىڭلار كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن.

148 _ مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا _ بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) بىزگە كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر پاكىتىڭلار بارمۇ؟ سىلەر پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىسىلەر، پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيسىلەر».

149 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، « (سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ يېتەرلىك پاكىتى بار. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلغان بولاتتى».

150 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە) «ئاللاھ بۇلارنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار (يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلار (مەۋھۇم نەرسىلەرنى) رەببىگە تەڭ قىلىدۇ.

151 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «كېلىڭلار، رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە نېمىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا _ ئاناڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قەبىھ ئىشلاردىن ھېچبىرىگە يېقىنلاشماڭلار، ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار؛ پەقەت ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.

152 _ سىلەر يېتىمنىڭ مال _ مۈلۈكىگە تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر يېقىن كەلمەڭلار، پەقەت ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدىلا يېقىن كەلسەڭلار بولىدۇ. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى ئادالەت بىلەن قوللىنىڭلار. بىز ھېچقانداق ئادەمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز. (بىراۋ توغرۇلۇق) سۆز قىلغان چېغىڭلاردا (گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئادالەتلىك بولۇڭلار، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (مەسئۇلىيىتىڭلارنى) ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى».

153 _ شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، بولمىسا (ئۇ ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (يامان ئاقىۋەتتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.

154 _ ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشى ئىش قىلغان ئادەمگە (نېمىتىمىزنى) مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش، (ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان) ھەربىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش، (ئۇلارنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتابنى ئاتا قىلدۇق.

155 _ بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار.

156 _ 157 _ (ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ «پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى (يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت) ئىككى تائىپىگىلا كىتاب نازىل قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ياكى سىلەرنىڭ «ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق). سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دەلىل، ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز.

158 _ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەت كۈنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) كېلىشىنى ۋە ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن (يەنى قۇياش مەغرىبتىن چىققان) كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى

ئىمان ئېيتىپ (ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر) ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېيتقان ئىمانىنىڭ (ۋە قىلغان ئەمەلىنىڭ) قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «سىلەر (ئاقىۋىتىڭلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن.

159 _ ئۆز دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر بىلەن سېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىڭ يوق، ئۇلارنىڭ ئىشىنى پەقەت ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

160 _ كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى بىرەر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇ پەقەت شۇ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئۇۋۋالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

161 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن رەببىم مېنى توغرا يولغا، يەنى توغرا دىنغا _ توغرا يولدا ماڭغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى».

162 _ ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.

163 _ ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنىڭغا (يەنى مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن».

164 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا رەب ئىزدەمدىمەن؟» ھەركىم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ. ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. كېيىن قايتىدىغان جايىڭلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

165 _ ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە (بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلغان، سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەر ھەققىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان زاتتۇر. شەكسىزكى، رەببىڭ (زالىملارنى) تېز جازالىغۇچىدۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مەخلۇقاتىغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ئەئراف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 205 ئايەت.

ئىمام قۇرتۇبىنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ ﴿وَاسْأَلْهُمْ عَنِ الْقَرْيَةِ الَّتِي كَانَتْ حَاضِرَةَ الْبَحْرِ﴾ دېگەن ئايىتىدىن ﴿وَإِذْ نَتَقْنَا الْجَبَلَ فَوْقَهُمْ﴾ دېگەن ئايىتىگىچە بولغان سەككىز ئايەتتىن باشقا ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاسلىق غايىسى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ (ئى پەيغەمبەر! بۇ، ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز _ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدىن (يەنى قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.

3 _ (ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (ساختا) ئىگىلەرگە ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى بەكمۇ ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.

4 _ بىز قانچىلىغان شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى.

5 _ بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: «بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

6 _ بىز ئەلچى ئەۋەتىلگەن ئۇممەتلەرنى سوئال _ سوراق قىلىمىز، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئەلچى ئەۋەتىلگەن سوئال _ سوراق قىلىمىز.

7 _ (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) ئۇلارغا ئېنىق مەلۇمات بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز. بىز ئۇلاردىن ھېچقاچان ئايرىلمىغان ئىدۇق.

8 _ بۇ كۈندە (ئەمەللەرنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر.

9 _ كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر.

10 _ (ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، بىز سىلەرنى يەر يۈزىدە ماكانلاشتۇردۇق، يەر يۈزىدە سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر.

11 _ شەكسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى.

12 _ ئاللاھ (ئىبلىسقا): «مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، سەن نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ياخشى، (چۈنكى) مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى.

13 _ ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت! بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەرنىڭ بىرىسەن».

14 _ ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

15 _ ئاللاھ: «ساڭا چوقۇم مۆھلەت بېرىلىدۇ» دېدى.

16 _ ئىبلىس ئېيتتى: « سەن مېنى ئازدۇرغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.

17 _ ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن».

18 _ ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) سۆكۈلگەن ۋە قوغلانغان ھالدا چىق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن».

19 _ «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن بىللە جەننەتتە تۇرغىن، (ئىككىڭلار) جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار؛ بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

20 _ لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كېتەمسىلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى.

21 _ ھەمدە ئۇلارغا: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.

22 _ شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن (ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە) قايىل قىلدى. ئۇلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندە ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (تىكى دەرەخلەرنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ رەببى ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شەكسىزكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى.

23 _ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

24 _ ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر بىر _ بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا (جەننەتتىن) چۈشۈڭلار، سىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە بىر مۇددەت ماكانلىشىش ۋە پايدىلىنىش بار».

25 _ ئاللاھ ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر».

26 _ ئى ئادەم بالىلىرى! ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان كىيىمنى ۋە زىننەتلىنىدىغان كىيىمنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق كىيىمى ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى) ئەسلەپ (شۈكۈر قىلىشىڭلار) ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.

27 _ ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا _ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرۇۋەتمىسۇن. شەيتان ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى. شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شەكسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق.

28 _ ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ھەرگىز يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن ئېيتامسىلەر؟».

29 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «رەببىم مېنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇدى. سىلەر ھەربىر سەجدە قىلغىنىڭلاردا پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىڭلار، تائەت - ئىبادىتىڭلارنى (رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلغان ھالدا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر (قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى) دەسلەپتە ياراتقاندەك (يەنە بىر ھاياتقا) قايتىسىلەر».

30 _ ئاللاھ (بەندىلىرىدىن) بىر قىسىمىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلدى، يەنە بىر قىسىمىغا ئازغۇنلۇق تېگىشلىك بولدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتتى. (ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ھېسابلايدۇ.

31 _ ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكىز ۋە) چىرايلىق كىيىنىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

32 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر (گەرچە كاپىرلارمۇ پايدىلانسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر». (بۇنىڭ قىممىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلي بايان قىلىمىز.

33 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «رەببىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشىڭلارنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلىشىڭلارنى ھارام قىلدى».

34 _ ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى _ كېيىن بولمايدۇ.

35 _ ئى ئادەم بالىلىرى! ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، كىمكى (ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ساقلانسا ۋە (ئۆزىنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ يوقتۇر.

36 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە دوزاختا قالغۇچىدۇر.

37 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئۇلار (ئازابتىن) پۈتۈلگەن نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ، ئۇلار: «ئۇلار بىزنى تاشلاپ كەتتى» دەيدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى (ئىقرار قىلىپ)، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

38 _ ئاللاھ (ئۇلارغا): «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» دەيدۇ. ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەم بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر ئىلگىرى كىرگەنلەرگە قارىتىپ: «ئى رەببىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. ئاللاھ: «(سىلەردىن) ھەربىر ئۈممەت ئىككى ھەسسە ئازابقا دۇچار بولىدۇ، لېكىن سىلەر (ئۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ.

39 _ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، شۇڭا، سىلەرمۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

40 _ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ. گۇناھكارلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

41 _ دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ. (كۇفرلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

42 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار __ بىز ھېچكىمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز __ ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

43 _ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆچمەنلىك (ۋە شۇنىڭدەك سەلبىي ھېس _ تۇيغۇلاردىن نىمە) بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلايمىز، ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى سارايلىرى) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «بىزنى بۇنىڭغا يېتەكلىگەن ئاللاھقا شۈكۈركى، ئەگەر

ئۇ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، بىز توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق. شەكسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەر ۋارىس قىلىنغان جەننەت مانا مۇشۇدۇر» دەپ نىدا قىلىنىدۇ.

44 _ جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە: «بىز رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: « (كاپىرلىقنى تاللاش ئارقىلىق) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!

45 _ ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدىغان، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەردۇر».

46 _ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر سېپىل بولىدۇ [1]. سېپىلنىڭ ئۈستىدە (جەننەت ئەھلى بىلەن ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ) ھەربىرىنى ئۇلارنىڭ سىيماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىگە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر.

47 _ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوزاخ ئەھلى تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى رەببىمىز! بىزنى بۇ زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ.

48 _ سېپىل ئۈستىدىكىلەر سىيماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخي) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل _ مېلىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار نېمىگە ئەسقاتتى؟

49 _ سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دەپ (مۇئمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) توۋلايدۇ، (ئاندىن سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە) «جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ يوقتۇر» (دېيىلىدۇ).

50 _ دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىگە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇلارغا (جاۋابەن): «ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ.

51 _ ئۇلار دىنلىرىنى ئويۇن _ تاماشا قىلىۋالدى، دۇنيا ھاياتى ئۇلارنى ئالداپ قويدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇچرىشىشىنى ئۇنتۇپ، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز.

52 _ شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا (قۇرئاندىن ئىبارەت ساماۋى) كىتابنى ئېلىپ كەلدۇق، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى ئىلىم ئاساسىدا تەپسىلي بايان قىلدۇق.

53 _ ئۇلار پەقەت (ئۇ كىتابتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن (قىيامەت) كۈنى، ئىلگىرى بۇ كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى (بىزگە) ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتماپتۇق، بۈگۈن) ئەمدى بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى (بىزنىڭ گۇناھتىن قول ئۈزۈپ) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى (ئەنە شۇنداق) زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلەر (يەنى شاپائەتچىلەر) ئۇلارنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ.

54 _ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر _ بىرىنى قوغلىشىدىغان، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر. بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

---

(1) ئايەتتىكى﴿حجاب﴾دېگەن سۆز پەردە دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى تەبەرى، تەپسىرى قۇرتۇبى، تەپسىرى بەغەۋى قاتارلىق مەشھۇر تەپسىرلەردە، ﴿حجاب﴾دېگەن سۆز «سېپىل» دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇنى ھەدىد سۈرىسىدىكى﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾دېگەن ئايەت كۈچلەندۈرىدۇ. (ھەدىد سۈرىسى : 13-ئايەت) .

55 _ رەبىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ.

56 _ (ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئاللاھقا قورققان ۋە (ئۇنىڭ رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.

57 _ ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر) يېغىش ئالدىدا شـــاماللارنى بېشـــارەتچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتتۇر، شـــاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (قاقاس) جايلارغا ســـۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك _ تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز. بىز (قىيامەت كۈن) ئۆلۈكلەرنى (قەبرىلىرىدىن) ئەنە شۇنداق چىقىرىمىز، (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغايسىلەر.

58 _ مۇنبەت يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ مەنپەئەت ئالىدۇ)، ناچار يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى پەقەت قىيىن، ناچار ئۈنىدۇ (كاپىرمۇ سۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالمايدۇ). شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز.

59 _ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى.

60 _ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا دەپ قارايمىز» دېدى.

61 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەندە قىلچىلىكمۇ ئازغۇنلۇق يوقتۇر، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

62 _ مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن ئاللاھتىن (كەلگەن ۋەھيى سايىسىدا) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

63 _ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (قىيامەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىپ، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىر نەسىھەت كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟».

64 _ ئۇلار يەنىلا نۇھنى يالغانچى دېدى. بىز نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا (سۇغا) غەرق قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار (دىلى) كور قەۋم ئىدى.

65 _ ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشـــى ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ھۇد: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟» دېدى.

66 _ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

67 _ ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەس، بەلكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

68 _ سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن.

69 _ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىر نەســـىھەت كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامســـىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ســـىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسســـەتكەنلىكىنى، سىلەرنى قامەتلىك قىلغانلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، سىلەر نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار».

70 _ ئۇلار: (ئى ھۇد!) «سەن بىزنى ئاتا _ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىل بولساڭ، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىنا قېنى؟» دېدى.

71 _ هۇد: «سىلەرگە چوقۇم رەببىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى چۈشىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا _ بوۋاڭلار (ئىلاھ دەپ) ئاتىۋالغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن ئاتالمىش ئىلاھلار ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ئۇنداقتا، سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن» دېدى.

72 _ بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق. ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

73 _ سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلاپ) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) چىشى تۆگىسىمۇ سىلەر ئۈچۈن بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان _ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ.

74 _ ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىرىگە ئىمارەتلەرنى سالغان ئىدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېدى.

75 _ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا _ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى.

76 _ ھېلىقى ھاكاۋۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

77 _ ئاندىن ئۇلار ھېلىقى چىشى تۆگىنى بوغۇزلاپ، رەببىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى ۋە: «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق» دېدى.

78 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق بىر ئازاب يۈزلەندى _ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.

79 _ سالىھ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدى ۋە: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىمنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايسىلەر» دېدى.

80 _ لۇتنى (سەدوم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ (بۇنداق قەبىھ ئىشنى) سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلىپ باقمىغان ئىدى.

81 _ سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر».

82 _ لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «ئۇلار (يەنى لۇت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)نى شەھرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلايدىغان كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

83 _ لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە (ئۇنىڭ قەۋمىگە چۈشكەن ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، پەقەت ئۇنىڭ ئايالىنىلا قۇتقۇزمىدۇق. ئۇ (شەھەردە) قېلىپ ھالاك بولىدىغانلاردىن ئىدى.

84 _ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

85 _ مەديەن (خەلقى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە رەببىڭلاردىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا ئىشلىتىڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (ئاللاھ زېمىننى) تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر ئىشەنسەڭلار، شۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

86 _ سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئەينى ۋاقىتتا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتتى (شۇنىڭ بىلەن كۈچلەندىڭلار). بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.

87 _ ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

## توققۇزىنچى پارە

88 _ شۇئەيب قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشــىڭلار كېرەك» دېدى. شـــۇئەيب: «بىز ياقتۇرمىســـاقمۇ (دىنىڭلارغا مەجبۇرلامسىلەر؟» دېدى.

89 _ (شـۇئەيب يەنە ئېيتتى) «ئاللاھ بىزنى دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا قايتسـاق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىمىز. رەببىمىز ئاللاھ خالىمىسىلا، بىزنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. رەببىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىز ئاللاھقا تايىنىمىز. ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سـەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن».

90 _ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسـەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى.

91 _ ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلىنىپ، ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.

92 _ شـۇئەيبنى يالغانچى دېگەنلەر (ھالاك بولۇپ) گويا بۇ يەردە ياشـىمىغاندەك بولۇپ كەتتى. شـۇئەيبنى يالغانچى دېگەنلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

93 _ شـۇئەيب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئى قەۋمىم! مەن سـىلەرگە ئەلۋەتتە، رەببىمنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسـىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى.

94 _ بىز قايسـىلا شـەھەرگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسـاق (شـەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسـا)، ئۇ شـەھەرنىڭ ئاھالىسـىنىڭ (ئىماندىن باش تارتماسـلىقى) ئاللاھقا (تەۋبە قىلىپ) يالۋۇرۇشــى ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىققا، كېسـەللىككە گىرىپتار قىلدۇق.

95 _ ئاندىن بۇ كۈلپەتنى نېمەتكە ئالماشـتۇردۇق. شـۇنىڭ بىلەن ئۇلار (مال _ دۇنيا ۋە پەرزەنت جەھەتتىن) كۆپەيدى. ئۇلار «بىزنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىمىزغىمۇ شـــۇنداق كۈلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى» دېدى (يەنى ئىبرەت ئالمىدى ۋە ئىمان ئېيتمىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلدۇق.

96 _ (پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ _ مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان _ زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانچى دېدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.

97 _ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۇلار كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا (تۇيۇقسىز) كېلىشىدىن قورقامدۇ؟

98 _ ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ كۈندۈز ۋاقتىدا _ ئۇلار تىرىكچىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇپ، (غەپلەتتە) تۇرغاندا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟

99 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن قورقمايدۇ.

100 _ زېمىندا ئىلگىرى ياشىغانلاردىن كېيىن، ئۇ زېمىنغا ۋارىس بولغۇچىلارنى، خالىساق، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا ئايان بولمىدىمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز _ دە، ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

101 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاشۇ شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز. شەك _ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ.

102 _ ئۇلارنىڭ تولىسىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش دېگەننى كۆرمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان) پاسىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

103 _ ئاندىن ئۇلاردىن (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) كېيىن، مۇسـانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

104 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

105 _ ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشـقا ھەقلىقمەن. مەن راسـتتىنلا رەببىڭلار تەرىپىدىن سـىلەرگە (مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن كەتكىلى قويغىن».

106 _ پىرئەۋن: «ئەگەر سـەن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولسـاڭ، (بۇ گېپىڭدە) راسـتچىللاردىن بولسـاڭ، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى.

107 _ مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ شۇ ھامان ئېنىق بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.

108 _ قولىنى (قوينىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى.

109 _ پىرئەۋن قەۋمىدىن بولغان كاتتىباشلار ئېيتتى: «بۇ راستتىنلا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن.

110 _ ئۇ سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى». (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «ئۇنداقتا، نېمە مەسلىھەت بېرىسلەر؟»

111 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشـى (ھارۇن)نى بىرئاز سـاقلاتقىن، شـەھەرلەرگە (سـېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

112 _ ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن».

113 _ سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

114 _ پىرئەۋن: «ھەئە، (ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

115 _ ئۇلار: «ئى مۇسا! (تاشلايدىغان نەرسەڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى.

116 _ مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار (سېھىر سايمانلىرىنى) تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى. ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى ۋە چوڭ بىر سېھىرنى كۆرسەتتى.

117 _ مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن » دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (ئۇ ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ھاسا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى.

118 _ شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن (سېھىر) لىرى بەربات بولدى.

119 _ بۇ يەردە (پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) مەغلۇپ بولدى ۋە خار بولغان ھالدا قايتتى.

120 _ سېھىرگەرلەر سەجدىگە باش قويدى.

121 _ 122_ ئۇلار دېدى: «بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە _ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق».

123 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «سـىلەر مەن رۇخسـەت قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سـىلەرنىڭ شـەھەردىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شـەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن. سـىلەر (بېشىـڭلارغا كېلىدىغانلارنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

124 _ سلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ _ سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن».

125 _ سېھرگەرلەر ئېيتتى: «بىز زادى رەببىمىزگە قايتقۇچىلارمىز.

126 _ سەن بىزنى پەقەت رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرى بىزگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن، ئى رەببىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن».

127 _ پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا يول قويامسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز» دېدى.

128 _ مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، چىداملىق بولۇڭلار. يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭدۇر، ئۇ بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» دېدى.

129 _ ئۇلار: «سەن بىزگە (پەيغەمبەر بولۇپ) كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «رەببىڭلار دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىپ، يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا چوقۇم سىلەرنى دەسسىتىپ [1]، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ» دېدى.

130 _ شەكسىزكى، بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق.

131 _ ئۇلار ئەگەر بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

132 _ ئۇلار: «سەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

133 _ بىز ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (ئايەتلىرى)نى ئوپئوچۇق مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق. (شۇنداقتىمۇ) ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى ۋە گۇناھكار قەۋمگە ئايلاندى.

134 _ ئۇلارغا ئاپەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئى مۇسا! سەن رەببىڭگە ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدىسى (نىڭ ھۆرمىتى) بىلەن بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى.

135 _ ئۇلاردىن ئاپەتنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ۋەدىسىنى بۇزدى.

136 _ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلىكى ۋە ئۇ ئايەتلەردىن غاپىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق.

137 _ بوزەك قىلىنغان قەۋم (ئىسرائىل ئەۋلادى)نى بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، رەببىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغان (ئىمارەت) لىرىنى ۋە بىنا قىلغان (باغۇ _ بوستان) لىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

138 _ بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

---

(1) ئايەتتىكى«عسى» ئۆمىد مەنىسىدە كەلگەندەك، كەسكىن ۋە چوقۇم دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە كۆرە، «عسى» بۇ يەردە «چوقۇم» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

139 _ (ئۇ بۇتپەرەسلەرگە كەلسەك) شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ باتىل دىنلىرى هالاكەتكە مەهكۇمدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.

140 _ مۇسا: «ئاللاھ سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىمەن؟» دېدى.

141 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، قىزلىرىڭلارنى (ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە چوڭ سىنىقى بار ئىدى.

142 _ مۇساغا ئوتتۇز كېچىنى (ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلىشىشنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، رەببىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى قىرىق كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: « (مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى.

143 _ مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. ئاللاھ: «سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن. لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. رەببى تاغقا ئۆز نۇرىنى غىل _ پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(ئى رەببىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە ساڭا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسىمەن» دېدى.

144 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم. مەن ساڭا ئاتا قىلغان (پەيغەمبەرلىك)نى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن».

145 _ بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا ۋەز _ نەسىھەت ۋە (دىنىي ئەھكاملارنىڭ) ھەممىنى تەپسىلىي يازدۇق (ۋە دېدۇقكى، ئى مۇسا!) ئۇنى مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى بۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن. پات ئارىدا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن.

146 _ يەر يۈزىدە يولسىزلىق قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى مېنىڭ ئايەتلىرىمدىن يىراقلاشتۇرىمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار توغرا يولنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، ئازغۇنلۇق يولىنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولغانلىقىدۇر.

147 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئۇچرىشىشنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

148 _ مۇسانىڭ قەۋمى مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىدىن مۆرەيدىغان بىر موزاي ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى. ئۇلار بۇ موزاينىڭ ئۇلارغا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى.

149 _ ئۇلار پۇشايمان قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئازغانلىقىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر رەببىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

150 _ مۇسا غەزەپلەنگەن ۋە ئېچىنغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) بەكمۇ يامان ئىش قىپسىلەر _ ھە! رەببىڭلارنىڭ ئەمرىنى (كۈتمەي) ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى ۋە (غەزەپتىن تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلاپ، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (قېرىندىشى ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە كۈلكە قىلىپ بەرمىگىن، مېنى (موزايغا چوقۇنغان) زالىم قەۋم قاتارىدا سانىمىغىن».

151 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن. شەكسىزكى، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىسەن».

152 _ شەكسىزكى، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار رەببىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. يالغاننى توقۇپ چىققۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.

153 _ يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، رەببىڭ (ئۇلارنىڭ بۇ) تەۋبىسىدىن كېيىن ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.

154 _ مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردىكى تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا رەببىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت (قىلىنىدىغانلىقى) يېزىلغان ئىدى.

155 _ مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز قەۋمىدىن يەتمىش كىشىنى تاللىدى، ئۇلار يەر تەۋرەشكە دۇچ كەلگەندە، مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەتلا سېنىڭ سىنىقىڭدۇر. شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەپۇ قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن.

156 _ بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق». ئاللاھ ئېيتتى: «مەن ئازابىم بىلەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم (بۇ دۇنيادا) مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمدۇر. رەھمىتىمنى (قىيامەت كۈنىدە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، زاكات بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن».

157 _ ئۇلار ئەلچىگە _ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا (ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ مۇنداق) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ: «ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا _ كىشەنلەر (يەنى قىيىنچىلىقلار)دىن بوشىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

158 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، (شۇنىڭدەك) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە _ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار».

159 _ مۇسانىڭ قەۋمى ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە ھەق بىلەن ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار.

160 _ بىز ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ئون ئىككى تارماقلىق قەبىلىگە بۆلۈۋەتتۇق. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». ئۇلار (بۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ) بىزگە زىيان يەتكۈزەلمىدى، لېكىن ئۆزىگە زىيان سالدى.

161 _ بىر زامانلاردا ئۇلارغا: «سىلەر بۇ شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس) دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ‹ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار. (شۇنداق قىلساڭلار) بىز بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا مۇكاپاتنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن ئىدى.

162 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق.

163 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)دىن دېڭىز بويىدىكى شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن. ئۇلار شەنبە كۈنلۈكتە (بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ) ھەددىدىن ئاشاتتى. چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، شەنبىدىن باشقا كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز.

164 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە كىشىلەر (ۋەز _ نەسىھەت قىلغۇچىلارغا): «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېگەن ئىدى. ئۇ ۋەز _ نەسىھەت قىلغۇچىلار: «رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا (ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلدۇق، دەپ) ئۆزرە ئېيتىشىمىز ۋە نەسىھەت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ (گۇناھتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلىمىز)» دېدى.

165 _ ئۇلار ئۆزىگە قىلىنغان ۋەز _ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن توسقۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن زالىملارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

166 _ ئۇلار چەكلەنگەن ئىشلارنى تاشلاشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق.

167 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

168 _ ئۇلارنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشى ئەمەسلىرىمۇ بار، ئۇلارنى ھوشىنى تېپىۋالسۇن دەپ، باياشاتچىلىق ۋە قاتتىقچىلىق بىلەن سىنىدۇق.

169 _ ئۇلاردىن كېيىن (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار (تەۋرات تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىش بەدىلىگە) بۇ دۇنيانىڭ شۇ ئەرزىمەس پۇل _ مېلىنى ئېلىۋېرىدۇ ۋە «ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ. شۇنداق پۇل _ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشقا دائىر ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنغان ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى، ئۇلار كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەڭ ياخشىدۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

170 _ كىتابقا چىڭ ئېسىلىپ ئەمەل قىلىدىغانلار ۋە نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيمىز.

171 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى (قومۇرۇپ كېلىپ) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىگەن ئىدۇق. ئۇلار تاغ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «سىلەرنىڭ تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن (كىتاب)نى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى (كۆرسەتمىلىرىمىز)گە ئەمەل قىلىڭلار».

172 _ 173_ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، (ئەلۋەتتە سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا _ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

174 _ ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن) قايتىشى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

175 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا (يەھۇدىيلارغا) شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ ئادەمگە ئايەتلىرىمىزنى بەرگەن ئىدۇق. ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتۇدى، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتتى.

176 _ ئەگەر بىز خالىساق، بۇ ئايەتلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر. قەۋمىڭنىڭ ئويلاپ بېقىشى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بەرگىن.

177 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقىرىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!

178 _ ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازغۇن قىلسا، (ھەقىقىي) زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر.

179 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرى بار تۇرۇپ چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بار تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر.

180 _ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە (توغرا يولدىن) ئېزىپ كەتكەنلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

181 _ بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار.

182 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا _ ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز.

183 _ ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن. مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

184 _ ئۇلار ئۆزىنىڭ (ئەڭ تونۇشلۇق) ھەمراھى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوقلۇقىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

185 _ ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىغا، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر سالمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

186 _ ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

187 _ (ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار) سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، (قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر كەلدى، ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ». ئۇلار گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر, لېكىن (بۇنداق ئىكەنلىكىنى) ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.

188 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان _ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن».

189 _ ئۇ سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر ئىنساندىن ياراتقان، ئۇنىڭ ئۇنسى _ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئايالىنى ئۇنىڭ ئۆز تېپىدىن ياراتقان زاتتۇر. ئۇ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئايالى يېنىككىنە ھامىلىدار بولدى. (بۇ ھامىلىدارلىق) داۋاملاشتى، ئايالى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر _ ئايال) ئىككىيلەن رەببى ئاللاھقا: «ئەگەر بىزگە بىجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئەلۋەتتە (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز » دەپ دۇئا قىلدى.

190 _ ئاللاھ ئۇلارغا بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار (نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىسى) ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نەرسىسى (پەرزەنتلىرى) ھەققىدە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىدىن پاكتۇر.

191 _ ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇلار (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالامدۇ؟

192 _ ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.

193 _ ئۇ نەرسىلەرنى توغرا يولغا چاقىرساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاشتۇر (يەنى دەۋىتىڭلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ).

194 _ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا مەخلۇقاتتۇر، ئەگەر (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن!

195 _ ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ؟ ۋە ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن ماڭا ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) زىيانكەشلىك قىلىپ بېقىڭلار».

196 _ شەكسىزكى، مېنىڭ ئىگەم كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاھتۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

197 _ سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرىلمەيدۇ».

198 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭمۇ، ئۇلار ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ساڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار كۆرمەيدۇ.

199 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن.

200 _ ئەگەر سەن شەيتاندىن بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

201 _ تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئېسىگە ئېلىپ، ھەقىقەتنى كۆرۈۋالالايدىغان كىشىلەردۇر.

202 _ شەيتانلار ئۆزىنىڭ (ئازغۇن) دوستلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ.

203 _ ئۇلارغا (ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە كەلتۈرمىسەڭ، ئۇلار: «ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقساڭ بولمامتى؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەمەل قىلىمەن، بۇ (قۇرئان) رەببىڭلار تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلگەن) دەلىللەردۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر».

204 _ رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار.

205 _ رەببىڭنى يىغلىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە _ ئاخشامدا ئوتتۇراھال ئاۋازدا ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتقىن، غاپىللاردىن بولمىغىن.

206 _ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى (پەرىشتە) لەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.

## ئەنفال سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 75 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بەدرى ئۇرۇشىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جىھادنىڭ ئەھكاملىرى، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئامىللىرى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ) سەندىن غەنىيمەتلەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار».

2 _ ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

3 _ ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.

4 _ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

5 _ بۇ خۇددى رەببىڭنىڭ سېنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۆيۈڭدىن (جىھادقا) چىقارغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (جىھادقا چىقىشنى) ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.

6 _ ئۇلارغا ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ، گويا ئۇلار قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت (يەنى جىھادقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ.

7 _ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ (مۇشرىكلار كارۋىنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھتىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. سىلەر بولساڭلار قورالسىز گۇرۇھ (كارۋان)نىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشىنى ياقتۇراتتىڭلار. ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئۈستۈنلۈككە چىقىرىشنى، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ.

8 _ (بۇنداق قىلىش) گۇناھكارلارنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ ھەقنى مۇستەھكەم قىلىشى ۋە باتىلنى بەربات قىلىشى ئۈچۈندۇر.

9 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلاردىن ياردەم تىلىگەن ئىدىڭلار، رەببىڭلار: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

10 _ ئاللاھ (بۇ ياردەمنى) پەقەت سىلەرگە (غەلىبىدىن) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا قىلدى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

11 _ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىل بىر ئۇيقۇ بېغىشلىغان ئىدى؛ سىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، (قۇملۇقتا) قەدىمىڭلارنى مەزمۇت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

12 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە. مۇئمىنلەرنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار، مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن، سىلەر ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە سېلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى كېسىپ تاشلاڭلار» دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى.

13 _ بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىدىكەن، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان) جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

14 _ (ئى كاپىرلار! بۇ دۇنيادا) سىلەر (مۇشۇنداق ئازابنى) تېتىڭلار. شەكسىزكى، كاپىرلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابى بار.

15 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سـىلەر كاپىرلار قوشـۇنى بىلەن ئۇچراشـقان چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار).

16 _ كىمكى ئۇ كۈندە (قايتا) ئۇرۇشۇش ياكى (كۈچ توپلاش ئۈچۈن) مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى (قېچىش مەقسىتىدە) دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

17 _ (ئى مۇجاھىدلار! بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى پەيغەمبەر! بىر سىقىم توپىنى ئۇلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرنى گۈزەل ئىنئاملار بىلەن سىناش ئۈچۈن ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

18 _ بۇ (ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ياردىمىدۇر). ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر.

19 _ (ئى كاپىرلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان (سىلەرگە قارشى) كېلىپ بولدى. ئەگەر (پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن) ۋاز كەچسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر (ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا) يەنە قايتساڭلار، بىزمۇ (ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا) قايتىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ (قوشۇن) سىلەرگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر.

20 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.

21 _ ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى دورىماڭلار.

22 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس – گاچىلاردۇر.

23 _ ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئاڭلىتاتتى، ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە (ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈپ باش تارتاتتى.

24 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ھايات بېغىشلايدىغان نەرسىگە (يەنى ئىمانغا) چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا پەردە سالالايدۇ (يەنى ئۇنىڭ دىلىنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ)، سىلەر (ئاخىر) چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

25 _ سىلەر ئاراڭلاردىكى (يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا _ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

26 _ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىر زامانلاردا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، يەر يۈزىدە (مەككىدە) بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەرنىڭ تالان _ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) ماكانلاشتۇردى، (بەدرى غازىتىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە (غەنىيمەتتىن ئىبارەت) ھالال نەرسىلەردىن رىزىق بەردى.

27 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار،

28 _ بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن) پەقەتلا بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

29 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت (ۋە ئىلىم) ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھ سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

31 _ ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار: «بىز (بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ) ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق، ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قىلالايتتۇق. بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

32 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى.

33 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ.

34 _ ئۇلار (مۇسۇلمانلارنى) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇۋاتسا، ئاللاھ ئۇلارغا قانداقمۇ ئازاب قىلمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىگىلىرى پەقەتلا تەقۋادارلاردۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

35 _ ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتىش، چاۋاك چېلىشتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) سىلەر (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار.

36 _ شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار پۇل _ مېلىنى (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە سەرپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار جەھەننەمگە (ھەيدىلىپ ئۇ جايدا) توپلىنىدۇ.

37 _ (بۇنداق توپلاش) ئاللاھنىڭ ناپاك ئادەمنى پاك ئادەمدىن ئايرىپ چىقىپ، ھەممە ناپاك ئادەمنى ئۈستى _ ئۈستىگە دۆۋىلەپ دوزاخقا تاشلىشى ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

38 _ (ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كاپىرلىقتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار (پەيغەمبەر بىلەن) قايتا دۈشمەنلەشسە، بۇرۇنقىلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغانلارنى جازالاشتا) تۇتقان يولۇم داۋاملىشىپ كەلدى (ئۇلارمۇ ھالاك بولىدۇ).

39 _ پىتنە (يەنى زۇلۇم ۋە بېسىم) تۈگىگەن, دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ.

40 _ ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

**ئونىنچى پارە**

41 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان كۈندە _ ئىككى قوشۇن (بەدرىدە) ئۇچراشقان كۈندە _ بەندىمىز (مۇھەممەد)گە نازىل قىلغانلىرىمىزغا ئىشەنسەڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

42 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ۋاقىت توغرۇلۇق ئەلۋەتتە ئىختىلاپقا

چۈشەتتىڭلار، لېكىن، ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن (سىلەرنى ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). شەكسىزكى، ئاللاھ ئەلۋەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (دۈشمەننى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، سىلەر چوقۇم قورقۇپ كېتەتتىڭلار ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم تالاش _ تارتىش قىلاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

44 _ ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسىتىدۇ ۋە سىلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاز كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

45 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (كاپىرلاردىن بولغان) قانداقلا بىر توپقا ئۇچراشساڭلار مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

46 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ _ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

47 _ سىلەر يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

48 _ ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ: «بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئەمما ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى ۋە: «مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقەم يوق، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستتىنلا ئاللاھتىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېدى.

49 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (شەك) كېسەللى بارلار (مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئالداپ قويدى (شۇڭا، ئۇلار ئۆزىدىن كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن ئۇرۇشتى) » دېگەن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا تايىنىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

50 _ پەرىشتىلەر (بەدرى غازىتىدا) كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، (ئۇلارغا:) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دەپ) ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقان ھالەتنى كۆرگەن بولساڭ (تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرەتتىڭ).

51 _ بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر.

52 _ (ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

53 _ بۇ (ئازابنىڭ چۈشۈشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، بىرەر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

54 _ (ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلارمۇ رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان ئىدى. بىزمۇ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، پىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئىدى.

55 _ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرلىقتا چىڭ تۇرغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

56 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار بولسا سەن ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، ئاندىن ئاللاھتىن قورقماي، ھەر قېتىمدا كېلىشىمنى بۇزىدىغان كىشىلەردۇر.

57 _ ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭ، ئۇلار (نى قاتتىق جازالاش) ئارقىلىق ئارقىدىكىلىرىنى تېرىپىرەن قىلىۋەتكىنكى، ئۇلار (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالسۇن.

58 _ ئەگەر سەن (ئاراڭلاردا كېلىشىم تۈزۈشكەن) بىرەر قەۋمنىڭ كېلىشىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، (بۇ كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇلارغا) ئوچۇقچە (بىلدۈرۈپ)، ئۇلارنىڭ بۇ كېلىشىمنى ئۆزىگە تاشلاپ بەرگىن. ئاللاھ ۋاپاسىزلارنى قەتئىي دوست تۇتمايدۇ.

59 _ (بەدرى غازىتىدا تىرىك قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن. ئۇلار (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

60 _ (دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

61 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تايانغىن. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

62 _ ئەگەر ئۇلار (يالغان سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ساڭا (پاناھ بولۇشقا) يېتەرلىكتۇر. ئۇ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ.

63 _ ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

64 _ ئى پەيغەمبەر! ساڭىمۇ ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

65 _ ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدىغان قەۋمدۇر.

66 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمدى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈز كىشىنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن (ئۇلاردىن) ئىككى مىڭ كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىق بولغانلار بىلەن بىللىدۇر.

67 _ ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يەر يۈزىدە (كۇفرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ) دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، (فىديە ئېلىشنى كۆزلەپ) ئەسىرگە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ھالبۇكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ئاخىرەت (نىڭ مۇكاپاتى)نى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

68 _ ئاللاھنىڭ ئالدىن چىقارغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

69 _ سىلەر ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

70 _ ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان نەرسىدىن (فىديەدىن) ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

71 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (يەنى سەن قويۇپ بەرگەن ئەسىرلەر) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا (قايغۇرمىغىن)، ئۇلار ئىلگىرى ئاللاھقىمۇ ھەقىقەتەن خىيانەت قىلغان ئىدى. ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

72 _ ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل _ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار)لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر _ بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

73 _ كاپىرلارمۇ بىر _ بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى (ئۆزئارا ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ.

74 _ ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن (ئۆز يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار) لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

75 _ (ئاشۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن) كېيىن ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغان ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بەلگىلەنگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن)، ئۇرۇق _ تۇغقانلار بىر _ بىرىگە ۋارىس بولۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## تەۋبە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 129 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىر پىرقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

1 _ (بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن سىلەر بىلەن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا (كېلىشىمنى بۇزغانلىقى تۈپەيلىدىن) كېلىشىمنى بىكار قىلىش ئېلانىدۇر.

2 _ (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي يۈرۈۋېلىڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ (نىڭ جازاسى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى) ئاللاھ كاپىرلارنى رەسۋا قىلغۇچىدۇر.

3 _ (بۇ) ئەڭ چوڭ ھەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا (چىقىرىلغان) ئېلاندۇركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا _ جۇدادۇر. ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر (بۇ دەۋەتتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ (نىڭ جازاسى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.

4 _ ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادار بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ.

5 _ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار؛ ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى (ئۆز ھالىغا) قويۇۋېتىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6 _ ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا (يەنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئىمان ئېيتمىسا) ئۇنى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ (كەڭچىلىك) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ھەقىقەتنى) بىلمەيدىغان قەۋمدۇر.

7 _ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە، مۇشرىكلاردا قانداقمۇ ئەھدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟ ئەمما، مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدا سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلسىلا، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادار بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ.

8 _ (مۇشرىكلار) كېلىشىمگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىققا، نە كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى (شېرىن _ شېكەر) گەپلىرى بىلەن خۇش قىلىدۇ، دىللىرى بولسا، (ئۇنداق قىلىشنى) خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.

9 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە سېتىۋەتتى، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

10 _ ئۇلار بىرەر مۇئمىن ھەققىدە نە تۇغقانچىلىققا، نە كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

11 _ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا ۋە زاكات بەرسە، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ. بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى (ئەنە شۇنداق) تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

12 _ ئەگەر ئۇلار ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلىكتىن) چەكلىنىشى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

13 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان، سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلمامسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قورقۇشۇڭلارغا ئەڭ لايىقتۇر.

14 _ 15 _ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ، ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن) مۇئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

16 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھتىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىسىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر (سىنالمايلا) ئۆز ھالىڭىزغا قويۇپ بېرىلىمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

17 _ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش سالاھىيىتى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

18 _ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشىدا ئۈمىد بار.

19 _ سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تەڭ ئەمەس. ئاللاھ (كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

20 _ ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان، پۇل _ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر.

21 _ رەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدۇ.

22 _ ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، (ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئەڭ) كاتتا مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

23 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە، ئۇلارنى يېقىن كىشىڭلار ھېسابلىماڭلار. سىلەردىن كىمكى، ئۇلارنى يېقىن كىشىلىرى ھېسابلايدىكەن، ئۇلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

24 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار، ئۇرۇق _ تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان پۇل _ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھ (ھەققىڭلاردا ئازاب) ئەمرىنى كەلتۈرگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

25 _ شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى. ھۇنەين (ئۇرۇشى بولغان) كۈنىدە سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان ئىدى، بۇ سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. شۇنچە كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار.

26 _ ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە سىلەر كۆرۈپ باقمىغان (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلارنى چۈشۈردى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارنى ئازابلىدى. كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر.

27 _ شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ يەنە خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

28 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر. شۇڭا مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9 _ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشمىسۇن. ئەگەر سىلەر(مۇشرىكلار بىلەن قىلىدىغان تىجارەتنىڭلار توختاش سەۋەبلىك) پېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ئۇزاققا قالماي ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

29 _ سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ ياۋاشلىق بىلەن كىچىكتۈرمەي جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار.

30 _ يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، خىرىستىيانلار: «مەسىھ ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى سۆزىدۇر. (بۇ) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

31 _ (يەھۇدىيلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، (خىرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ دەۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار پەقەت بىرلا ئىلاھ (بولغان ئاللاھ) قا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.

32 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئۇنىڭ دىنىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. (ھالبۇكى) كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى تاماملىماي قالمايدۇ.

33 _ مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

34 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ۋە خىرىستىيانلارنىڭ راھىبلىرىدىن [1] نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋالىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئالتۇن _ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.

35 _ ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئالتۇن _ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. (ئۇلارغا): «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن _ كۈمۈشۈڭلاردۇر. يىغقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

36 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ، (بىر يىلدىكى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ كىتابى (لەۋھۇلمەھپۇز) دا، ئون ئىككىدۇر، ئۇلاردىن (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەبتىن ئىبارەت) تۆتى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر. بۇ توغرا دىندۇر، شۇڭا بۇ ئايلاردا (چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەر بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇشقاندەك، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇشۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

37 _ (ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان) ئاينى ئارقىغا سۈرۈش ھەقىقەتەن كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ (ئۇرۇش قىلىشنى) ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال سانىسا، ئىككىنچى يىلى ھارام سانايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

---

(1) يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى «ھاخام»، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى «قىسسىس» دەپ ئاتىلىدۇ. راھىب _ خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى تەركىدۇنيالىق يولىنى تاللاپ، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىۋەتكەن كىشىگە بېرىلگەن ئۇنۋاندۇر.

38 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە «ئاللاھ يولىدا (جىھادقا) ئاتلىنىڭلار» دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ ئاخىرەتتىن (ۋاز كېچىپ) دۇنيا ھاياتىغا رازى بولدۇڭلارمۇ؟ ئۇنتۇماڭلاركى، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا پەقەت ئەرزىمەس نەرسىدۇر.

39 _ ئەگەر سىلەر (جىھادقا) ئاتلانمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر (بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

40 _ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن ئەبۇ بەكرىدىن ئىبارەت) بىرلا كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيدەپ چىقارغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (پەيغەمبەر) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغان، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) سىلەر كۆرمىگەن قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەرگەن، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى ئەڭ پەس قىلغان ئىدى. ئاللاھنىڭ سۆزى (بولغان ئىمان كەلىمىسى ھەمىشە) ئەڭ ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

41 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ، ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ [1] جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

42 _ ئەگەر (مۇناپىقلار دەۋەت قىلىنغان بۇ ئىش) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يېقىن مۇساپىلىك) ئوڭاي سەپەر بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك _ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟

44 _ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (چىن قەلبىدىن) ئىشىنىدىغانلار سەندىن پۇل _ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتىن (قېلىپ قېلىش ئۈچۈن) رۇخسەت سورىمايدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ

45 _ سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، دىلىدا شەك بار كىشىلەرلا رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار شەك _ شۈبھىلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

46 _ ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تولۇق تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، شۇڭا ئۇلارنى (جىھادقا چىقىشتىن) توختىتىپ قويدى. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالىدىغان (ئاياللار، كىچىك بالىلار ۋە ئاجىز) لار بىلەن بىللە قېلىڭلار» دېيىلدى.

47 _ ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە _ پاساتنىلا كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك قىلاتتى. ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ كۆز _ قۇلاقلىرى بار. ئاللاھ (ئۇنداق) زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

48 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىلگىرى ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان ۋە ساڭا ھىيلە _ مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر.

---

(1) ئايەتتىكى﴿يەڭگىل ۋە ئېغىر﴾دىن مەقسەت، مەيلى ئوڭاي شارائىتتا بولۇڭلار، ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، مەيلى ياش، ياكى قېرى، مەيلى ئاجىز، ياكى كۈچلۈك، مەيلى باي، ياكى كەمبەغەل بولۇڭلار، مەيلى ئاتلىق، ياكى پىيادە بولۇڭلار، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولۇڭلار، جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا دەرھال جىھادقا ئاتلىنىڭلار، دېگەنلىكتۇر.

49 _ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن » دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولغان ئىدى. شەكسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى چوقۇم قورشىغۇچىدۇر.

50 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە: «ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ.

51 _ ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن».

52 _ ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، شەكسىزكى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمىز».

53 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل _ مال) سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمسىلەر».

54 _ ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغانلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازغا پەقەت خۇش ياقمىغان ھالدا كېلىدۇ، پۇل _ مېلىنى خالىمىغان ھالدا سەرپ قىلىدۇ.

55 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ مال _ مۈلۈكى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

56 _ ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە سىلەردىنمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار (سىلەردىن) قورقىدىغان (شۇڭا ئۆزىنى مۇسۇلماندەك كۆرسىتىدىغان) قەۋمدۇر.

57 _ ئەگەر ئۇلار بىرەر پاناھگاھ ياكى غار ۋە ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكەن بولاتتى.

58 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرلىرى باركى، ئۇلار سەدىقىلەرنىڭ (تەقسىمات) ئىشلىرىدا سېنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە، خۇشال بولۇشىدۇ، ئۇنىڭدىن بېرىلمىسە، دەرھال خاپا بولۇشىدۇ.

59 _ ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولۇپ: «ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ بىزگە يېقىندا ئۆز پەزلىدىن (يەنە) بېرىدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە (ئۇنى تەقسىم قىلىپ) بېرىدۇ. بىز پەقەت ئاللاھقا رىغبەتلەنگۈچىلەرمىز» دېسە ئىدى (ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى).

60 _ زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

61 _ ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا پەيغەمبەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ: «ئۇ (ئاڭلىغىنىغا ئىشىنىۋېرىدىغان) قۇلاقتۇر» دەيدىغانلىرى بار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەر ئۈچۈن (پايدىلىق بولغان) ياخشىلىق قۇلىقىدۇر. ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، مۇئمىنلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر». ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بار.

62 _ ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستتىنلا مۇئمىن بولىدىغان بولسا، رازى قىلىشقا ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تېخىمۇ لايىق ئىدى.

63 _ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر.

64 _ مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى مۇئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار، سىلەر ئەنسىرەيدىغان نەرسىنى ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ».

65 _ ئەگەر سەن ئۇلاردىن (نېمە ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سۈرۈشتە قىلساڭ، ئۇلار: «بىز پەقەت چاقچاق قىلىپ ۋە ئوينىشىپ دەپ قويغان ئىدۇق» دەيدۇ. (ئۇ مۇناپىقلارغا): «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن.

66 _ (ئى مۇناپىقلار!) سىلەر (يالغاندىن) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن (سەمىمىي تەۋبە قىلغان) بىر گۇرۇھنى ئەپۇ قىلساقمۇ، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن جازالايمىز.

67 _ مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار بىر _ بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار (بېخىللىق قىلىپ) قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئۇلارنى مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

68 _ ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە (بارلىق) كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (دوزاخقا كىرىدۇ)، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. (ئۇلارنى ئازابلاشقا) دوزاخ يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى. ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب بار.

69 _ (ئى مۇناپىقلار!) سىلەر بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە ئوخشايسىلەر. ئۇلار كۈچ _ قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ مال _ مۈلۈكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان ئىدى. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار، ئۇلار باتىلغا پېتىپ كەتكەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا پېتىپ كەتتىڭلار. ئەنە شۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلار.

70 _ ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك بولدى). ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلدى.

71 _ مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر _ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

72 _ ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، مانا بۇ چوڭ بەختتۇر.

73 _ ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

74 _ (مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىدۇق دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى؛ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشقا (يەنە) ئۇرۇندى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار (تۇزكورلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرگە) دۈشمەن بولدى. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ.

75 _ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن (بايلىق) ئاتا قىلسا، بىز ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ ئاللاھقا ۋەدە بەردى.

76 _ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن (بايلىق) ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇلار بېخىللىق قىلىشتى، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈپ (ۋەدىسىدىن) يېنىۋالدى.

77 _ ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، (ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ) يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغان (قىيامەت) كۈنىگە قەدەر ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇناپىقلىقنىڭ داۋاملىق تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (قىلمىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى.

78 _ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، غەيبلەرنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟

79 _ ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەردلىك بىلەن ئۆزى خالاپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە (ئاز بولسىمۇ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ؛ ئاللاھ ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

80 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

81 _ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن) قېلىپ قالغانلار ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا پۇل _ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر _ بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر» دېگىن. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) چۈشەنگەن بولسا ئىدى (ئىسسىقتا جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالمىغان بولاتتى).

82 _ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن.

83 _ ئەگەر ئاللاھ ساڭا (تەبۇك غازىتىدىن) قايتىشنى نېسىپ قىلىپ، سېنى (ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمى بىلەن ئۇچراشتۇرسا، ئۇلار (بۇنىڭدىن كېيىنكى جىھادلارغا) چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (جىھادقا) چىقمايسىلەر، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە (چىقىپ) دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر! چۈنكى سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىڭلاردا) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (جىھادقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇڭلار».

84 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.

85 _ ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. ئاللاھ دۇنيادا پەقەت شۇلار (يەنى پۇل-مال ۋە پەرزەنتلەر) ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

86 _ قاچانكى، بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بايلار سەندىن (قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، بىز (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە) قېلىپ قالىدىغانلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ.

87 _ ئۇلار ئۆيلىرىدە قالىدىغانلار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى. (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

88 _ ئەمما پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار پۇل _ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

89 _ ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ ئۇتۇقتۇر.

90 _ سەھرالىق ئەرەبلەردىن ئۆزۈر ئىيتقۇچىلار (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان سۆزلىگەنلەر (ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

91 _ (ياشىنىپ قالغان) ئاجىزلار، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، (جىھادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك) ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوق. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

92 _ يەنە (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەن بولسىمۇ، (سەن ئۇلارغا) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېگەندە، (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشقان كىشىلەرنىمۇ (ئەيىبلەشكە يول يوق).

93 _ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولغانلار پەقەت ئۆزلىرى باي تۇرۇپ، سەندىن (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلاردۇر. (چۈنكى) ئۇلار (ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلاردىن ئىبارەت) ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇڭا) ئۇلار (نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.

## ئون بىرىنچى پارە

94 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر غازاتتىن) ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار سىلەرگە ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەر بىكارغا ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىزگە خەۋەر قىلدى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى كۆرىدۇ، ئاندىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە بارلىق قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن.

95 _ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.

96 _ سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ بۇنداق پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ.

97 _ سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، ئۇلار ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان (شەرىئەت ئەھكاملىرى)نى بىلمەسلىككە تېخىمۇ يېقىندۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

98 _ سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

99 _ سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

100 _ ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر.

101 _ ئەتراپىڭلاردىكى سەھرالىق ئەرەبلەردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسى ئىچىدىمۇ مۇناپىقلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر بار. ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (دۇنيادا ۋە قەبرىدە) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا قايتۇرۇلىدۇ.

102 _ قالغانلىرى گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلدى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

103 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

104 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، سەدىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغان، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

105 _ (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرىدۇ، ئاندىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

106 _ (جىھادقا چىقمىغانلاردىن) يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى، ئاللاھ ئۇلارنى يا جازالايدۇ، يا تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

107 _ (يەنە بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن مۇئمىنلەرگە) زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىلىقنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۆلۈش، ئىلگىرى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ [1] كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد [2] بىنا قىلغان ۋە: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ قەسەم قىلىدىغانلار بار. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر.

108 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا سېلىنغان مەسجىد (قۇبا مەسجىدى) ئەلۋەتتە ئىچىدە (ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) تۇرۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاكلىنىشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ پاك _ پاكىز بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

109 _ ئۆزىنىڭ (ھايات) بىناسىنى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ لېۋىگە سېلىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ .

110 _ تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە _ پارە بولۇپ ئۆلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ سالغان (زىرار) مەسجىدى دىللىرىدىكى گۇماننىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

111 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى، پۇل _ ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ھەق ۋەدە تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغاندۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بىلەن قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

112 _ (بۇ سودىنى قىلغان مۇئمىنلەر) تەۋبە قىلغۇچىلار، ئىبادەت قىلغۇچىلار، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ مۇئمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

113 _ (كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

114 _ ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. شەكسىزكى، ئىبراھىم بەكمۇ كۆڭلى يۇمشاق، ناھايىتى چىداملىق ئىدى.

115 _ ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازغۇن قىلمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

116 _ شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ (خالىغان ئادەمنى) ياشىتىدۇ، (خالىغان ئادەمنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر.

---

(1) مەزكۇر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ۋە رىم ئىمپېرىيەسىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ياردەم سورىغىلى كەتكەن ئەبۇ ئامىر ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ، بۇ مۇناپىقلار ئۇنىڭ كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۈتەتتى.
(2) بۇ يەردە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن مەدىنىگە سالغان «زىرار مەسجىدى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

117 _ ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئۆز ۋاقتىدا) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

118 _ (جىھادتىن) قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ (تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى). شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

119 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.

120 _ مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا _ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب بولۇپ ئېرىشكەن ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۆزىنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى) مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

121 _ ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد يولىدا باسقان ھەربىر قەدىمىگە (ئەجىر-ساۋاب) يېزىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ مۇكەممەل مۇكاپات بېرىشى ئۈچۈندۇر.

122 _ مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەربىر جامائەسىدىن بىر تۈركۈمى (جىھادقا چىقىپ)، يەنە بىر تۈركۈمى قەۋمى قايتىپ كەلگەندە، (يامان ئىشلاردىن) ھەزەر ئەيلىسۇن دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن دىنني ئىلىمنى ئوبدان ئۆگەنسە بولمامدۇ؟

123 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلاردىن ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنى قاتتىق قول ھېس قىلسۇن، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

124 _ قانداقلا بىر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپتۇ؟» دەيدىغانلار بار، مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (نازىل قىلىنغان ھەربىر سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

125 _ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارغا كېلىدىغان بولساق، (ھەربىر ئايىتىمىز) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا كۇفرىلىق قوشتى، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى.

126 _ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ.

127 _ (ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر _ بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىركىم كۆرۈۋاتامدۇ؟» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئۇنىڭدىن) بۇرىۋەتتى.

128 _ (ئى ئىنسانلار!) ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

129 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرۈسە، سەن: «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا (چىن ئىشەنچ بىلەن) تاياندىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگىن.

# يۇنۇس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 109 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ غايىسى: ۋەھيىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا يېتەرلىك دەلىل – پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2_ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىن چىققان بىر كىشىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): «ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن، ئىمان ئېيتقانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋە بارلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ قاپتۇمۇ؟ كاپىرلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىرگەردۇر» دېدى.

3 _ شۈبھىسىزكى، رەببىڭلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن ۋە (ھەممە) ئىشنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ئىجازىتى بولماستىن ھېچكىم شاپائەتچى بولالمايدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەر ۋەز _ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟

4 _ ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، چۈنكى ئۇ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) يارىتىدۇ، ئاندىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (ھۇزۇرىغا) قايتۇرىدۇ. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن، ناھايىتى قىزىق سۇدىن ئىچىملىك ۋە دەردلىك ئازاب باردۇر.

5 _ ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلغان، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى پەقەتلا ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (يارىتىشتىكى ھېكمەتنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

6 _ شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

7 _ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار _

8 _ ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ.

9 _ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.

10 _ ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر _ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا) بېرىدىغان سالىمى: «ئامان بولۇڭلار!» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

11 _ ئەگەر ئىنسانلار ياخشىلىقنىڭ تېز كېلىشىگە ئالدىرىغاندەك ئاللاھمۇ ئۇلارغا يامانلىق چۈشۈرۈشنى تېزلەتكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەجىلى ئاخىرلاشقان بولاتتى. بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيدىغانلارنى ئازغۇنلۇقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز.

12 _ ئىنساننىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەتكەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرىۋەتسەك، ئۇ گويا ئۇنى كۆتۈرىۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.

13 _ شۈبھىسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر (كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

14 _ ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتۇق.

15 _ ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق (دەلىللىرى بولغان) ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار: «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن» دېدى. (ئۇلارغا) «مەن ئۇنى ئۆزۈمچە

ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن. ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك بىر كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن.

16 _ «ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا ئىدى، سىلەرگە ئۇنى ئوقۇپ بەرمىگەن بولاتتىم، ئاللاھمۇ ئۇنى سىلەرگە بىلدۈرمىگەن بولاتتى. (قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئاراڭلاردا ئۇزاق ۋاقىت تۇردۇم. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن.

17 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

18 _ ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «ئاشۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزنىڭ شاپائەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشىدۇ، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ئەجىبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟» ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

19 _ ئىنسانلار بىر دىندا ئىدى. كېيىن ئۇلار بۆلۈندى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئالدىنئالا (ئېيتىلغان) بىر سۆز بولمىسا ئىدى، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى.

20 _ ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار): «ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەيب (نى بىلىش) پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، ئەمدى سىلەر (ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن.

21 _ ئىنسانلارغا زىيان _ زەخمەت يەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە رەزىل پىلانلارنى تۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئۇلارنى تۈزگەن رەزىل پىلانى سەۋەبلىك ئەڭ تېز جازالايدۇ». شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز سىلەرنىڭ تۈزگەن رەزىل پىلانىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ.

22 _ ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدىغان زاتتۇر. سىلەر ئولتۇرغان كېمە مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە يولۇچىلار (بۇ) شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇلار تەرەپ _ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر (ھالاكەت) قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولاتتۇق» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.

23 _ ئاللاھ ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ ۋابالى پەقەت ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، سىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن (ئاز _ تولا) بەھرىمەن بولىسىلەر. ئاندىن سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا بىز سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز.

24 _ دۇنيا ھاياتى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى بىر _ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا ئەمرىمىز (يەنى ئاپىتىمىز) يەتتى _ دە، ئۇنى تۈنۈگۈن يوقتەكلا (يىلتىزىدىن) ئورۇپ تاشلانغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدۇق. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

25 _ ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ئامانلىق يۇرتىغا دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

26 _ (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغانلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات ۋە يەنە زىيادىسى[1] بار. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدىغانلار بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر.

27 _ يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار قىلغان يامانلىقىغا لايىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇلارنى قاتتىق خارلىق قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتىن (كېلىدىغان ئازابتىن) قۇتقۇزغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخقا كىرىدىغانلار بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

---

[1] بۇ ئايەتتىكى «مۇكاپات»تىن جەننەت، «زىيادىسى» دىن ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

28 _ شۇ (قىيامەت)كۈنىدە (خالايىقنىڭ) ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار بىلەن ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇڭلار»دەپ، ئۇلارنى بىر _ بىرىدىن ئايرىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئېيتىدۇ: «سىلەر بىزگە چوقۇنمايتتىڭلار.

29 _ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنغانلىقىڭلارنى بىلمەيتتۇق».
30 _ بۇ چاغدا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان _ ئەتكەنلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ.
31 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ (كائىناتنىڭ) ئىشىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (جاۋاب بېرىپ): «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداقتا)، (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن) قورقمامسىلەر؟
32 _ ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلاردۇر. ھەقىقەتتىن باشقىسى پەقەتلا ئازغۇنلۇقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟».
33 _ رەببىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى«ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن سۆزى مانا مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشتى.
34 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلار ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمىشقا (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟».
35 _ ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلىرى بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ. ھەق يولغا يېتەكلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغانلارغا بويسۇنۇش كېرەكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقسىغا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟».
36 _ ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.
37 _ بۇ قۇرئاننى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، (بۇ قۇرئان) ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە (ئاللاھنىڭ) بەلگىلىگەنلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەندۇر.
38 _ ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».
39 _ ئەكسىچە، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانچى دېگەن ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن!
40 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، رەببىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ.
41 _ ئەگەر ئۇلار يەنە سېنى يالغانچى دېسە: «مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن يىراقسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن يىراقمەن» دېگىن.
42 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئەمما سەن گاسلارغا ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئاڭلىتالامسەن؟ (شۇنىڭدەك ئاشۇ مۇشرىكلارنىمۇ ئاللاھ خالىمىسا ھىدايەت قىلالمايسەن).
43 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (ئۇلار كورلاردۇر)، كورلار(ھەقىقەتنى )كۆرەلمىسىمۇ سەن ئۇلارغا كۆرسىتەلەمسەن؟
44 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلىدۇ.

45 _ ئاللاھ ئۇلارنى يىغىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزنىڭ ئاز قىسمىدىلا بىر _ بىرى بىلەن تونۇشقانچىلىك ۋاقىت ياشاپ ئۆتكەندەك بىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

46 _ بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، ئۇلار بەربىر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھتۇر.

47 _ (ئۆتكەن) ھەربىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

48 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار) «ئەگەر سىلەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟» دەيدۇ.

49 _ ئېيتقىنكى: «ئاللاھ خالىماي تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ پايدا _ زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايمەن. ھەربىر ئۈممەتنىڭ بىر ئەجىلى بولىدۇ، شۇ ئەجەل يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرەلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ».

50 _ ئېيتقىنكى: «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (نېمە قىلارسىلەر؟) گۇناھكارلار (بۇ ئازابنىڭ) قايسىبىرىگە ئالدىرايدۇ؟

51 _ ئازاب كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئەمدى ئەقلىڭلارنى تاپتىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى ئىلگىرى سىلەر مەسخىرە قىلىپ) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار».

52 _ ئاندىن كېيىن ئۇ (ئۆزىگە) ئۇۋال قىلغانلارغا: «سىلەر مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭلا جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ.

53 _ ئۇلار سەندىن: «ئۇ (جازانىڭ بېرىلىدىغانلىقى) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن: «ھەئە، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن.

54 _ شەكسىزكى، (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە) ئۇۋال قىلغان ھەربىر ئادەم ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولسا، (ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت _ نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

55 _ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭدۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى جازالاش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقىقەتەن راستتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

56 _ ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

57 _ ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن دىللاردىكى (كېسەللىك) لەرگە شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان ۋەز _ نەسىھەت كەلدى.

58 _ ئېيتقىنكى، «ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، (بۇ) ئۇلارنىڭ يىغقان (مال _ دۇنيا) لىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

59 _ ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ سىلەرگە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بىر قىسمىنى ھارام، (يەنە بىر قىسمىنى بولسا) ھالال قىلىۋالدىڭلار». ئېيتقىنكى: «ئاللاھ سىلەرگە (مۇشۇنداق قىلىشقا) رۇخسەت بەرگەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟»

60 _ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغانلار قىيامەت كۈنىدە قانداق (جاۋاب بېرىمىز دەپ) ئويلايدىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ.

61 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن قايسى ھالەتتە بولساڭ، قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇساڭ، (ئى ئىنسانلار!) سىلەر قانداقلا بىر ئىشنى قىلساڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. ئاسمان _ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر.

62 _ بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، (ئۇلار دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرىگە) قايغۇرمايدۇ.

63 _ ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر.

64 _ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر.

65 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن. شەكسىزكى، پۈتۈن كۈچ _ قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

66 _ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانغىلا ئېيتىدۇ.

67 _ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېچىنى يارىتىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن ئاللاھتۇر. شەكسىزكى، (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

68 _ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر، ئۇ (بالىدىن) بىھاجەتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا سىلەرنىڭ ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟

69 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ».

70 _ (ئۇلار) بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا شىددەتلىك ئازابنى تېتىتىمىز.

71 _ ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلىتىشىم ئېغىر كەلگەن بولسا، (شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى) مەن يالغۇز ئاللاھقىلا تاياندىم. سىلەرمۇ (ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (ماڭا قارشى) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار. ئىشىڭلار سىلەرگە ئېنىقسىز بولمىسۇن، ئاندىن ماڭا ھېچبىر مۆھلەتمۇ بەرمەي، قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار.

72 _ ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەردىن ھېچبىر ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن كۈتىمەن، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى.

73 _ لېكىن ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق ۋە ئۇلارنى (يەر يۈزىدە) ئورۇنباسارلار قىلدۇق، دەلىل _ پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا غەرق قىلدۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن!

74 _ نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۇ قەۋملەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. (ئەمما) ئۇلار ئىلگىرى ئىنكار قىلغان ھەقىقەتكە (قايتا) ئىمان ئېيتمىدى. بىز ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيمىز.

75 _ ئۇلاردىن كېيىن بىز مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن) چوڭلۇق قىلدى ۋە گۇناھكار قەۋم بولۇپ كەتتى.

76 _ ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: «بۇ ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

77 _ مۇسا: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە، ئۇنى مۇشۇنداق دەمسىلەر؟ بۇ سېھىرمۇ؟ ھالبۇكى، سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى.

78 _ ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە (بۇ) زېمىنىنىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

79 _ پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى.

80 _ سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى.

81 _ ئۇلار (ئارغامچىلىرىنى) تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھىردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى تۈزىمەيدۇ» دېدى.

82 _ گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

83 _ مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن ئازلا كىشى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن يەر يۈزىدە شەك-شۈبھىسىز زوراۋان ئىدى، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى.

84 _ مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار» دېدى.

85 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئاللاھقا تاياندۇق، ئى رەببىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن.

86 _ رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى ئۇ كاپىر قەۋمدىن قۇتقۇزغىن»

87 _ بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەرنى ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، (ئى مۇسا!) مۇئمىنلەرگە (غەلىبە بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

88 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىمىز! سەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا دۇنيا ھاياتىدا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال _ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. ئى رەببىمىز! بۇ (نېمەتلەر) ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشىغا سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئى رەببىمىز! ئۇلارنىڭ مال _ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلىۋەتكىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن[1]، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي دەردلىك ئازابنى كۆرسۇن».

89 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار».

90 _ بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم» دېدى.

91 _ (ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى) «ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟) ھالبۇكى، ئىلگىرى (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن ئىدىڭ.

92 _ سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.

93 _ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارغا (تەۋراتتىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى. قىيامەت كۈنى رەببىڭ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

94 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇبادا سەن بىز ساڭا بەرگەن خەۋەردىن شەكلەنسەڭ، سەندىن ئىلگىرى (بىز نازىل قىلغان) كىتاب (تەۋرات)نى ئوقۇغانلاردىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ھەقىقەت كەلدى. شۇڭا سەن ھەرگىز (بۇ خەۋەرگە) شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

95 _ سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

96 _ 97_ شۈبھىسىزكى، رەببىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ.

98 _ ئاھالىلىرى ئىچىدە يۇنۇسنىڭ قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق. يۇنۇسنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتتۋىدى، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ھاياتلىقتىن) بەھرىمەن قىلدۇق.

99 _ ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلىماقچىمۇ؟

100 _ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماستىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئازابقا مەھكۇم قىلىدۇ.

101 _ ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆزىتىڭلار. (ئەمما بۇلاردىكى) دەلىللەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدا بەرمەيدۇ.

102 _ ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن (ئازابلىق) كۈنلەرنى كۈتىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن».

103 _ ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزىمىز. بىز مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز.

---

(1) بۇ ئايەتنى «ئۇلارنى قوللىرىدىن كەتكەن مال _ دۇنيانىڭ ھەسرىتى بىلەن دىللىرىنى مۇجۇپ ئازابلىغىن» دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار.

104 _ ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلانساڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى) مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۇئمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

105 _ يەنە (ماڭا): «توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن،

106 _ ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا چوقۇنساڭ، ئۇچاغدا سەن چوقۇم (ئۆزىڭگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

107 _ ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتىن باشقا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر (ئاللاھ) ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىنى قايتۇرۇۋەتكۈچى يوقتۇر. ئاللاھ مەرھەمىتىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر» (دەپ ۋەھيى قىلىندى).

108 _ ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەق (دىن) كەلدى. ئەمدى كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن».

109 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر سەۋر قىلغىن. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

# هۇد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 123 ئايەت.

بۇ سۈرە يۇنۇس سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان ۋە يۇنۇس سۈرىسىدە بايان قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوچۇقلايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنكارچى قەۋملەرگە قارشى ئېلىپ بارغان دەۋەت ئۇسۇلىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ئايەتلىرى پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن (ئەھكاملىرى) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

2 _ (بۇ كىتاب) سىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن (نازىل قىلىندى). (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن.

3 _ سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقىچە ئوبدان ياشىتىدۇ، ھەربىر ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.

4 _ سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

5 _ بىلىڭلاركى، ئۇلار دىلىدىكى (كۇفرى)نى ئاللاھتىن يوشۇرماقچى بولۇپ تۆگۈلۈۋالىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئون ئىككىنچى پارە

6 _ يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇ جانلىقنىڭ تۇرىدىغان جايىنى ۋە ئۆلىدىغان يېرىنى بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر.

7 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر. (ئىلگىرى) ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. (ئى پەيغەمبەر!) قەسەمكى، ئەگەر سەن كاپىرلارغا: «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ.

8 _ ئەگەر بىز ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى مەلۇم ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار: «ئۇنى نېمە توسۇپ قالغاندۇ؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇ ئازاب ئۇلاردىن قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ.

9 _ ئەگەر بىز ئىنسانغا پەزلىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتىپ، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ تامامەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ.

10 _ ئەگەر بىز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر نېمەت تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «ئەمدى بالالار مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دەپ كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ.

11 _ پەقەت سەۋر قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنداق ئەمەس. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە چوڭ مۇكاپات بار.

12 _ سەن (مۇشرىكلارنىڭ): «ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشۈرۈلسە ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر پەرىشتە كەلسە بولمامتى؟» دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

13 _ ياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

14 _ ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىسە، بىلىڭلاركى، (قۇرئان) پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن نازىل بولغاندۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھقا) ئەمدىغۇ بويسۇنارسىلەر؟

15 _ كىمكى دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى كۆزلەيدىكەن، مۇنداقلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

16 _ ئەنە شۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا ياخشىلىق دەپ) قىلغانلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.

17 _ رەببىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان، يەنە رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن بىر گۇۋاھچى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېتەكچى ۋە رەھمەت سۈپىتىدە مۇساغا بېرىلگەن كىتاب (راستچىللىقىغا) گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم (ھەقىقەتتىن دەلىلى يوق ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا ھەقىقي ئىشىنىدۇ. (ھەرقايسى) تائىپىلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر، قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن رەببىڭدىن (كەلگەن) ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتكە) ئىشەنمەيدۇ.

18 _ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان كىشىدىنمۇ زالىم بىرى بارمۇ؟ ئەنە شۇنداقلار (قىيامەت كۈنى) رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، گۇۋاھچىلار: «رەببى توغرۇلۇق يالغان سۆزلىگەنلەر ئاشۇلاردۇر» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ.

19 _ ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدىغان، ئۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغانلاردۇر.

20 _ ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىگە چىقمايدۇ، ئۇلارغا (جەھەننەمدە) ئازاب قاتمۇقات ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلار (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى) ئاڭلاشقا ۋە (كائىنات دەلىللىرىنى) كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

21 _ ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان (ساختا ئىلاھ) لىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى.

22 _ شەكسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ كۆپ زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

23 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە رەببىگە چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر.

24 _ (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرى كور بىلەن گاسقا، يەنە بىرى كۆزى كۆرىدىغان ۋە قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى بىر _ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ سىلەر ئىبرەت ئالمامسىلەر؟

25 _ شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: «شەكسىزكى، مەن سىلەر ئۈچۈن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

26 _ بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار، مەن راستتىنلا سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى.

27 _ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «كۆرۈۋاتىمىزكى، سەنمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن. ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى چولتا پىكىرلىك پەس ئادەملەردىن باشقىسىنىڭ ئەگەشمىگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق. بەلكى، بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى.

28 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن رەببىم تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغان بولسام، ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلارمۇ سىلەرنى ئۇنىڭغا زورلامدۇق؟

29 _ ئى قەۋمىم! سىلەرگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل _ مال تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىم (نى بېرىش) پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى يېنىمدىن قوغلىۋەتمەيمەن. چۈنكى ئۇلار رەببى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەمما مەن سىلەرنى نادان بىر قەۋم دەپ قارايمەن.

30 _ ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟

31 _ مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، ئەلۋەتتە مەن ئۆزۈمنى پەرىشتىمۇ دېمەيمەن، ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەر توغرۇلۇق ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىز ياخشىلىق بەرمەيدۇ، دېمەيمەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئەگەر مەن شۇنداق دېسەم) ئۇ چاغدا مەن چوقۇم ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

32 _ ئۇلار: «ئى نۇھ ! سەن بىز بىلەن جېدەللەشتىڭ، جېدەللەشكەندىمۇ كۆپ جېدەللىشىپ كەتتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە!» دېدى.

33 _ نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى ئەگەر خالىسا سىلەرگە ئاللاھلا كەلتۈرەلەيدۇ. (ئۇ چاغدا) سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

34 _ مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

35 _ ياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئۇنى توقۇپ چىققان بولسام، گۇناھىم ئۆزۈمگىدۇر. مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن يىراقمەن».

36 _ نۇھقا (مۇنداق دەپ) ۋەھيى قىلىندى: «ئېنىقكى، سېنىڭ قەۋمىڭ ئارىسىدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ئىمان ئېيتىدىغانلار چىقمايدۇ. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن.

37 _ سەن بىزنىڭ كۆزىتىشىمىز ئاستىدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم غەرق قىلىنىدۇ».

38 _ نۇھ كېمە ياساۋاتاتتى، قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى قاچانلا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، شەكسىزكى، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك، بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز.

39 _ خار قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر».

40 _ نىھايەت بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، نۇھقا دېدۇقكى: «(جانلىقلارنىڭ) ھەر تۈرىدىن (ئەركەك _ چىشى بولۇپ) بىر جۈپنى، ئائىلەڭدىكى (غەرق بولىدىغانلىقى ھەققىدە) ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلاردىن باشقىلارنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى كېمىگە ئېلىۋالغىن» دېدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشى ئىمان ئېيتقان ئىدى.

41 _ نۇھ ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، ئۇنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

42 _ كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى.

43 _ ئوغلى: «مېنى سۇدىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى _ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتكەنلەردىن بولدى.

44 _ «ئى زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! يامغۇرنى توختاتقىن» دېيىلدى، سۇ ئازالدى، ئىش تاماملاندى. كېمە جۇدى[1] تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى.

45 _ نۇھ رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىندۇر (سەن ماڭا ئائىلەمدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى.

46 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس، ئۇنىڭ قىلمىشى ھەقىقەتەن ياماندۇر. سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن تىلىمىگىن، مەن ساڭا جاھىللار قاتارىدىن بولماسلىقىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن».

47 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! مېنى ھەقىقىتىنى بىلمىگەن نەرسىنى سەندىن تىلەشتىن ساقلىغىن. ئەگەر مېنى كەچۈرمىسەڭ ۋە ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، مەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

48 _ دېيىلدىكى: «ئى نۇھ! سەن بىز تەرەپتىن ساڭا ۋە سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا چۈشكەن ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن) بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا ئۇچرايدۇ».

49 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار بىز ساڭا ۋەھيى قىلىپ بىلدۈرىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار. شۇڭا سەن (قەۋمىڭنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

50 _ ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر پەقەت (ئاللاھقا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر».

51 _ «ئى قەۋمىم! مەن دىننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى مېنى ياراتقان ئاللاھلا ئۈستىگە ئالغان، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟».

52 _ «ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ _ قۇۋۋەت بېرىدۇ. سىلەر گۇناھقا پاتقان ھالدا (ئاللاھتىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار».

53 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىغۇچى ئەمەسمىز، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيمىز.

---

(1) جۇدى تېغى تۈركىيەنىڭ سۈرىيە ۋە ئىراق چېگرىسى ئەتراپىدا بولۇپ، تەۋراتتا كېمىنىڭ ئارارات (ئاغرى) تېغىدا توختىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئارارات تېغى جۇدى تېغىدىن 200مىل يىراقلىقتا جايلاشقان. ئامېرىكىلىق مەخسۇس تەتقىقاتچىلار گۇرۇپپىسى 2004 _ يىلى 17 _ ئىيول كۈنى ئارارات تېغىدا ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كېمە توختىغان ئورۇننى رەسىمگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما «national geographic» ژۇرنىلى ئۇلار تارتقان سۈرەتنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ سۈرىتى ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان ۋە ئامېرىكىلىق ئاكادېمىكلەرمۇ بۇ سۈرەتنىڭ ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. يەنە بىر قاراشقا كۆرە، «جۇدى» دېگەن سۆز ئېگىز تاغ دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

54 _ 55_ بىز (سەن توغرۇلۇق) پەقەت ‹بەزى ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ› دەپلا ئېيتىمىز. ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسەڭلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. قېنى ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، ماڭا ئاراممۇ بەرمەڭلار.

56 _ شەكسىزكى، مەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا تايىاندىم. ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر. رەببىمنىڭ يولى ھەقىقەتەن توغرىدۇر.

57 _ ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم. رەببىم (خالىسا) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. رەببىم ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر».

58 _ بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز چۈشكەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق.

59_ ئەنە شۇ ئاد قەۋمى رەببىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى ۋە ئۇچىغا چىققان تەرسا، زوراۋانلارنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى.

60 _ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى راستتىنلا رەببىنى ئىنكار قىلدى. بىلىڭلاركى، ھۇدنىڭ قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن!

61 _ سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى قىلدى. ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى رەببىم (ئۆزىگە يېلىنغان كىشىگە) يېقىندۇر، (دۇئالارنى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر».

62 _ ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد كۈتۈلگەن كىشى ئىدىڭ. (ئەمدى) بىزنى ئاتا _ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسامسەن؟ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش توغرۇلۇق ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېيىشتى.

63 _ سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن رەببىم تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان بولۇپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلسام، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزۈشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيسىلەر.

64 _ ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) بۇ چىشى تۆگىسى سىلەرگە مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان _ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى يېقىندا كېلىدىغان بىر ئازاب ھالاك قىلىدۇ».

65 _ ئەمما ئۇلار (بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي) چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى. سالىھ ئېيتتى: «يۇرتۇڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار (ئاندىن ھالاك بولىسىلەر)، بۇ يالغان دېگىلى بولمايدىغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر».

66 _ بىزنىڭ ئەمرىمىز كېلىۋىدى، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن (ھەم ئۇ ئازابتىن ھەم) شۇ كۈننىڭ شەرمەندىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

67 _ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى _ دە، ئۇلار تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى.

68 _ ئۇلارنىڭ دىيارى گويا ئۇلار ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى راستتىنلا رەببىنى ئىنكار قىلدى. بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى ھالاك بولسۇن!

69 _ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن» دېدى. ئىبراھىممۇ: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى.

70 _ ئۇ ئۇلارنىڭ كاۋاپقا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قورقۇپ قالدى. ئۇلار: «قورقمىغىن، شەكسىزكى، بىز (پەرىشتىلەرمىز، شۇڭا تاماق يېمەيمىز) لۇتنىڭ قەۋمى (نى ھالاك قىلىش) ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېدى.

71 _ ئۇنىڭ ئايالى (سارە) ئۆرە تۇراتتى، بۇنى ئاڭلاپ كۈلدى. بىز ئۇنىڭغا ئىسھاق (ئاتلىق پەرزەنتى بولىدىغانلىقى) ۋە ئىسھاقتىن كېيىن، يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

72 _ ئۇ: «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، مەن ئەمدى تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى.

73 _ پەرىشتىلەر: «ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن ئى ئۆي ئەھلى! شەكسىزكى، ئاللاھ مەدھىيەلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا سازاۋەردۇر» دېدى.

74 _ ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن (يەنى پەرىشتىلىرىمىز بىلەن) لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىششكە باشلىدى.

75 _ ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆڭلى _ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق ۋە (ھەمىشە) ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدىغان بىرى ئىدى.

76 _ (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنىڭدىن ۋاز كەچكىن. چۈنكى رەببىڭنىڭ ئەمرى ئاللىقاچان كېلىپ بولدى، ئۇلارغا چوقۇم قايتۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئازاب چۈشىدۇ».

77 _ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر ئىنسان سۈرىتىدە) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ) قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقتىن يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر قىيىن كۈن بولدى» دېدى.

78 _ (لۇتنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان) قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنمۇ (بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ) يامان ئىشلارنى قىلاتتى. لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر (ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار)، بۇلار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنى مېھمانلىرىم ئالدىدا ئوسال قىلماڭلار، ئاراڭلاردا كاللىسى جايىدا بىرەر ئادەم يوقمۇ؟».

79 _ ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن».

80 _ لۇت ئېيتتى: «كاشكى، مېنىڭ سىلەرگە (قارشى تۇرغۇدەك) كۈچ _ قۇۋۋىتىم ياكى تايانغۇدەك كۈچلۈك جەمەتىم بولغان بولسىچۇ!».

81 _ (پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شەكسىزكى، بىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (يۇرتۇڭدىن) چىقىپ كەتكىن، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن. ئايالىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى ئۇلارغا يەتكەن (ئازاب) چوقۇم ئۇنىڭغىمۇ يېتىدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان (ئازاب چۈشىدىغان) چاغ تاڭ يورۇش ۋاقتىدۇر، تاڭنىڭ يورۇشى يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى.

82 _ 83_ بىزنىڭ ئەمرىمىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق، بىز ئۇ يۇرتلارغا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ساپال تاشلارنى ئۈستى _ ئۈستىلەپ ياغدۇردۇق. بۇ (ئازاب) زالىملاردىن يىراق ئەمەس.

84 _ «مەديەن (ئاھالىسى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى بايلىق ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستىنلا سىلەرنىڭ (ھەممىنى) قورشىغۇچى كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.

85 _ ئى قەۋمىم! ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا ئادىل بولۇڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىماڭلار.

86 _ ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ قالدۇرغان (ھالال پايدا) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. مەن سىلەرگە كۈزەتچى ئەمەسمەن».

87 _ ئۇلار ( مەسخىرە قىلغان ھالدا): «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ[1] سېنى ئاتا _ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى پۇل _ ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە ئىشلىتىشىمىزنى تاشلاتقۇزۇشقا بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى _ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان بىر ئادەمسەن _ دە» دېدى.

88 _ شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن رەببىم تەرىپىدىن (بېرىلگەن) ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان تۇرسام ۋە ئۇ مېنى ئۆز تەرىپىدىن گۈزەل بىر رىزىق بىلەن رىزىقلاندۇرغان تۇرسا، (ئەمدى مەن رەببىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) مەن

---

(1) ناماز دەپ تەرجىمە قىلىنغان «صلاة» دېگەن سۆزنىڭ ئىبنى ئەتىيەنىڭ تەپسىرىدە ناماز، قىرائەت، ئىبادەتگاھ ۋە دەۋەت مەنىسىدە كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا ئايەتتىكى «صلاتك» نى «سېنىڭ دەۋىتىڭ» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

سلەرنى توسقان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە ئىسلاھ قىلىشنىلا خالايمەن، (مېنىڭ بۇ ئىشتا) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا تاياندىم ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن.

89 _ ئى قەۋمىم! سلەرنىڭ ماڭا بولغان قارشىلىقىڭلار ھەرگىز سلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. (ھالاك قىلىنغان) لۇت قەۋمىمۇ سلەردىن يىراق ئەمەس.

90 _ رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم بەكمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، (مۇئمىنلەرنى) دوست تۇتقۇچىدۇر».

91 _ ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپلىرىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز بىر ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم _ قېرىنداشلىرىڭ بولمىسا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم چالما _ كېسەك قىلاتتۇق. سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى.

92 _ شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم _ قېرىنداشلىرىم سلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن كارىڭلار بولمىدى. شەكسىزكى، رەببىم سلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر.

93 _ ئى قەۋمىم! سلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە (ئۆز يولۇم بويىچە) ھەرىكەت قىلاي! سلەر ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسلەر. كۈتۈڭلار! مەنمۇ ئەلۋەتتە سلەر بىلەن بىللە كۈتۈۋاتىمەن».

94 _ بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى بىز تەرەپتىن بىر رەھمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، (ئىمان ئېيتماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى _ دە، ئۇلار دىيارلىرىدا تۈرغان پېتى قېتىپ قالدى.

95 _ ئۇلارنىڭ دىيارى گويا ئۇلار ھېچ ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى، مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولدى.

96 _ 97_ شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئوپئوچۇق دەلىللەر بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق. ئەمما ئۇ كاتتىباشلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى خاتا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى.

98 _ پىرئەۋن قىيامەت كۈنى قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ [1] ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلار كىرىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!

99 _ ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!

100 _ «مانا بۇلار (ھالاك قىلىنغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدىندۇركى، بىز ئۇنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن (سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالغانلىرىمۇ بار، (ئاد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار.

101 _ بىز ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. رەببىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) ئەمرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى. (ئەكسىچە) ئۇلارغا زىيان سېلىشتىن باشقىسىغا يارىمىدى.

102 _ رەببىڭ (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىلسا، ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ دەردلىك ۋە تولىمۇ قاتتىقتۇر.

103 _ مانا بۇنىڭدا ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت باردۇر. ئەنە شۇ (ئاخىرەت كۈنى) پۈتۈن ئىنسانلار توپلىنىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر.

104 _ بىز ئۇنى (قىيامەت كۈنىنى) پەقەت ساناقلىق مۇددەتكىچىلا كېچىكتۈرىمىز.

105 _ ئۇ كۈن كەلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ.

106 _ بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار (ئۇ كۈنى) دوزاختا بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا ئىڭىز _ پەس توۋلاپ نالە _ پەرياد چېكىدۇ.

---

(1) يەنى پىرئەۋن خۇددى بۇ دۇنيادا قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئازدۇرغاندەك ۋە دېڭىزغا باشلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ غەرق بولۇشىغا سەۋەب بولغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ ئۆز قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ بارىدۇ.

107 _ (دوزاخنىڭ) ئاسمان _ زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار دوزاختا رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى رەببىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

108 _ سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتتە بولىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان _ زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. (بۇ) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر.

109 _ (ئى پەيغەمبەر) سەن ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ (ئۇلارنى دوزاخقا سۆرەيدىغانلىقىدىن) قەتئىي شەكلەنمە. ئۇلار پەقەت ئىلگىرى ئاتا _ بوۋىلىرى چوقۇنغانغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ. شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئەلۋەتتە كېمەيتمەستىن بېرىمىز.

110 _ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات)نى بەردۇق. ئەمما بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىندى. رەببىڭنىڭ (ئازابنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئالدىن ئېيتىلغان سۆزى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە (مۇشۇ دۇنيادىلا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار) ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر.

111 _ شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ھەممە ئادەمگە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات _ جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

112 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن، سەن بىلەن بىرلىكتە تەۋبە قىلغانلارمۇ (شۇنداق بولسۇن). چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

113 _ زالىملارغا مايىل بولماڭلار، بولمىسا دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر، ئاندىن (ئۇنىڭدىنمۇ) ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.

114 _ كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇغىن. شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر.

115 _ (ئى پەيغەمبەر! نامازنى داۋاملاشتۇرۇشتا) چىداملىق بولغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

116 _ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا (ئىنسانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر چىقسا بولمامتى؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (بۇزغۇنچىلىقنى توسقانلىقى ئۈچۈن) بىز نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش _ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ كەتتى. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر.

117 _ رەببىڭ ئاھالىسى (ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى) ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ.

118 _ 119_ ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئىنسانلارنى ئەلۋەتتە (ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان) بىر ئۈممەت قىلاتتى، ئۇلار داۋاملىق ھەر خىل دىنلاردا بولىدۇ. پەقەت رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى[1]. رەببىڭنىڭ: «مەن چوقۇم دوزاخنى پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار (نىڭ گۇناھكارلىرى) بىلەن توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى بېكىتىلىپ بولدى.

120 _ (ئى پەيغەمبەر!) پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىندۇرىدىغان ھەربىر خەۋەرنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدا (بۇ سۈرىدە) ساڭا ھەقىقەت، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەت ۋە بىر ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى.

121 _ ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، بىزمۇ (ئۆز يولىمىز بويىچە) ئىش قىلماقتىمىز.

122 _ سىلەر (قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز».

123 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيىب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر ۋە ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ. شۇڭا سەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا تايانغىن! رەببىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

---

(1) يەنى «رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ياراتتى» ياكى «ئۆزى خالىغان دىننى تاللىسۇن دەپ ياراتتى» (تەپسىرى ئىبنى كەسىر ۋە تەپسىرى تەبەرى).

# يۈسۈف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 111 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئېغىر كۈلپەتلەردىن كېيىن غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2 _ شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

3 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئېسىل قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز. ئەلۋەتتە سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى (بۇ قىسسىلەردىن) خەۋەرسىز قالغانلاردىن ئىدىڭ.

4 _ ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن (چۈشۈمدە) ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن ئىدى.

5 _ ئاتىسى: «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر،

6 _ رەببىڭ شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا بۇ چۈشنى كۆرسەتكەندەك) سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا (نېمىتىنى) تاماملىغىنىغا ئوخشاش، ساڭا ۋە يەئقۇب ئائىلىسىگىمۇ نېمىتىنى تاماملايدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېدى.

7 _ يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

8 _ ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى: «يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بىز بىر توپ جامائە تۇرساق، ئېنىقكى، ئاتىمىز ئوپئوچۇق بىر خاتالىق ئىچىدىدۇر» دېيىشتى.

9 _ ئۇلار (ئۆز ئارىسىدا) «يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى يىراق بىر جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگىلا قالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» (دېيىشتى).

10 _ ئۇلاردىن يەنە بىرى: «يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئەگەر (ئۇنى ئاتىمىزدىن يىراق) قىلماقچى بولساڭلار، قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى.

11 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۈسۈف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى قارايمىز.

12 _ ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ _ ئىچىپ، ئويناپ _ كۈلۈپ كەلسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز».

13 _ يەئقۇب: «سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار، مەن راستتىنلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

14 _ ئۇلار: «بىز بىر توپ جامائە تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

15 _ (قېرىنداشلىرى) ئۇنى ئېلىپ چىقىپ چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا، بىز يۈسۈفكە: «شەكسىزكى، (كېلەچەكتە) ئۇلارغا بۇ ئىشنى ئۇلار (سېنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇقمايدىغان بىر پەيتتە (بىر _ بىرلەپ) ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

16 _ ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى.

17 _ ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۈسۈفنى نەرسە _ كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قاپتۇق، (ئەپسۇسكى) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى.

18 _ ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. يەئقۇب: «ياق (ئۇنداق ئەمەس)، بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلدۇرۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر» دېدى.

19 _ بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سۇچىسىنى (سۇغا) ئەۋەتتى، ئۇ چېلىكىنى (قۇدۇققا) تاشلىدى ۋە (يۇسۇفنى كۆرۈپ): «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

20 _ ئۇلار يۇسۇفنى بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. زادى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشكەن) ئىدى.

21 _ ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقېتىپ قالار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ، يۇسۇفنى (ئادالەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى ئۈچۈن) ۋە ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئۇ يەرگە (مىسىرغا) مانا مۇشۇنداق يەرلەشتۈردۇق. ئاللاھ (ئۆزى ئىرادە قىلغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

22 _ يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق. بىز (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

23 _ يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى يۇسۇفنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى _ دە، ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۇسۇف: «ئاللاھ ساقلىسۇن! ئېرىڭىز ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. (خىيانەت قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

24 _ ئايال ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. رەببىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، (يۇسۇفمۇ) ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلايلى دەپ شۇنداق (دەلىلىمىزنى كۆرسەتتۇق). چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

25 _ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئايال يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئايالنىڭ ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئايال: «سېنىڭ ئائىلەڭگە يامانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى.

26 _ يۇسۇف: «ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى» دېدى. ئايالنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا ئايال راست سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف يالغانچىلاردىن بولىدۇ.

27 _ ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا ئايال يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف راستچىللاردىن بولىدۇ» دېدى.

28 _ (ئايالنىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىغا: «(ئەي ئاياللار جامائەسى!) بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر».

29 _ «ئى يۇسۇف! بۇنى دەپ يۈرمىگىن. (ئى ئايالىم!) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن. چۈنكى، سەن گۇناھكارلاردىن بولدۇڭ» دېدى.

30 _ شەھەردىكى (بەزى) ئاياللار: «ئەزىزنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بوپتۇ، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمىز» دېيىشتى.

31 _ ئايال ئۇلارنىڭ سۆز _ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇلار (نى چاقىرىپ كېلىدىغان)غا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا يۆلىنىدىغان تەكىيە _ ياستۇقلار (ۋە كېسىپ يەيدىغان يېمەكلىكلەر)نى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (ئايال يۇسۇفكە «ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىن» دېدى. ئاياللار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ھاڭ _ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر! بۇ ئادەمزات ئەمەس، بۇ پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشتى.

32 _ ئايال دېدى: «مانا بۇ سىلەرنىڭ مېنى ئەيىبلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان ھېلىقى كىشى، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمغا ئۇنىمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

33 _ يۈسۈف: «ئى رەببىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر, ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن توسمىساڭ, ئۇلارغا مايىل بولۇپ كېتىپ نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى.

34 _ رەببى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ, ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئۇنىڭدىن توستى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر, ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

35 _ ئاندىن ئۇلار (يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن, (سۆز _ چۆچەك بېسىققانغا قەدەر) ئۇنى بىر مەزگىل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

36 _ زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۈزۈمدىن مەي سىقىۋېتىپ كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەكمەن, ناننى قۇشلار يەۋاتقۇدەك, بۇنىڭ تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. چۈنكى بىز سېنى ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

37 _ يۈسۈف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا رىزىقلىنىشقا سىرتتىن تاماق كېلىدىغانلا بولسا, ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن, ئۇنىڭ نېمە (تاماق) ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن, بۇ رەببىم ماڭا بىلدۈرگەن بىلىملەردىندۇر. شۈبھىسىزكى, مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان, ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىدىم.

38 _ مەن ئاتا _ بوۋىلىرىم _ ئىبراھىم, ئىسھاق, يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم, ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس. بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر, لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ.

39 _ ئى زىنداداشلىرىم! كۆپ خىل مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھمۇ؟

40 _ سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا _ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە باشقا ساختا ئىلاھلارنىڭ) ناملىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ ئۇلار (غا چوقۇنۇش) توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس. بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان, بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

41 _ ئى زىنداداشلىرىم! (كۆرگەن چۈشۈڭلارغا كەلسەك), سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ, بۇرۇنقىدەك) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ, يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ, كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ, سىلەر سورىغان ئىشلار توغرىسىدا (مۇشۇنداق) ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى».

42 _ يۈسۈف ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇلۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان بىرىگە: «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. ئەمما خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى. بۇ سەۋەبتىن يۈسۈف زىنداندا يەنە بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى.

43 _ پادىشاھ ئېيتتى: «مەن راستىنلا چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن, ئى كاتتىباشلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار, بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار».

44 _ ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن, بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى بىلمەيمىز».

45 _ ھېلىقى ئىككىسىنىڭ (زىنداندىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئېسىگە ئالغان بىرى: «مەن سىلەرگە ئۇنىڭ تەبىرىنى خەۋەر قىلىمەن, مېنى (دەرھال زىندانغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى.

46 _ (ئۇ زىندانغا بېرىپ, يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى _ دە) «يۈسۈف! ئى راستچىل كىشى! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈش) توغرىسىدا بىزگە تەبىر بەرگىن. ئۈمىدكى, مەن كىشىلەرگە (توغرا تەبىر بىلەن) قايتسام, ئۇلار (سېنىڭ قەدرىڭنى) بىلگەي» دېدى.

47 _ يۈسۈف ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار, ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئاز بىر قىسمىنى ئادالىغاندىن تاشقىرى, قالغىنىنى باشىقى بىلەن قويۇڭلار.

48 _ شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ, (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسىنى يەيسىلەر.

49 _ شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) بىر يىل كېلىدۇ, ئۇنىڭدا ھۆل _ يېغىن كۆپ بولىدۇ, كىشىلەر (مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى) سىقىپ چىقىرىدۇ».

50 _ (بۇلارنى ئاڭلىغان) پادىشاھ: «ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ئەلچى يۇسۇفنىڭ يېنىغا بارغاندا، (يۇسۇف ئۇنىڭغا): «سەن خوجايىنىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارنىڭ دەردى نېمىكەن؟ سوراپ باققىن. شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى.

51 _ پادىشاھ (ھېلىقى ئاياللارنى يىغىپ): «سىلەر يۇسۇفنى ئۆزۈڭلارغا تارتماقچى بولغاندا، ھەقىقىي ئەھۋال قانداق بولغان؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر گۇناھ بارلىقىنى بىلمىدۇق» دېدى. ئەزىزنىڭ ئايالى: «ئەمدى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغان ئىدىم. شەكسىزكى، ئۇ راست سۆزلىگەن ئىدى» دېدى.

52 _ (يۇسۇف ئېيتتى) «بۇ (مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىم) ئەزىز يوق چاغدا ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى (ئۇنىڭغا) بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى».

## ئون ئۈچىنچى پارە

53 _ (يۈسۈف يەنە دېدىكى): «(مەن بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈمنى ئاقلىماقچىمۇ ئەمەسمەن. چۈنكى نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ. پەقەت رەببىم رەھىم قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ رەببىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

54 _ پادىشاھ: «يۈسۈفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈپ: «ھەقىقەتەن سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى.

55 _ يۈسۈف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن. چۈنكى مەن ئۇنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە (بۇ ئىشنى) بىلىدىغان ئادەممەن» دېدى.

56 _ بىز يۈسۈفكە ئۇ يەردە (ئىشلارنى) خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىدىغان شۇنداق سالاھىيەتنى بەردۇق. بىز رەھمىتىمىزنى خالىغان كىشىگە نېسىپ قىلىمىز، (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز.

57 _ ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھلاردىن) ساقلانغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

58 _ يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. يۈسۈف ئۇلارنى تونۇدى، ئۇلار بولسا ئۇنى تونۇمايتتى.

59 _ يۈسۈف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

60 _ ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار».

61 _ ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز بۇنى چوقۇم قىلىمىز» دېدى.

62 _ يۈسۈف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل _ ماللىرىنى يۈك _ تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى.

63 _ ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندا: «ئى ئاتىمىز! بىزگە قايتا ئاشلىق بېرىلمەيدىغان بولدى، ئۇكىمىز (بۇنيامىن)نى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى.

64 _ يەئقۇب ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يۈسۈف)نىڭ ئىشىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىمەن؟ (مەن ئۇنى پەقەت ئاللاھقا ئامانەت قىلىمەن) ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ئۇ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر».

65 _ ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل _ ماللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ پۇل _ ماللىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ، (ئۇكىمىزنى ئېلىپ بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز، ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز. بۇ (پادىشاھقا نىسبەتەن) ئازغىنە ئاشلىقتۇر» دېدى.

66 _ يەئقۇب ئېيتتى: «سىلەر قورشىلىپلا قالمىساڭلار (يەنى چارىسىز ھالغا چۈشۈپلا قالمىساڭلار) بۇنيامىننى چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرمىگۈچە، ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر» دېدى.

67 _ (ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (شەھەرگە) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا _ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. ئەمما مەن سىلەردىن ئاللاھتىن (كېلىدىغان) ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. مەن ئاللاھقا تاياندىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئاللاھقىلا تايانسۇن!» دېدى.

68 _ ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە (شەھەرگە باشقا _ باشقا دەرۋازىلاردىن) كىرگەندە، (بۇ تەدبىر) يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى تىلەك (نى ئورۇنداش)تىن باشقا ئاللاھتىن (كەلگەن) ھېچ نەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى. شەكسىزكى، يەئقۇب بىزنىڭ ئۆگەتكىنىمىز سايىسىدا ئەلۋەتتە بىر بىلىم ئىگىسى ئىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

69 _ ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئاكاڭ بولىمەن. ئۇلارنىڭ (بىزگە) قىلغانلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى.

70 _ يۈسۈف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، بىر سۇ قاچىسىنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە (تۇيدۇرماي) سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى.

71 _ (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار» دېدى.

72 _ ئۇلار: «پادىشاھنىڭ سۇ قاچىسىنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە بىر تۆگە ئاشلىق (مۇكاپات) بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى.

73 _ (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى.

74 _ ئۇلار: «ئەگەر سىلەر يالغانچى چىقىپ قالساڭلار، ئۇچاغدا (سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا) ئوغرىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟» دېدى.

75 _ (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئۇنىڭ جازاسى (ئوغرىلانغان نەرسە) كىمنىڭ يۈكىدىن تېپىلسا، ئاشۇ (كىشىنى قۇل قىلىش) ئۇنىڭ جازاسىدۇر. بىز (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى.

76 _ يۈسۈف ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئاكىلىرىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن سۇ قاچىسىنى تېپىپ چىقتى. بىز يۈسۈفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق. (چۈنكى) پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇ ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى. ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى. بىز خالىغان ئادەمنى يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەربىر بىلىملىكنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرى بار.

77 _ ئۇلار: «ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئىلگىرى ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى» دېيىشتى. يۈسۈف بۇنى ئىچىدە ساقلىدى، ئۇلارغا چاندۇرمىدى، (ئىچىدە): «سىلەر تېخىمۇ يامان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى.

78 _ ئۇلار: «ئى ئەزىز [1] ! ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، شەكسىزكى، بىز سېنى ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

79 _ يۈسۈف: «ئاللاھ ساقلىسۇن! بىز نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

80 _ ئۇلار (تەلىپىنىڭ قوبۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، (چەترەك يەرگە بېرىپ) مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ چىن ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۈسۈف توغرىسىدىكى خاتالىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغۇچە ياكى ئاللاھ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

81 _ سىلەر ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ (بۇنيامىن) راستتىنلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز.

82 _ بىز تۇرغان شەھەر (مىسىردىكىلەر) دىن ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىز چوقۇم راست سۆزلەۋاتىمىز».

83 _ يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ (يۈسۈف، بۇنيامىن ۋە رۇبىل [2] قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

84 _ يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئاھ يۈسۈف!» دېدى، قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى.

85 _ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۈسۈفنى ئويلاۋېرىپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىدىغان ياكى ھالاك قىلىدىغان بولدۇڭ» دېدى.

---

(1) ئەزىز دېگەن سۆز مىسىرنىڭ ۋالىيلىرى ئۈچۈن بىر ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. ( ئەيسەرۇتتەفاسىر2- توم، 636-بەت) .

(2) رۇبىل _ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا قالغان ئوغلىنىڭ ئىسمىدۇر. ( ئەيسەرۇتتەفاسىر2- توم، 639-بەت) .

86 _ يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ _ ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

87 _ ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ».

88 _ (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى مىسىرغا قايتا كېلىپ) ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ دېدىكى، «ئى ئەزىز! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى. (ئالدىڭغا) ناچار، ئۆتمەسماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە ياخشىلىق قىلغىن. چۈنكى ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ».

89 _ يۈسۈف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۈسۈفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى.

90 _ ئۇلار: «سەن راستتىنلا يۈسۈفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «(ھەئە) مەن يۈسۈف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. ئاللاھ ھەقىقەتەن بىزگە مەرھەمەت قىلدى. چۈنكى كىمكى تەقۋالىق قىلىدىكەن ۋە سەۋر قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.

91 _ ئۇلار «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى.

92 _ يۈسۈف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئۇ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر.

93 _ سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە يېپىڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلەردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار».

94 _ كارۋان (مىسىردىن) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يېنىدىكىلەرگە): «سىلەر مېنى ئالجىپ قاپتۇ دېمەيدىغان بولساڭلار، مەن ھەقىقەتەن يۈسۈفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن» دېدى.

95 _ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخىچە بۇرۇنقى خاتا قارىشىڭدا ئىكەنسەن» دېدى.

96 _ خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە يېپىۋىدى، دەرھال ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، يەئقۇب: «مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى.

97 _ ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن (ئاللاھتىن) بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى بىز راستتىنلا گۇناھكارلاردىن بوپتىمىز» دېيىشتى.

98 _ يەئقۇب: «رەببىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدى.

99 _ ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئاتا _ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «ئاللاھ خالىسا، مىسىرغا ئامان _ ئېسەن كىرىڭلار!» دېدى.

100 _ ئاتا _ ئانىسىنى تەختىدە ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار يۈسۈفكە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ بۇرۇن كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر. رەببىم ئۇ چۈشۈمنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شەيتان قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى بۇزغاندىن كېيىن، رەببىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش ۋە سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى. رەببىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

101 _ ئى رەببىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىقتىن (نېسىۋە) ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، جېنىمنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئالغىن، مېنى ياخشى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن» دېدى.

102 _ (ئى پەيغەمبەر!) مانا بۇلار غەيىب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتىمىز. (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى ھىيلە _ مىكىر بىلەن ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرغاندا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

103 _ سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ.

104 _ سەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايسەن. ئۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن پەقەتلا ۋەز _ نەسىھەتتۇر.

105 _ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

106 _ ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنگەندىمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ.

107 _ ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ قورشىغۇچى ئازابلىرىدىن بىر ئازابنىڭ چۈشۈشىدىن ياكى ئۆزلىرى سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىشىدىن قورقمامدۇ؟

108 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر ئوپئوچۇق دەلىل _ ئىسپاتقا ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».

109 _ بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق. (مۇشرىكلار) يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. سىلەر تېخىچە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

110 _ ھەتتا پەيغەمبەرلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە يالغانچى دېيىلىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغاندا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ.

111 _ ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى كىتابلار)نى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

# رەئد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 43 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف. لام. مىم. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار كىتابنىڭ (قۇرئاننىڭ) ئايەتلىرىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (بۇ قۇرئان) ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ.

2 _ ئاللاھ سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن، كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە سەير قىلىدۇ، ئاللاھ مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى رەببىڭلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

3 _ ئۇ يەر يۈزىنى سوزۇپ كەڭ ياراتقان، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتقان، مېۋىلەردىن ھەربىر تۈرىنى ئەركەك _ چىشى — ئىككى (جىنسلىق) قىلىپ ياراتقان، كۈندۈزنى كېچە بىلەن ياپقان زاتتۇر. شەكسىزكى، بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.
4 _ يەر يۈزىدە بىر _ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قىتئەلەر، ئۈزۈملۈك باغلار، تۈرلۈك زىرائەتلەر، شاخلىغان ۋە شاخلىمىغان خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئەمما ئۇلارنىڭ) بەزىسىنى بەزىسىدىن تەملىك قىلىمىز. شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.
5 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، كاپىرلارنىڭ: «بىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن يارىتىلامدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىكتۇر. ئەنە شۇلار رەببىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (قىيامەت كۈنى) بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.
6 _ ئۇلار سەندىن ياخشىلىقتىن ئىلگىرى يامانلىقنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ) تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلاردىن ئىلگىرى (ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنكارچى قەۋملەرگە) كۆپلىگەن ئازابلار كەلگەن ئىدى. ئىنسانلار يولسىزلىق قىلسىمۇ، (تەۋبە قىلسىلا) رەببىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن مەغپىرەت ئىگىسىدۇر. (تەۋبە قىلمىسا) رەببىڭنىڭ ئازابى تولىمۇ قاتتىقتۇر.
7 _ كاپىرلار: «ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلسە بولماﻣﺘﻰ؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ھەربىر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەتكە چاقىرغۇچىسى بولىدۇ.
8 _ ھەربىر چىشىنىڭ نېمىگە ھامىلىدار بولغانلىقىنى، بالياتقۇلارنىڭ نېمىنى كېمەيتىپ نېمىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ھامىلىنىڭ مۇددىتى توشماي ياكى مۇددىتى ئېشىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.
9 _ ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.
10 _ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (ئاللاھنىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن) ئوخشاشتۇر.
11 _ ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى _ كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار. شەكسىزكى، ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئاللاھ قانداقلا بىر قەۋمگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ چىقمايدۇ.
12 _ ئاللاھ قورقۇنچ ۋە ئۈمىد بەرگەن ھالدا، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدىغان ۋە قويۇق ئېغىر بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدىغان زاتتۇر!
13 _ گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھ چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. كاپىرلار ئاللاھ توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

14 _ ھەقىقىي دۇئا ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسىغا يالۋۇرغانلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ھاجىتىنى راۋا
قىلالمايدۇ. ئۇلار ئاغزىمغا سۇ يەتسۇن دەپ ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرغان ئادەمگىلا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، سۇ
ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا يەتمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ (مەبۇدلىرىغا قىلغان) دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر.
15 _ ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (بەزىسى) ئىختىيارىي ۋە (بەزىسى) مەجبۇرىي يوسۇندا ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن _
ئاخشامدا ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ.
16 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن) «ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ رەببى كىم؟» دەپ سورىغىن ۋە «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بەرگىن.
(يەنە ئۇلارغا) «(شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزىگىمۇ پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى (ئۆزۈڭلار
ئۈچۈن) ئىگە قىلىۋالدىڭلارمۇ؟» دېگىن. «كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇر
باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ياكى ئۇلار (ئۆزلىرى) ئاللاھ ياراتقانغا ئوخشاش مەخلۇقاتلارنى «ياراتقان» دەۋالغان مەبۇدلىرىنى
ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىمىز ياراتقان دەۋالغان نەرسىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى،
«ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇ بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر».
17 _ ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى _ دە، جىلغىلاردا لىقمۇلىق ئاقتى. كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ
ئاقتى. كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش
كۆپۈكى بار. ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلغا مۇشۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ. كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئەمما ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە
زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.
18 _ رەببىنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئوبدان مۇكاپات بار. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارغا كەلسەك، ئەگەر يەر
يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭ بىر ھەسسىسى ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىديە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى. ھېسابنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئەنە شۇلارغا بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!
19 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ئۇنى بىلمەيدىغان دىلى)
كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا نەسىھەت ئالىدۇ.
20 _ ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ[1]، (بەرگەن) ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ،
21 _ ئۇلار ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي
قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۇلايدۇ، رەببىدىن قورقىدۇ ۋە قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ.
22 _ ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغان، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان، بىزنىڭ
بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغان ۋە ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدىغان
كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.
23 _ 24_ ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ
(جەننەتكە كىرىدۇ). پەرىشتىلەر (جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، (ئۇلارغا): «چىدامچانلىق
كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ.
25 _ ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق
قىلىدىغان كىشىلەر — ئەنە شۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.
26 _ ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. (كاپىرلار) دۇنيا ھاياتى بىلەن
كۆرەڭلەپ كەتتى. ھالبۇكى، دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
27 _ كاپىرلار: «ئۇنىڭغا رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دەيدۇ. (ئى
پەيغەمبەر!) «شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىنى (ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن) ئازدۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشىنى
ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن.

---

[1] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 27 _ ئايىتىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

28 _ ئۇلار (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدىغان كىشىلەر) ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.

29 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خۇشاللىق ۋە گۈزەل قارارگاھ بار.

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، بۇلار رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلماقتا. ئېيتقىنكى، «ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تاياندىم، مەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن».

31 _ مۇبادا بىر قۇرئان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار يۆتكەلگەن ياكى يەر يېرىلغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، (ئۇلار بەربىر ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. مۇئمىنلەر ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بەرگەن) ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، ھامان تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ياكى بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

32 _ سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىندى (شۇڭا قايغۇرمىغىن). كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مەزگىل كېچىكتۈردۈم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟

33 _ ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، يەر يۈزىدە ئاللاھ بىلمەيدىغان (نەرسىلەر باردەك، ئۇ) نەرسىلەرنى سىلەر ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ ياكى قۇرۇق گەپ بىلەن (ئۆزۈڭلارنى ئالداۋاتامسىلەر؟)» دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر.

34 _ ئۇلارغا بۇ دۇنيا ھاياتىدا بىر ئازاب بار، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر.

35 _ تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى بولسا دوزاختۇر.

36 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز كىتاب بەرگەنلەر ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان بىلەن خۇشال بولىدۇ. پەقەت (ساڭا قارشى) ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، مەن (ئىنسانلارنى) پەقەت شۇنىڭغىلا دەۋەت قىلىمەن، مېنىڭ قايتىدىغان يېرىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر».

37 _ شۇنىڭدەك (يەنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب چۈشۈرگىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىجرا قىلىنىدىغان) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق. ناۋادا سەن ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قوغداپ قالغۇچى بولمايدۇ.

38 _ شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ئاياللار ۋە باللارنى بەرگەن ئىدۇق، ھېچبىر پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر مۇددەتنىڭ (مۇئەييەن) چېكى بولىدۇ.

39 _ ئاللاھ (ئۇنىڭدىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

40 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب)نىڭ بىر قىسمىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ھېساب ئېلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

41 _ ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى (پەتھى قىلىپ) ئەتراپىدىن تارايتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ ئاللاھ (خالىغانچە) ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

42 _ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) تۇزاق قۇرغان ئىدى. (بارلىق تۇزاقلارنى بەربات قىلىش) تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ھەربىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، كاپىرلار كىمنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغانلىقىنى پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار: «سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر».

# ئىبراھىم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى كۇفرىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە قەۋملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشىغا قارىتا سەۋرچانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىش ۋە كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). (ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان شۇنداق بىر) كىتابتۇركى، بىز ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا — ھەممىدىن غالىب، مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

2 _ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۆز ئىلكىدە بولغان زاتتۇر! قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغان كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

3 _ ئۇلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئەنە شۇلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

4 _ قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازغۇن قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

5 _ شەكسىزكى، بىز مۇسانى «قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقارغىن ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى (يەنى نېمەتلىرىنى ۋە جازاسىنى) ئەسلەتكىن» دەپ مۆجىزىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ھەربىر سەۋرچان، شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

6 _ مۇسا ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى چەككۈزەتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى (قىزلىرىڭلارنى) ھايات قالدۇراتتى. بۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ بىر سىناق بار ئىدى» دېگەن ئىدى.

7 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر» دەپ جاكارلىغان ئىدى.

8 _ مۇسا: «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ (يەنىلا) ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر» دېدى.

9 _ سىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، (سانىنى) پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ: «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى راستتىنلا ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتىن ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەكتىمىز» دېدى.

10 _ پەيغەمبەرلىرى: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئاللاھتا شەك بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلاردىن بىر قىسمىنى مەغپىرەت قىلىش ۋە سىلەرنى مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىتىش ئۈچۈن سىلەرنى (ھەق دىنغا) دەۋەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇلار: «سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، سىلەر بىزنى ئاتا _ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا، بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى.

11 _ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «(توغرا) بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمىز، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز، مۇئمىنلەر ئاللاھقا تايانسۇن!

12 _ ئاللاھ بىزنى (مېڭىشقا تېگىشلىك) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا تايانمايمىز؟ سىلەر بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز، تايانغۇچىلار پەقەت ئاللاھقىلا تايانسۇن» دېدى.

13 _ كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى يۇرتىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. رەببى ئۇلارغا: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز.

14 _ ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز. مانا بۇ مېنىڭ ئالدىمدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر» دەپ ۋەھيى قىلدى.

15 _ (پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن) نۇسرەت تىلىۋىدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا شەپقەتسىز ھالاك بولدى.

16 _ ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ.

17 _ (ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ، يۇتالماي قىينىلىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

18 _ رەببىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ قىلغان) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، مانا بۇ قاتتىق ئازغۇنلۇقتۇر.

19 _ ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى كەلتۈرىدۇ.

20 _ بۇ ئاللاھقا (ھەرگىز) قىيىن ئەمەس.

21 _ (قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلىدۇ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراقنى بولسىمۇ كۆتۈرىۋېتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغان بولاتتۇق، بىز نالە _ پەرياد قىلساقمۇ، سەۋر قىلساقمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ.

22 _ (ھېساب ئېلىش ئىشى ئاخىرلىشىپ) ئىش پۈتكەندە، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ھەق ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ئۇنىڭغا ۋاپا قىلدى)، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى (كۇفرىلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، (بۈگۈن) مەن سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار ئەمەس، سىلەرمۇ مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم ئەمەس. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان) زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار» دەيدۇ.

23 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، بۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ يەردە (ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر تەرىپىدىن) «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

24 _ 25 _ ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ياخشى سۆز (كەلىمە تەييىبە) يىلتىزى (يەرنىڭ ئاستىدا) مۇستەھكەم بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى _ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

26 _ يامان سۆز (كۇفرى سۆز) يەرنىڭ ئۈستىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ.

27 _ ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

28 _ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇپ) ھالاكەت مەيدانى (بولغان دوزاخ)قا چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟

29 _ ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

30 _ ئۇلار (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھقا نۇرغۇن شېرىكلەرنى قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «كەيىپ _ ساپا سۈرۈۋېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن.

31 _ ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن، ئېلىم _ سېتىممۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا ئاتا قىلغان (پۇل _ مال) لىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلسۇن.

32 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ ئۈرغۈن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن ۋە سىلەرگە كېمىلەرنى ئۇز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ بەرگەن، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

33 _ ئۇ سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، يەنە سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

34 _ ئۇ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن زاتتۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن تۇزكوردۇر.

35 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «ئى رەببىم! بۇ (مەككە) شەھىرىنى تىنچ _ ئامان قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.

36 _ ئى رەببىم! ئۇلار (يەنى بۇتلار) ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. كىمكى ماڭا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر. كىمكى (مۇشرىكلىكتىن باشقا گۇناھ قىلىپ) ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، سەن ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

37 _ ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! (بۇ ئىشنى) ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن (دەپ قىلدىم). ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن.

38 _ ئى رەببىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن. ئاسمان _ زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس».

39 _ بارلىق ھەمدۇسانا ياشانغان چېغىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر! شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم دۇئانى ناھايىتى بەك ئاڭلىغۇچىدۇر.

40 _ ئى رەببىم! مېنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن، ئى رەببىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن.

41 _ ئى رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا _ ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن».

42 _ زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن! ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى (قورقۇنچتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان (قىيامەت) كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ.

43 _ (ئۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ (چاقىرىلغان تەرەپكە قاراپ) تېز يۈگۈرىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (قورققانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل _ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ.

44 _ (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنى ئازاب كېلىدىغان كۈندىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار (بۇ كۈندە): «ئى رەببىمىز! (بىزنى دۇنياغا قايتا ئەۋەتىپ) قىسقىغىنا ۋاقىت بولسىمۇ بىزگە مۆھلەت بەرگىن، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەپ يالۋۇرىدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر ئىلگىرى ‹بىز ھەرگىز يوقالمايمىز› دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟

45 _ سىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ ھالاك بولغانلارنىڭ يۇرتلىرىدا ماكانلاشقان ئىدىڭلار، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق ئىدى، سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنىمۇ كەلتۈرگەن ئىدۇق».

46 _ ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە) تۇزاق قۇردى. ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (كۈچلۈك) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىنى بەربات قىلىدۇ.

47 _ ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، (زالىملاردىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

48 _ ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، (بارچە خالايىق) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھازىر بولىدۇ.

49 _ ئۇ كۈندە گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر _ بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن.

50 _ ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قەتىران (يەنى قارىماي)دىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ.

51 _ ئاللاھ ھەر كىمگە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). ئاللاھ ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

52 _ بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز _ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن (نازىل قىلىنغان) ئۇقتۇرۇشتۇر.

# ئون تۆتىنچى پارە

## ھىجر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 99 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: بۇرۇن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى ھەق دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار كىتابنىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2 _ كاپىرلار (قىيامەت كۈنى) كاشكى بىزمۇ مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ.

3 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار يەپ _ ئىچىپ، (دۇنيا لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولىۋەرسۇن. ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ.

4 _ بىز قانداقلا بىر شەھەرنى ھالاك قىلايلى، ئۇنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ.

5 _ ھېچبىر ئۈممەت ئەجىلىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ، ھەم كېچىكتۈرەلمەيدۇ.

6 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇنسەن.

7 _ ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، ئالدىمىزغا پەرىشتىلەرنى ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟».

8 _ بىز پەرىشتىلەرنى (كاپىرلارغا) ھەق (لىق بولغان ئازاب) بىلەنلا چۈشۈرىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ.

9 _ قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز.

10 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرى بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

11 _ ئۇلار ئۆزلىرىگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

12 _ شۇنداق (ئىنكار قىلىشنى) بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا سالىمىز.

13 _ ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ. (بۇ) بۇرۇندىن (كاپىرلاردا) ئادەت بولۇپ كەلگەن ئىشتۇر.

14 _ بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلىگەن تەقدىردىمۇ،

15 _ ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكىم بىز سېھىرلەنگەن بىر قەۋم بولۇپ قالدۇق» دېيىشىدۇ.

16 _ بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى (يەنى ئوربىتىلارنى) قىلدۇق، قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئاسماننى زىننەتلىدۇق.

17 _ بىز ئاسماننى ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن قوغدىدۇق.

18 _ لېكىن (شەيتانلاردىن) كىمكى ئوغرىلىقچە (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) قۇلاق سالماقچى بولىدىكەن، روشەن ئاقار يۇلتۇز ئۇنى قوغلاپ يېتىدۇ.

19 _ يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

20 _ يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق.

21 _ ھەر قانداق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز.

22 _ بىز بۇلۇتلارنى يامغۇرلۇق قىلىدىغان شاماللارنى ئەۋەتىپ، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەس.

23 _ شەكسىزكى، بىز (يوقنى يارىتىپ) تىرىلدۈرىمىز، (ئەجىلى توشقاننى) ئۆلتۈرىمىز ۋە (ھەممىگە) بىز ۋارىسلىق قىلىمىز.

24 _ شەكسىزكى، بىز سىلەردىن ئىلگىرى كېلىپ كەتكەنلەرنىمۇ بىلىمىز ۋە (قىيامەتكە قەدەر) كېلىدىغانلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىمىز.

25 _ شەكسىزكى، رەببىڭ (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنى يىغىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

26 _ شەكسىزكى، بىز ئىنساننى (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق.
27 _ جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق.
28 _ رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ئىنسان يارىتىمەن.
29 _ مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا روھىمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار».
30 _ پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى.
31 _ پەقەت ئىبلىسلا ئۇلار بىلەن بىللە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.
32 _ ئاللاھ: «ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى.
33 _ ئىبلىس: «(چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى.
34 _ ئاللاھ ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن سەن قوغلاندى بولدۇڭ.
35 _ شەكسىزكى، قىيامەت كۈنىگە قەدەر ساڭا لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ».
36 _ ئىبلىس: « ئى رەببىم! مېنى (مەخلۇقات) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر ھايات قالدۇرغىن» دېدى.
37 _ 38_ ئاللاھ: «سەن مەلۇم ۋاقىتقىچە ھايات قالدۇرۇلىسەن» دېدى.
39 _ ئىبلىس ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھ _ مەئسىيەتلەرنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن.
40 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا».
41 _ ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ ماڭا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ توغرا يولدۇر.
42 _ شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ئازغۇنلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا».
43 _ شەكسىزكى، دوزاخ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر.
44 _ جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر گۇرۇھ بار.
45 _ تەقۋادارلار ئەلۋەتتە جەننەت باغچىلىرىدا ۋە بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.
46 _ (ئۇلارغا) «جەننەتكە ئامان _ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ.
47 _ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر _ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.
48 _ جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.
49 _ (ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن.
50 _ مېنىڭ ئازابىم ناھايىتى قاتتىقتۇر.
51 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن.
52 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەرگەن ئىدى، ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى.
53 _ ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا ناھايىتى بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى.
54 _ ئىبراھىم: «مەن قېرىپ كەتكەن تۇرسام، ماڭا خۇش خەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟» دېدى.
55 _ ئۇلار: «بىز ساڭا راستىنلا خۇش خەۋەر بەردۇق، ئۈمىدسىزلەردىن بولمىغىن» دېدى.
56 _ ئىبراھىم: «رەببىنىڭ رەھمىتىدىن ئازغۇنلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى.
57 _ ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! (يەنە باشقا) نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟» دېدى.
58 _ ئۇلار ئېيتتى: «بىز گۇناھكار قەۋمگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق.
59 _ پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىنىلا جازالىمايمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز.
60 _ پەقەت لۇتنىڭ خوتۇنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز ئۇنىڭ چوقۇم ئازابتا قالغۇچىلاردىن بولۇشىنى ئالدىن بېكىتىۋەتتۇق».
61 _ ئەلچىلەر لۇتنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن چاغدا،
62 _ لۇت: «سىلەر ھەقىقەتەن ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى.

63 _ ئۇلار ئېيتتى: «ياق، بىز سېنىڭ ئالدىڭغا (سېنىڭ قەۋمىڭ) شەكلىنىۋاتقان نەرسىنى (يەنى ئازابنى) ئېلىپ كەلدۇق.
64 _ بىز ساڭا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز.
65 _ كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ يولغا چىققىن، ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار».
66 _ لۇتقا: «سەھەردە بۇلارنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ۋەھيى قىلدۇق.
67 _ شەھەر ئاھالىسى خۇشال بولغان ھالدا يېتىپ كېلىشتى.
68 _ لۇت ئېيتتى: «بۇلار ھەقىقەتەن مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ) مېنى رەسۋا قىلماڭلار.
69 _ ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنى خىجالەتتە قويماڭلار».
70 _ ئۇلار: «بىز سېنى كىشىلەر (نى مېھمان قىلىش)تىن توسمىغانمىدۇق؟» دېدى.
71 _ لۇت: «ئەگەر (ئويلىغىنىڭلارنى) قىلماقچى بولساڭلار، بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم، (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى.
72 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.
73 _ كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى.
74 _ بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن _ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاش ياغدۇردۇق.
75 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەت بار.
76 _ ئۇ (شەھەرنىڭ خارابىسى) ھېلىھەم يول ئۈستىدە تۇرماقتا.
77 _ بۇنىڭدا مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.
78 _ ئەيكەلىكلەرمۇ ھەقىقەتەن (ھەددىدىن ئاشقان) زالىملار ئىدى.
79 _ ئۇلارغىمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتتۇق، (لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى بىلەن ئەيكەلىكلەرنىڭ شەھىرى) ھەر ئىككىسى (نىڭ خارابىلىرى) ھېلىھەم ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر.
80 _ شەكسىزكى، ھىجرلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.
81 _ بىز ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.
82 _ ئۇلار (ئازابتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسايتتى.
83 _ لېكىن ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز سەھەردىلا ھالاك قىلدى.
84 _ ئۇلارنىڭ (ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن) قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.
85 _ بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ تۇرغىن.
86 _ شەكسىزكى، رەببىڭ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.
87 _ شەكسىزكى، بىز ساڭا (نامازدا) تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە (ئايەتلىك فاتىھە سۈرىسى)نى ۋە (ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.
88 _ بىز ئۇلاردىن (يەنى كاپىرلاردىن) بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەرگە كۆز سالمىغىن، (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن.
89 _ «مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن.
90 _ (ئىلاھىي كىتابنى بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق) بۆلۈۋەتكۈچىلەرگە (تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى) نازىل قىلغاندەك، (ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدۇق).
91 _ ئۇ بۆلۈۋەتكۈچىلەر قۇرئاننىمۇ (بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىپ) بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتتى.
92 _ 93_ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز.
94 _ ساڭا بۇيرۇلغان (ھەق دەۋەت)نى ئوچۇق _ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن.
95 _ سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز.
96 _ ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ.
97 _ بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز.

98 _ رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن.
99 _ ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن.

# نەھل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 128 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: نېمەت بەرگۈچى زات — ئاللاھ تائالاغا دالالەت قىلىدىغان بەزى نېمەتلەرنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نېمەتكە تۆزكورلۇق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاللاھنىڭ ئەمرى (بولغان قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر .

2 _ ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى: «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن ۋەھيى بىلەن چۈشۈرىدۇ.

3 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

4 _ ئۇ ئىنساننى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئۇ ئىنسان بولسا (ئاللاھقا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولدى.

5 _ ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلاردا (يۇڭى ۋە تېرىسىگە ئوخشاش) سىلەر ئىسسىنىدىغان نەرسىلەر ۋە (نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغىغا ئوخشاش) نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى)دىن يەيسىلەر.

6 _ (بۇ چارۋا ماللارنى) كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقىتىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە (زوقلىنىش ۋە) گۈزەل مەنزىرە ئاتا قىلىدۇ.

7 _ ئۇلار يۈك _ تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا _ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، شەكسىزكى، رەببىڭلار سىلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

8 _ ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.

9 _ توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ، مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا سالغان بولاتتى.

10 _ ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئۆسكەن دەل _ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر.

11 _ ئاللاھ سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە چوڭ بىر ئىبرەت بار.

12 _ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

13 _ ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى). ۋەز _ نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

14 _ ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز (ھايۋانلىرى) نىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، (ئۈنچە _ مارجان قاتارلىق) تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەن. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

15 _ 16 _ زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى، (سۇ ئېھتىياجىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق _ ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى ۋە بەلگىلەرنى بەرپا قىلدى. ئۇلار (كېچىسى) يۇلتۇزلار بىلەنمۇ يوللىرىنى تېپىۋالىدۇ.

17 _ ياراتقان ئاللاھ بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنى) ئويلاپ باقماسىلەر؟

18 _ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ (ئاتا قىلغان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

19 _ سىلەر نېمىنى يوشۇرۇڭلار ۋە نېمىنى ئاشكارا قىلىڭلار، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

20 _ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلار يارىتىلغان نەرسىلەردۇر.

21 _ ئۇ نەرسىلەر تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر. ئۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ (ياكى چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.

22 _ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر.

23 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۇتەكەببىرلىك قىلغۇچىلارنى ئەسلا دوست تۇتمايدۇ.

24 _ ئۇلارغا «رەببىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ.

25 _ ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشى ۋە نادانلىقتىن ئۆزلىرى ئازدۇرغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن (شۇنداق دەيدۇ). ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىۋالغان (گۇناھ)لىرى نېمىدېگەن يامان!

26 _ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە _ مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ھىيلە _ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىۋېدى، (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئازاب ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كەلدى.

27 _ ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە (ئۇلارغا): «مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبىرىڭلار بىلەن) مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟» دەيدۇ. ئىلىم ئىگىلىرى بولسا: «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ئەلۋەتتە كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر» دەيدۇ.

28 _ ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سېلىۋاتقان پەيتتە پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلار: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئىدۇق» دېيىشىپ، بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

29 _ سىلەر مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!

30 _ تەقۋادارلارغا: «رەببىڭلار نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ. بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا (دۇنيادا نۇسرەت ۋە كەڭ رىزىق دېگەندەك) گۈزەل مۇكاپات بار، ئاخىرەت تۇرالغۇسى بولسا ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ تۇرالغۇسى (بولغان جەننەت) نېمىدېگەن گۈزەل!

31 _ ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.

32 _ پەرىشتىلەر ئۇلارنى (كۇفرىدىن) پاك ھالىتىدە ۋاپات قىلدۇرۇپ، (ئۇلارغا): «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەلىڭلار يۈزىسىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ.

33 _ كاپىرلار پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (ئازابلاش) ئەمرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى.

34 _ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالدى.

35 _ مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا _ بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىسىز ھېچ نەرسىنى ھارام دېمىگەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر.

36 _ بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.

37 _ سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى ئازغۇن قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا (ئاللاھتىن باشقا) ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

38 _ ئۇلار: «ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ياق (ئۇلار ئەلۋەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

39 _ ئاللاھ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتنى ئۇلارغا ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش ۋە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ).

40 _ بىز بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلساق، ئۇنىڭغا: «بول!» دەيمىز _ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ.

41 _ زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ چوڭدۇر. (ھىجرەتتىن قېلىپ قالغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (ھەرگىز قېلىپ قالمايتتى).

42 _ ئۇلار (يەنى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئېتىشتە چىداملىق بولۇپ، بالا _ قازالارغا) سەۋر قىلىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغا كىشىلەردۇر.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى قىلىپ، ئۇلارنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. (ئى مۇشرىكلار! ئۇنى) بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.

44 _ (ئۇ پەيغەمبەرلەرنى) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق). بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.

45 _ 46_ ھىيلە _ مىكىر ئىشلىتىپ يامانلىق قىلغانلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن ۋە ياكى ئۆزلىرىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا ئۇچرىشىدىن قورقامدۇ؟ (ئۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

47 _ ياكى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالاپ ھالاك قىلىشىدىن (قورقامدۇ؟) سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر.

48 _ ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئوڭ _ سولغا مايىل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟

49 _ ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكى بارچە جانلىقلار، پەرىشتىلەر ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئۇلار چوڭچىلىق قىلمايدۇ.

50 _ ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى رەببىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ.

51 _ ئاللاھ (ئىنسانلارغا): «ئىككى ئىلاھقا ئېتىقاد قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى.

52 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر، تائەت _ ئىبادەت ھەمىشە ئاللاھقا خاستۇر. سىلەر ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقامسىلەر؟

53 _ سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىندۇر. ئاندىن سىلەرگە بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتسە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر.

54 _ ئاندىن ئاللاھ سىلەردىن زىيان _ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم شۇ ھامان رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

55 _ ئۇلار بىزنىڭ بەرگەن نېمىتىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). سىلەر (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

56 _ ئۇلار بىز بەرگەن رىزىقتىن ئۆزلىرى (ماھىيىتىنى) بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) نېسىۋە قالدۇرىدۇ، (ئى مۇشرىكلار!) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلار ئۈچۈن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر.

57 _ ئۇلار قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە بولسا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان (ئوغۇللارنى)نى تەۋە قىلىدۇ.

58 _ ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە قىز بالىسى بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، غەزەپتىن چىرايى قارىداپ كېتىدۇ.

59 _ يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۇ قىزنى نومۇسقا چىداپ ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپراققا (تىرىك) كۆمۈۋېتەمدۇ؟ (بۇنى ئويلاپ)، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. قاراڭلار! ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم نېمىدېگەن قەبىھ!

60 _ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار يامان سۈپەتكە ئىگىدۇر، ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

61 _ ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزلىرىگە سالغان) زۇلمى تۈپەيلىدىن (دەرھال) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە (قىمىرلاپ تۇرىدىغان) ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى (جازالاشنى) مۇئەييەن ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (جازالىنىش) ۋاقتى كەلگەندە ئىلگىرى _ كېيىن بولمايدۇ.

62 _ ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تىللىرى ‹ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت بىزگە مەنسۇپتۇر› دەپ يالغان سۆزلەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ئەلۋەتتە دوزاخ باردۇر، ئۇلار (دوزاختا) تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.

63 _ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ ئەلۋەتتە (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكەن ئىدۇق، شەيتان ئۇ ئۈممەتلەرنىڭ (يامان) ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ دوستىدۇر. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) دەردلىك ئازاب بار.

64 _ بىز قۇرئاننى پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ھەم رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.

65 _ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىنغا (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتلىق بەردى، شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ھەق سۆزنى) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) ئەلۋەتتە دەلىل بار.

66 _ چارۋىلاردىمۇ سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ قارنىدىكى ژىن ۋە قان ئارىسىدىن (ئايرىلىپ چىققان) ساپ ۋە ئىچكۈچىلەرگە ئاسان سىڭىدىغان سۈت بىلەن سۇغىرىۋاتىمىز.

67 _ سىلەر خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەرنى ياسايسىلەر، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

68 _ رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەر) ياسىغان ساندۇقلارغا ئۇۋا تۈزگىن.

69 _ ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەردىن يېگىن، رەببىڭ (ساڭا) ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللاردا يۈرگىن» دەپ ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك ئىچىملىك (ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدىمۇ تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار.

70 _ سىلەرنى ئاللاھ ياراتتى، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاراڭلاردا ئىلگىرى بىلگەنلىرىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

71 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى رىزىقتا تەڭ بولايلى دەپ ھەرگىز قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ، ئۇلار (بۇنداق قىلىشقا رازى بولمايدىغان تۇرۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟

72 _ ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئايالىڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟

73 _ ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق تېپىپ بېرەلمەيدىغان، (ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇ؟

74 _ سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى ئوخشاتماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

75 _ ئاللاھ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، باشقىسىنىڭ مۈلۈكى بولغان بىر قۇل بىلەن بىز تەرەپتىن گۈزەل بىر رىزىققا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

76 _ ئاللاھ يەنە مۇنداق ئىككى كىشىنى مىسال كەلتۈرىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇۋالغان بىر گاچا بولۇپ، ئىگىسى ئۇنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق بىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاش بولامدۇ؟

77 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيىب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

78 _ ئاللاھ سىلەرنى ئانائاڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.

79 _ ئۇلار ھاۋا بوشلۇقىدا (ئۇچۇش ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇلغان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋا بوشلۇقىدا) پەقەت ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

80 _ ئاللاھ سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى ئارام ئالىدىغان جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە يەنە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئوڭايلا توشۇپ كېتەلەيدىغان ئۆيلەرنى (چېدىرلارنى) قىلىپ بەردى ۋە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي سەرەمجانلىرىنى ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (ئەجىلىڭلار توشقىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى.

81 _ ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەردىن سايىلەرنى قىلىپ بەردى. تاغلاردىن سىلەرگە تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى ھازىرلاپ بەردى. سىلەرنى ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلايدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان ساۋۇتلارنى تەييارلاپ بەردى. ئاللاھ سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلەرنى بېرىدۇ.

82 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنىلا سەندىن) يۈز ئۆرۈسە (غەمكىن بولمىغىن)، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

83 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىرلاردۇر.

84 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قىيامەتنى ئەسلەتكىنكى) ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچى كەلتۈرىمىز، ئاندىن كاپىرلارغا (ئۆزرە ئېيتىشقا) رۇخسەت قىلىنمايدۇ ئۇلاردىن (رەببىنى) رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

85 _ (كۇفرلىقنى تاللاپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (ئازاب) ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

86 _ مۇشرىكلار ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى رەببىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلار ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «شەكسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ.

87 _ شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرغان نەرسىلىرى يوققا چىقىدۇ.

88 _ (ھەق دىنىنى) ئىنكار قىلغانلارنى ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ جازالايمىز.

89 _ (ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە بىز ھەربىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت كەلتۈرىمىز. سېنىمۇ بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز. بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق.

90 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز _ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، سىلەرگە پەند _ نەسىھەت قىلىدۇ.

91 _ سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەندە، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار ۋە قەسىمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار. (ئۇنتۇماڭلاركى) سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. چۈنكى ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

92 _ سلەر بىر جامائەنىڭ (سان ۋە مال _ مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەسەملىرىڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋېلىپ، پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار [1]. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى بۇنىڭ بىلەن سىنايدۇ، سىلەر تالاش _ تارتىش قىلىشىۋاتقان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

93 _ ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، سىلەر ھەربىر قىلمىشىڭلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىسىلەر.

94 _ قەسەملىرىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالماڭلار، بولمىسا قەدىمىڭلار (ئىسلامدا) مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كېتىدۇ، (يامان ئۆرنەك بولۇپ، كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) جازاسىنى تېتىيسىلەر، (ئاخىرەتتە بولسا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر.

95 _ سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات) سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

96 _ سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. (ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا) چىداملىق بولغۇچىلارغا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپات بېرىمىز.

97 _ ئەر _ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز.

98 _ سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان (نىڭ ئازدۇرۇشى)دىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

99 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ۋە رەببىگە تايانغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

100 _ شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەقەت ئۇنى دوست تۇتقانلارغا ۋە مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەرگىدۇر.

101 _ بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا، — ئاللاھ ئۆزى نازىل قىلغان ئايەتنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ — ئۇلار: «سەن يالغاننى توقۇۋاتىسەن» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنداق قىلىشىمىزدىكى ھېكمەتنى) ئۇقمايدۇ.

102 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇنى جىبرىل ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىش، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى.

103 _ بىز ئۇلارنىڭ: «قۇرئاننى ئۇنىڭغا بىر ئىنسان ئۆگىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار (مۇھەممەدكە ئۆگىتىپ تۇرىدۇ) دەۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، ھالبۇكى بۇ (قۇرئان) بولسا ئېنىق ئەرەب تىلىدىدۇر.

104 _ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

105 _ پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا (ئاللاھ نامىدىن) يالغاننى توقۇيدۇ. ئەنە ئاشۇلار يالغانچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

106 _ كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىمانىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، لېكىن، كىمكى كۆڭلىنى كۇفرىغا ئاچىدىكەن، ئۇلار مۇستەسنا ئەمەس (يەنى ئازابقا قالىدۇ).

107 _ بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

108 _ ئەنە شۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن دىللىرى، قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر.

109 _ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

110 _ ئاندىن (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن جىھاد قىلغان ۋە چىدامىلىق بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، رەببىڭ بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.

111 _ (ئى پەيغەمبەر! شۇ قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەر ئادەم (ئۆزىنى ئاقلاش كويىدا بولۇپ) ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

---

(1) بۇ قەسەم ئىچىپ ۋەدە قىلىشقاندىن كېيىن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئادەم ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

112 _ ئاللاھ مۇنداق بىر شەھەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ: بۇ شەھەر تىنچ _ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئازابىنى تېتىتتى.

113 _ ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىپ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار (ھەق دىنغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ئىبارەت) زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالدى.

114 _ ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر (راستتىنلا) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار.

115 _ ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى ھارام قىلدى. كىمكى (ئۇلارنىڭ گۆشىدىن) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىلاجسىزلىقتىن، ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە)، شەكسىزكى، ئاللاھ (ئۇنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (ئۇنى بۇ سەۋەبلىك جازالىمايدۇ).

116 _ سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداق دېسەڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، شەكسىزكى، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

117 _ (ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسىسى) ئازغىنە مەنپەئەتتۇر. (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

118 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلغان ئىدۇق[1]، بىز (بۇلارنى ھارام قىلىش بىلەن) ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

119 _ شەكسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ، (ئۆزىنى ۋە قىلمىشىنى) تۈزەتكەنلەرگە شۇنىڭدىن كېيىن رەببىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.

120 _ شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بىر پېشۋا ئىدى، ئۇ مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى.

121 _ ئۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى.

122 _ ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك _ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتىمۇ ئۇ ئەلۋەتتە ياخشىلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ.

123 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاندىن ساڭا: «ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

124 _ شەنبە كۈنى (نى ئۇلۇغلاش) پەقەت ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان (يەھۇدىي)لار ئۈچۈنلا بەلگىلەندى. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

125 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز _ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

126 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

127 _ (ئى پەيغەمبەر! ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن. سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ پەقەت ئاللاھ (نىڭ ياردىمى) بىلەنلا بولىدۇ. (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.

128 _ شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

---

(1) «ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىنغان نەرسىلەر»دىن ئەنئام سۈرىسىنىڭ 146-ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىر جەلالەين شەرھى 4-توم، 277-بەت).

# ئون بەشىنچى پارە

## ئىسرا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 111 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ 26 _، 32 _، 33 _، 57 _، 73 _، 80 _ ئايەتلىرى مەدىنىدە، قالغانلىرى مەككىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما قازى بەيزاۋى ئىسرا سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ كامالىغا يەتكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

2 _ بىز مۇساغا كىتابنى ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا «مەندىن باشقىنى مەبۇد قىلىۋالماڭلار!» دەپ يېتەكچى قىلدۇق.

3 _ ئى بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى! شەكسىزكى، نۇھ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى.

4 _ ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا: «يەر يۈزىدە چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە چوڭچىلىق قىلىپ بەكمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدۇق.

5 _ ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ۋاقتى كەلگەن چاغدا، سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، ئۇلار (سىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. بۇ ئىشقا ئاشىدىغان بىر ۋەدە ئىدى.

6 _ ئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، سىلەرگە نۇرغۇن مال _ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپەيتتۇق.

7 _ (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىسىلەر، يامان ئىش قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يامان ئىش قىلغان بولىسىلەر. ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ۋاقتى كەلگەن چاغدا، (دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ خارلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىشى ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب قىلدۇق).

8 _ رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشىدا ئۈمىد بار. ئەگەر سىلەر (يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا) قايتساڭلار، بىزمۇ (سىلەرنى جازالاشقا) قايتىمىز. جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق.

9 _ شەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ،

10 _ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىغانلىقىمىز بىلەن (ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ).

11 _ ئىنسان ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندەك، يامانلىق تىلەپمۇ دۇئا قىلىدۇ. ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ.

12 _ كېچە بىلەن كۈندۈزنى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى قاراڭغۇلۇق قىلدۇق، رەببىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق. ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

13 _ ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئاسىمىز، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا نامە _ ئەمەلىنى چىقىرىپ بېرىمىز، ئۇ ئۇنى ئېچىلغان ھالدا كۆرىدۇ.

14 _ (ئۇنىڭغا) «نامە _ ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكسەن» (دەيمىز).

15 _ كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى) جازالىغىنىمىز يوق.

16 _ بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ _ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھالىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز.

17 _ نۇھتىن كېيىن، نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (كۇفرىلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلدۇق، رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر.

18 _ كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى)نى كۆزلەيدىكەن، بىز ئۇنىڭ (نېسىۋىسىنى) ئۇ يەردە تېزلىتىمىز _ دە، ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.

19 _ كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولغان ھالەتتە ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل قىلىنىدۇ.

20 _ ھەممىسىگە، ئۇلارغا ۋە بۇلارغا (يەنى دۇنيانى كۆزلىگەنلەرگىمۇ، ئاخىرەتنى كۆزلىگەنلەرگىمۇ) رەببىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانى (ھېچكىمگە) توسۇقلۇق ئەمەس.

21 _ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن. ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر تېخىمۇ چوڭدۇر، (ئۇنىڭدىكى) ئۈستۈنلۈك تېخىمۇ كاتتىدۇر.

22 _ ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئەيىبلەنگەن ۋە خارلانغان ھالەتتە چۈشۈپ قالىسەن.

23 _ رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا _ ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا «ئۇف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.

24 _ ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيەلىگەندەك، سەن ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن.

25 _ رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

26 _ تۇغقانغا، مىسكىنگە، (ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرغا (خەير _ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل _ مېلىڭنى كېرەكسىز يەرگە) بۇزۇپ _ چاچمىغىن.

27 _ بۇزۇپ _ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان رەببىگە تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلغان ئىدى.

28 _ ئەگەر (سەن بىر نەرسە بېرىدىغان شارائىتتا بولمىغانلىقتىن) رەببىڭدىن كۈتۈۋاتقان رەھمەت (رىزىق)نى كۆزدە تۇتۇپ، (ھازىرچە ئۇ موھتاجلارنى) قۇرۇق قول قايتۇرماقچى بولساڭ، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن.

29 _ (بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (ئىسراپ قىلىپ) قولۇڭنى بەكمۇ ئېچىۋەتمىگىن، (بولمىسا) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.

30 _ شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. چۈنكى رەببىڭ بەندىلىرىنى (ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

31 _ كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار [1]. ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. شەكسىزكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر.

32 _ زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.

---

(1) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەرەبلەر نامراتلىقتىن ياكى نۇمۇستىن قورقۇپ قىزلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋېتەتتى.

33 _ ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار، (قىساس ئېلىشقا ئوخشاش) ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنىغا تولۇق ھوقۇق بەردۇق. ئۇ قىساس ئېلىشتا چەكتىن ئاشمىسۇن. ئۇ (قىساس ئېلىشتا ئاللاھ تەرەپتىن) ھەقىقەتەن ياردەمگە ئېرىشكۈچىدۇر.

34 _ يېتىمنىڭ مال _ مۈلۈكىگە تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن) ئەڭ ئۇيغۇن ئۇسۇلدا يېقىنلىشىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بېرىلگەن ۋەدىگە ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى بېرىلگەن ۋەدىنىڭ سورىقى بار.

35 _ ئۆلچىگەن ۋاقتىڭلاردا تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىڭلار. بۇنداق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر، ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئوبداندۇر.

36 _ ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە. چۈنكى قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ.

37 _ سەن زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى سەن (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە غادايساڭمۇ) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن.

38 _ بۇلارنىڭ ھەممىسى قەبىھ قىلمىش بولۇپ، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا يامان ئىشلاردۇر.

39 _ بۇلار رەببىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، (بولمىسا) مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن.

40 _ ئەجىبا، ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ [1] شەكسىزكى، سىلەر (ۋابالى تولىمۇ) چوڭ بىر سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر.

41 _ شەكسىزكى، ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا (ھەر خىل مەزمۇنلارنى) تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق، بۇ ئۇلارغا (ھەقىقەتتىن) يىراقلىشىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايۋاتىدۇ.

42 _ ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا (قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن) يول ئىزدىگەن بولاتتى.

43 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

44 _ يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى سەزمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغان چېغىڭدا ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن بىر پەردە پەيدا قىلدۇق.

46 _ قۇرئاننى چۈشەنمەيلا كەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، (ئۇنى ئاڭلىيالمىسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، سەن قۇرئان (ئوقۇغان)دا رەببىڭنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ.

47 _ ئۇلار ساڭا (يەنى تىلاۋىتىڭگە) قۇلاق سالغاندا، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇلاق سالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ زالىملارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا: «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېگەنلىكىنى بىز ئوبدان بىلىمىز.

48 _ ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق قانداق ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىغىن. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئېزىپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار (توغرا) يول تاپالمايدۇ.

49 _ ئۇلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ.

50 _ 51 _ (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش سىلەرگە قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ)». ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار (مەسخىرە بىلەن) ساڭا باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، سەن «بەلكىم ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن.

52 _ ئاللاھ سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن) چاقىرىدىغان كۈندە، سىلەر ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇپ ئاۋاز قوشىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە تۇرغاندەك ئويلاپ قالىسىلەر.

---

(1) بۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى دېگۈچىلەرگە قارىتىلغان.

53 _ بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار (گەپ قىلغاندا ۋە مۇنازىرىلەشكەندە) ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شەكسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بولىدۇ، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

54 _ رەببىڭلار سىلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، خالىسا سىلەرنى ئازابلايدۇ. بىز سېنى ئۇلارغا ھامىي قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق.

55 _ رەببىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.

56 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسەڭلارغا يالۋۇرۇپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلار سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكىمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشقىمۇ قادىر ئەمەس.

57 _ ئۇلارنىڭ (ئىلاھ دەپ) چوقۇنۇۋاتقان ئۇ كىشىلىرى (ئىيسا، ئۇزەير ۋە پەرىشتىلەر) قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ. رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

58 _ (ئازابقا تېگىشلىك بولغان) قانداقلا بىر شەھەر ئاھالىسى بولسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز. بۇ كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم)دۇر.

59 _ (مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. بىز سەمۇد قەۋمىگە ئوپئوچۇق بىر مۆجىزە سۈپىتىدە چىشى تۆگىنى بەردۇق، ئۇلار بولسا ئۇنى ئىنكار قىلدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)، بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز.

60 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا «رەببىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدۇق. بىز ساڭا (مىراج كېچىسى) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ (زەققۇم دەرىخى)نى پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق قىلدۇق. بىز ئۇلارنى قورقۇتىمىز. بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارغا بۈيۈك بىر يولسىزلىقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

61 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېگەن ئىدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقان ئادەمگە سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى.

62 _ ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان (ئادەم) مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن» دېدى.

63 _ ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «بارغىن، ئۇلاردىن كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، شەكسىزكى، جەھەننەم ھەممىڭلارنىڭ تولۇق جازاسىدۇر.

64 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن قوزغىغىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن — شەيتاننىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ۋەدىسى پەقەتلا ئالدامچىلىقتۇر.

65 _ شەكسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن مۇئمىن) بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچبىر ھۆكۈمرانلىقىڭ يوقتۇر. (ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە) ھامىي بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر».

66 _ رەببىڭلار سىلەرنى ئۆز پەزلىدىن (رىزىق) ئىزدىسۇن دەپ، كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

67 _ سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئىبسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھلا كېلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا (سىلەر ئۇنىڭدىن) يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ئەزەلدىن تۇزكوردۇر.

68 _ سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇشىدىن، ئاندىن ئۆزۈڭلارغا ھېچبىر ھامىي تاپالماي قېلىشىڭلاردىن قورقامسىلەر؟

69 _ ياكى ئاللاھنىڭ سىلەرنى دېگىنىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ، ئۈستۈڭلارغا قارا بوراننى ئەۋەتىپ، تۇزكورلۇق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەر ئۈچۈن بىزدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغان ھېچكىمنى تاپالماي قېلىشتىن قورقامسىلەر؟

70 _ شەكسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرىغا)، دېڭىزدا (كېمە ۋە پاراخوتلارغا) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، يەنە ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق.

71 _ (ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەممە ئادەمنى نامە _ ئەمەلى بىلەن چاقىرىمىز، كىمنىڭ نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلسە، ئەنە شۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامە _ ئەمەلىنى (خۇشاللىق ئىچىدە) ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

72 _ بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ يولدىن ئازغان بولىدۇ.

73 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار) سېنى بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان)غا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزنىڭ نامىمىزدىن باشقا نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى دوست قىلىۋالاتتى.

74 _ بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان بولاتتىڭ.

75 _ ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيانىڭ قاتمۇقات ئازابىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتمۇقات ئازابىنى تېتىتقان بولاتتۇق. ئاندىن سەن ئۆزۈڭگە بىزگە قارشى (ياردەم بېرىدىغان) ھېچبىر ياردەمچى تاپالمايتتىڭ.

76 _ (كاپىرلار) سېنى (مەككە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى (خاتىرجەم) تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەقەت ئازغىنە ۋاقىتلا تۇرالايتتى.

77 _ (بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز ھەققىدىكى قانۇنىيەتتۇر، بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

78 _ (ئى پەيغەمبەر!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا) ناماز ئوقۇغىن [1]. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، شەكسىزكى، بامدات نامىزىغا (كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى) ھازىر بولىدۇ. (ناماز) دۇر.

79 _ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ ساڭا خاس نەپلە ناماز ئوقۇغىن، رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا كۆتۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

80 _ سەن «ئى رەببىم! مېنى كىرىدىغان يېرىمگە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يېرىمدىن ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، دەرگاھىڭدىن ماڭا ياردەم بېرىدىغان كۈچ _ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن.

81 _ «ھەق (دىن) كەلدى، باتىل يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر» دېگىن.

82 _ بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز. بۇ ئايەتلەر زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ.

83 _ ئىنسانغا نېمەت بەرگەن چېغىمىزدا، (ئۇ بىزدىن) يۈز ئۆرۈپ يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتسە، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

84 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى «ھەر ئادەم ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، رەببىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ».

85 _ ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، «روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمنىڭ ئىشىدۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن».

86 _ ئەگەر خالىساق، بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان)نى ئەلۋەتتە (دىللاردىن) كۆتۈرىۋېتەتتۇق، ئاندىن (ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن) بىزگە قارشى ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمايتتىڭ.

87 _ پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن (ئۇنى كۆتۈرىۋەتمىدى). ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى.

88 _ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر _ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ».

89 _ شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىساللارنى خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (شۇنداقتىمۇ) ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

---

(1) بۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

90 _ ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە،

91 _ ياكى سېنىڭ خورما، ئۈزۈملەر ئۆسكەن ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولمىغۇچە،

92 _ ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە _ پارچە قىلىپ چۈشۈرمىگۈچە، ياكى (راستچىللىقىڭغا) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگۈچە،

93 _ ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئاسمانغا چىقمىغۇچە (بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز)، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز». (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن».

94 _ (ئىمان ئېيتمىغان) ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسالغۇ بولغان نەرسە، پەقەت ئۇلارنىڭ «ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتىمۇ؟» دېگەنلىكى ئىدى.

95 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا يەر يۈزىدە خاتىرجەم مېڭىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق».

96 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راستچىللىقىمغا) گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)نى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

97 _ ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھىمايىچىنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە سۆرەپ، كور، گاچا، گاس ھالىتىدە يىغىمىز. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ ئوتى) پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا ئوتنىڭ يالقۇنىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز.

98 _ مانا بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە «بىز چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستتىنلا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

99 _ ئۇلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم كېلىدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى، (ھەقىقەت شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار كۇفرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ.

100 _ ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنى چىقىم (قىلىش بىلەن تۈگەپ كېتىشى)دىن قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، (چۈنكى) ئىنسان بېخىل كېلىدۇ».

101 _ بىز مۇساغا ناھايىتى روشەن توققۇز مۆجىزە ئاتا قىلغان ئىدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىن، مۇسا (پەيغەمبەر بولۇپ) ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! مەن سېنى چوقۇم سېھىرلەنگەن دەپ ئويلايمەن» دېدى.

102 _ مۇسا: «(ئى پىرئەۋن!) بۇ مۆجىزىلەرنى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن ئەلۋەتتە، ئوبدان بىلىسەن، ئى پىرئەۋن! مەن سېنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ قارايمەن» دېدى.

103 _ پىرئەۋن ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلىۋەتتۇق.

104 _ پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (بولغان قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى ئارىلاش توپلاپ ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق.

105 _ بىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، بىز سېنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

106 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ قۇرئاننى كىشىلەرگە توختاپ _ توختاپ ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلدۇق ۋە تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.

107 _ ئېيتقىنكى، «(ئى مۇشرىكلار! مەيلى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار، ھەقىقەت شۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە (بۇ قۇرئان) تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار (ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ.

108 _ ئۇلار: ‹رەببىمىز پاكتۇر، رەببىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ› دەيدۇ.

109 _ ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ سەجدىگە باش قويىدۇ، (قۇرئاننى ئاڭلاش) ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ».

110 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئاللاھ دەپ ئاتساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتساڭلارمۇ، قايسىسىنى ئاتساڭلار بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ (نۇرغۇن) گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرىمۇ قىلمىغىن، بەك تۆۋەنمۇ قىلمىغىن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.

111 _ (ئى پەيغەمبەر!) «جىمى ھەمدۇسانا بالىدىن خالىي، ئىلاھلىقىدا شېرىكى بولمىغان، مەخلۇقاتىدىن بىرەر دوستقا موھتاج بولمىغان ئاللاھقا خاستۇر!» دېگىن ۋە ئاللاھنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن.

# كەھف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 110 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلارنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئەقىدىنى قوغداشنىڭ پىرىنسىپلىرىنى بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 4_ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ (ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەلەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە (جەننەتتىن ئىبارەت) ئوبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد)گە ھەرقانداق ئەگرىلىكتىن خالىي، ئەڭ توغرا كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى.

5 _ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ بوھتان توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزگە (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتمىسا، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن.

7 _ ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى (كۆرۈپ ئۇلارنى) سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق.

8 _ يەنە بىز ئەلۋەتتە ئۇ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، (يەر يۈزىنى) تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.

9 _ (ئى پەيغەمبەر!) ياكى سەن راستىنىلا ئەسھابۇلكەھفنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختىنى بىزنىڭ (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىقى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟

10 _ ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېگەن ئىدى.

11 _ ئۇلارنى بىز ئۆڭكۈردە ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق.

12 _ ئاندىن (ئەسھابۇل كەھف ئىچىدىكى) ئىككى گۇرۇھتىن (ئۆڭكۈردە) تۇرغان مۇددىتىنى قايسىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھېسابلايدىغانلىقىنى (كۆرۈپ ئۇلارنى) سىناش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق.

13 _ بىز ساڭا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان يىگىتلەر ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى كۈچەيتكەن ئىدۇق.

14 _ بىز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (زالىم پادىشاھ ئالدىدا) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئىلاھ دېمەيمىز، ئەگەر بىز شۇنداق دېسەك، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر سۆزنى قىلغان بولىمىز.

15 _ بىزنىڭ بۇ قەۋمىمىز ئاللاھتىن باشقىلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ (ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىغا) ئېنىق بىر دەلىل كەلتۈرۈشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟».

16 _ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى دېدىكى) «سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي قىلىڭلاركى، رەببىڭلار سىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ».

17 _ (ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ يەردە بولسا ئىدىڭ) كۈن چىققان چاغدا، كۈننىڭ ئۇلار تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە پاتقان چاغدا، كۈننىڭ ئۆڭكۈرنىڭ سول تەرىپىگە (ئۇلارغا چۈشمەيلا) ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇلار بولسا (كۈننىڭ ئىسسىقىدىن بىئارام بولماستىن) ئۆڭكۈرنىڭ ئازادە بىر يېرىدە (ئۇخلىماقتا) ئىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ (قىلمىشى سەۋەبلىك) كىمنى ئازدۇرسا، سەن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى بىرەر دوست تاپالمايسەن.

18 _ (ئەگەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان بولساڭ) ئۇلار ئويغاقتەك تۇرسىمۇ، سەن ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايتتىڭ، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى ئۆڭكۈرنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، چوقۇم ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قاچقان بولاتتىڭ.

19 _ شۇنىڭدەك، (ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى «(بۇ ئۆڭكۈردە) قانچە ئۇزاق تۇردۇڭلار؟» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. (يەنە بەزىسى) دېدىكى، «قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى رەببىڭلار ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر (ئىچىڭلاردىن) بىرىڭلارنى بۇ تەڭگىلىرىڭلار بىلەن شەھەرگە ئەۋەتىڭلار، ئۇ قاراپ بېقىپ، قايسى تاماق ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە بىرئاز ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن.

20 _ ئەگەر ئۇلار سىلەرنى سېزىپ قالسا، سىلەرنى چالما _ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئۇ چاغدا (يەنى ئەگەر ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرسەڭلار) سىلەر ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر».

21 _ شۇنىڭدەك يەنە ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك _ شۈبھە يوقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر (ئەسھابۇلكەھف ئۈچۈن نېمە قىلىش) توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا تالاش _ تارتىش قىلىشقان ئىدى. بەزىلەر: «ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىر تام سېلىڭلار» دېدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. گېپى ئۆتىدىغانلار: «ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىغا چوقۇم بىر مەسجىد سالايلى» دېدى.

22 _ بەزىلەر: «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر. يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، (ئى پەيغەرمبەر!) «ئۇلارنىڭ سانىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا پەقەت ئازغىنە كىشىلەر بىلىدۇ» دېگىن. شۇڭا سەن ئۇلار توغرۇلۇق (ئەھلى كىتاب بىلەن) پەقەت يۈزەكىلا مۇنازىرىلەشكىن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن (ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى) سورىمىغىن.

23 _ سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي،

24 _ «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن، ئەگەر ئۇنتۇپ قالساڭ، (ئېسىڭگە كەلگەن ھامان) رەببىڭنى ياد ئەتكىن ۋە: «رەببىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن.

25 _ ئۇلار ئۆڭكۈردە ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى.

26 _ ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر، ئاللاھ ئۆز پادىشاھلىقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدۇ».

27 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا قىلىنغان ۋەھيىنى ئوقۇغىن، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، (ئەگەر سەن ۋەھيىگە ئەمەل قىلمىساڭ)، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ھېچقانداق جاي تاپالمايسەن.

28 _ سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن _ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن كۆڭلۈڭنى توختاتقىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ، كۆزلىرىڭنى ئۇلاردىن چۆرۈمىگىن، (ئاسىيلىقى سەۋەبلىك) بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە بويسۇنمىغىن.

29 _ (ئى پەيغەمبەر!) «ئېيتقىنكى، بۇ (دىن) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. شۇڭا خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (ئۇسسۇزلۇقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ناھايىتى قىزىق سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

30 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيمىز.

31 _ ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۆزلىرى دائىم تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

32 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا مۇنداق ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇلارنىڭ بىرىگە ئاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلىپ، ھەر ئىككى باغنىڭ ئەتراپىنى خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورىدۇق، ئوتتۇرىسىنى ئېكىنزارلىق قىلدۇق.

33 _ ھەر ئىككىلىسى كەم _ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق.

34 _ باغ ئىگىسى مەھسۇلاتقا (يەنە كىرىملەرگىمۇ) ئىگە ئىدى، ئۇ بۇرادىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: «مەن پۇل _ مالدا سەندىن باي، ئادەم سانىدىمۇ سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن» دېدى.

35 _ ئۇ بېغىغا كىرىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېيتتى: «بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن.

36 _ قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق جاينى تاپالايمەن».

37 _ مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (ۋە ئۇنىڭغا ۋەز _ نەسىھەت قىلغان) ھالدا مۇنداق دېدى: «سېنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى قانداق ئىنكار قىلىسەن؟

38 _ لېكىن (مەن دەيمەنكى) ئۇ مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر، رەببىمگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن.

39 _ 41 _ سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا، (ئۇنىڭدىن خۇشاللانساڭ): ‹ماشائاللاھ! لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولدى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى)› دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ، رەببىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلىشى، سېنىڭ بېغىڭغا بولسا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۈزلەندۈرۈشى بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن».

42 _ (دېگەندەك) ئۇنىڭ مېۋىلىرى (يەنى بېغى ۋە ھەممە بايلىقى) ۋەيران بولدى، تېلىنىڭ بېدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالىقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى ھەمدە ئۇ: «كاشكى رەببىمگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسامچۇ!» دەپ قالدى.

43 _ ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ئۆزىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلالمىدى.

44 _ ئەنە شۇنداق (دەھشەتلىك) چاغلاردا ئاللاھ (ئۆز ھىمايىسىدىكى مۇئمىن بەندىلىرىگە) ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ ياخشى قىلغۇچىدۇر.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىنسانلارغا دۇنيا ھاياتى ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگىن: (دۇنيا ھاياتى) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى (ئۆسۈپ) بىر _ بىرىگە چىرمىشىپ كۆكىرىدۇ، كېيىن ئۇ (قۇرۇپ تۆكۈلۈپ) بوران (تەرەپ _ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ يۈرىدىغان ئوت _ چۆپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

46 _ پۇل _ ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر، (ساۋابىنى) ئۈمىد قىلىش جەھەتتىمۇ ئەڭ ياخشىدۇر.

47 _ (قىيامەت) كۈنىدە بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننىڭ تۈپتۈز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، بىز ئىنسانلارنى ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز، ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايمىز.

48 _ ئۇلار سەپ _ سەپ بولۇشۇپ رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالەتتە كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا) بىزنى سىلەر ئۈچۈن (مۇنداق بىر ئۇچرىشىش) ۋاقتىنى بېكىتمەيدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىڭلار» (دەيمىز).

49 _ كىشىلەرنىڭ نامە _ ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ _ كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان _ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە _ ئەمەلىگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ.

50 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر. (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا ئىتائەت قىلىش) زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل!

51 _ مەن ئۇلار (يەنى شەيتانلار)غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق. ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق.

52 _ شۇ كۈندە ئاللاھ (مۇشرىكلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەر ماڭا شېرىك قىلىۋالغان نەرسەڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار». ئۇلار چاقىرىدۇ _ يۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلىمىز.

53 _ گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇم كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.

54 _ شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئىنسان ئەڭ كۆپ جېدەللىشىدىغان مەخلۇقاتتۇر.

55 _ ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن ۋە رەببىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسۇپ قالغان نەرسە پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆز باشلىرىغا كېلىشىنى ياكى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى كۈتكەنلىكى ئىدى.

56 _ بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. كاپىرلار ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (تېمىسى) قىلىۋالغان.

57 _ رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند _ نەسىھەت قىلىنغان تۇرۇپمۇ ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىرساڭمۇ، ئۇ ھالدا ئۇلار ھەرگىز ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

58 _ رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم _ شەپقەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك (دەرھال) جازالايدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، (ئۇ ۋاقىتتا) ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا بىرەر پاناھگاھ تاپالمايدۇ.

59 _ شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (ھەقنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغان چاغدا، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن بىر ۋاقىتنى بەلگىلىگەن ئىدۇق.

60 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش ھەمراھىغا: «ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارمىغۇچە مېڭىشنى توختاتمايمەن ياكى ئۇزاققىچە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىمەن» دېگەن ئىدى.

61 _ ئۇلار ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

62 _ ئۇلار ئۇ جايدىن ئۆتۈپ بولغاندا مۇسا ياش ھەمراھىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى.

63 _ ھەمراھى: «بىز چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئارام ئالغان ۋاقتىمىز ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن شۇ جايدا بېلىقتا بولغان ئەھۋالنى ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى ساڭا ئېيتىشىمنى پەقەتلا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. بېلىق شۇ چاغدا ھەيران قالارلىق ھالدا دەرياغا يول ئېلىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى» دېدى.

64 _ مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى _ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە قايتتى.

65 _ ئاندىن ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بەندىلىرىمىزدىن بىزنىڭ چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىز ئۆزىمىزنىڭ (غەيىب) ئىلمىدىن بىلدۈرگەن بىر بەندە (خىزىر)نى ئۇچراتتى.

66 _ مۇسا ئۇنىڭغا: «ساڭا بىلدۈرۈلگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟» دېدى.

67 _ ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن.

68 _ سەن (ھەقىقىتىنى) تولۇق ئۇقمىغان ئىشقا قانداقمۇ سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟».

69 _ مۇسا ئېيتتى: «ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋرچان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن».

70 _ ئۇ ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ساڭا دەپ بەرمىگۈچە مەندىن ھېچ نەرسە ھەققىدە سوئال سورىما».

71 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقتى، ئۇ (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تېشىۋەتتىڭمۇ؟ سەن راستتىنلا يامان ئىش قىلدىڭ» دېدى.

72 _ ئۇ: «مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى.

73 _ مۇسا ئېيتتى: «ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن سەن مېنى ئەيىبلىمە، (سورىغانلىقىم سەۋەبلىك) مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويما».

74 _ ئۇ ئىككىسى يەنە بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، ئۇ (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن راستتىنلا چوڭ بىر (گۇناھ) ئىشنى قىلدىڭ».

## ئون ئالتىنچى پارە

75 _ ئۇ ئېيتتى: «ساڭا مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟».

76 _ مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، سەن مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن. سەن مەندىن (زېرىكىپ) ئۆزرە ئېيتىدىغان يەرگە يەتتىڭ».

77 _ ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىۋىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇ (خىزىر) ئۇنى تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن سەن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ».

78 _ ئۇ ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدۇر. ساڭا سەن سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي.

79 _ كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبلىك قىلىپ قويماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەر قانداق (ساق) كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى.

80 _ ھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا _ ئانىسى مۇئمىن ئىدى. ئۇنىڭ (چوڭ بولغاندا) ئازغۇنلۇق بىلەن كۇفرىلىقنى ئاتا _ ئانىسىغا تېڭىشىدىن ئەنسىرىدۇق.

81 _ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز رەببىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىدىنمۇ پاك ۋە بەك كۆيۈمچان پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى مەقسەت قىلدۇق.

82 _ تامغا كەلسەك، ئۇ تام شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ بولۇپ، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى. رەببىڭ (ئۇلارغا) رەھىم قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇ ئىشلارنى مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلمىدىم، سەن سەۋر _ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇدۇر».

83 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «مەن سىلەرگە ئۇنىڭغا ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرەي» دېگىن.

84 _ بىز ئۇنىڭغا زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ _ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا ئوڭايلىق يول ھازىرلاپ بەردۇق.

85 _ زۇلقەرنەيىن بىر يولغا ماڭدى.

86 _ ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننى قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى[1]. بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇ بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن» دېدۇق.

87 _ زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «كىمكى (كۇفرىلىقتىن يانماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، رەببى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.

88 _ ئەمما كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بار، ئۇنى ئوڭاي ئىشقا بۇيرۇيمىز».

89 _ ئاندىن زۇلقەرنەيىن (يەنە) بىر يولغا ماڭدى.

90 _ ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

91 _ (ئەھۋال بۇ يەردىمۇ) شۇنداق بولدى. بىز ئۇنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق.

---

(1) ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىسىمۇ، كىشىگە كۈن خۇددى دېڭىزغا ياكى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

92 _ ئاندىن ئۇ (يەنە) بىر يولغا ماڭدى.

93 _ زۇلقەرنەين ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردە گەپنى (ئوڭايلىق بىلەن) چۈشەنمەيدىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتتى.

94 _ ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا پۇل تولىسەك بولامدۇ؟» دېدى.

95 _ زۇلقەرنەين ئېيتتى: «رەببىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرى (سىلەرنىڭ بەرمەكچى بولغان نەرسەڭلاردىن) ياخشىدۇر، ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي.

96 _ سىلەر ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار». ئىككى تاغنىڭ ئارىسى (تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن توشۇپ) تەكشى بولغاندا، زۇلقەرنەين: «كۆرەكلەر بىلەن پۈۋلەڭلار» دېدى. تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا ئېرىتىلگەن مىسنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكەي» دېدى.

97 _ ئۇلارنىڭ (يەنى يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ كۈچى يەتمەي قالدى.

98 _ زۇلقەرنەين: «بۇ (توسما) رەببىمدىن بىر نېمەتتۇر، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» دېدى.

99 _ (بىزنىڭ ۋەدىمىز ئىشقا ئاشقان) كۈندە ئىنسانلارنى بىر _ بىرىگە گىرەلەشكەن ھالدا تەرك ئېتىمىز، سۇر چېلىنىدۇ، (ئاندىن) ئۇلارنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز.

100 _ 101_ ئۇ كۈندە (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) كۆزلىرى مېنى يادىغا سالىدىغان دەلىللەرنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن، (ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى) ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان ئاشۇ كاپىرلارغا جەھەننەمنى ئاشكارا كۆرسىتىمىز.

102 _ كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشنى توغرا دەپ ئويلامدۇ؟ شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن جەھەننەمنى چۈشىدىغان جاي قىلىپ تەييارلىدۇق.

103 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (ياخشى) ئەمەللىرى قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟

104 _ ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.

105 _ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر». قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز.

106 _ كاپىر بولغانلىقى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.

107 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان جايى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ.

108 _ ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.

109 _ ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى».

110 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. (شۇ ئېنىقكى) ماڭا: ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن».

# مەريەم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 98 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ دوستلۇقىغا نائىل بولغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغان بىر قىسىم ئىنئاملارنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىش، كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەيدىغان خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ كاف، ها، يا، ئەين، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ بۇ رەببىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىيياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر.

3 _ 4_ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن كۆچ-قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. ئى رەببىم! مەن ساڭا دۇئا قىلىپ زىيان تارتمىدىم.

5 _ مەندىن كېيىن تۇغقانلىرىمنىڭ ئورنۇمنى باسالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، شۇڭا، سەن ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن.

6 _ ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي، يەئقۇب ئەۋلادىنىمۇ ۋارىس بولغاي، ئى رەببىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن».

7 _ (ئاللاھ ئېيتتى) «ئى زەكەرىييا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىغان ئىدۇق».

8 _ زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۆكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولىدۇ؟».

9 _ پەرىشتە ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سەنمۇ بۇرۇن يوق ئىدىڭ، سېنى مەن ياراتتىم».

10 _ زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىرەر بەلگە بەرسەڭ». ئاللاھ ئېيتتى: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە (شۇكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە _ كۈندۈز كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن».

11 _ زەكەرىييا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا ئەتىگەن _ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى.

12 _ (يەھيا تۇغۇلۇپ سۆزنى چۈشىنىدىغان ياشقا كەلگەندە) «ئى يەھيا! كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) چىڭ ئېسىلغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل _ پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدۇق.

13 _  بىز يەنە ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن مېھرىبانلىق ۋە پاكلىق ئاتا قىلدۇق، ئۇ تەقۋادار ئىدى،

14 _ ئاتا _ ئانىسىغا كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ مۇتەكەببىر ۋە ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى.

15 _ ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە ئامانلىققا ئېرىشىدۇ.

16 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى مەريەم (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا كەتكەن ئىدى.

17 _ ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىز (جىبرىل)نى ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى.

18 _ مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن رەھمان ئاللاھقا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)».

19 _ جىبرىل ئېيتتى: «مەن ساڭا رەببىڭنىڭ بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن».

20 _ مەريەم ئېيتتى: «ماڭا ھېچبىر ئادەم يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن ئىپپىتىمنى ساقلاپ كەلگەن تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟».

21 _ جىبرىل ئېيتتى: «ئۇ شۇنداق، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلىمىز، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر».

22 _ ئاندىن مەريەم ھامىلىدار بولۇپ، چەت بىر جايغا كەتتى.

23 _ تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى مەريەمنى بىر خورما دەرىخىگە (يۆلىنىۋېلىشقا) مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەمچۇ! ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەردىن بولۇپ كەتسەمچۇ!».

24 _ جىبرىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ندا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، رەببىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئاقىدىغان) بىر ئېرىق پەيدا قىلدى.

25 _ خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ.

26 _ (بۇ خورمىدىن) يېگىن، (بۇ سۇدىن) ئىچكىن ۋە (بوۋىقىڭدىن) شاتلانغىن، ئەگەر سەن بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ: ‹مەن ھەقىقەتەن سۆز قىلمايمەن دەپ رەھمان ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدىم، شۇڭا بۈگۈن ھېچكىمگە گەپ قىلمايمەن› دېگىن».

27 _ نىھايەت، مەريەم بوۋاقنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇڭ.

28 _ ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان ئايال ئەمەس ئىدى».

29 _ مەريەم (گەپ قىلماي، بۇنىڭدىن سوراڭلار دېگەندەك) بوۋاقنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق گەپ قىلىمىز؟» دېدى.

30 _ بوۋاق ئېيتتى: «شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ئاللاھ ماڭا كىتاب (ئىنجىل)نى بېرىدۇ ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ.

31 _ قەيەردىلا بولسام، ئاللاھ مېنى مۇبارەك قىلدى، ھاياتلا بولسام، ناماز ئوقۇشۇمنى، زاكات بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

32 _ مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر ۋە ئاسىي قىلمىدى.

33 _ مەن تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، مەن (قىيامەت كۈنى) تىرىلدىدىغان كۈندە ماڭا ئامانلىق بولىدۇ».

34 _ ئەنە شۇ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇلار شەك قىلىۋاتقان ھەق سۆز (مۇشۇدۇر).

35 _ ئاللاھنىڭ بالىسى بولۇشى (ئۇنىڭ شەنىگە) لايىق ئەمەس، ئۇ (مۇنداق بولۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ _ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ.

36 _ (ئىيسا قەۋمىگە مۇنداق دېدى:) «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر».

37 _ شۇنداق تۇرۇقلۇق (يەھۇدىي ۋە خرىستىيان) پىرقىلەر ئۆز ئارىسىدا (ئىيسا توغرۇلۇق) ئىختىلاپ قىلىشتى، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممە ھازىر قىلىنىدىغان بۈيۈك (قىيامەت) كۈنىدىكى ھالىغا ۋاي!

38 _ ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە، (ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ھەق سۆزنى) ئاڭلايدىغان ۋە (كۆزلىرى ھەقىقەتنى) كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، لېكىن زالىملار بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ.

39 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى ھەسرەت كۈنىدىن [1] ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، ئۇلار (قىيامەتكە) ئىشەنمەيدۇ.

40 _ زېمىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا پەقەت بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ.

41 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىبراھىم (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.

42 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟

43 _ ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر كەلدى، سەن ماڭا ئەگەشكىن، مەن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن.

44 _ ئى ئاتا! سەن شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان رەھمان ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى.

45 _ ئى ئاتا! سېنىڭ رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن».

46 _ ئاتىسى ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟ قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن (بۇنىڭدىن) يانمىساڭ، سېنى چوقۇم چالما _ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، سەن ئۇزاققىچە كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما».

47 _ ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، مەن رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر.

48 _ مەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق تۇرىمەن ۋە رەببىمگە ئىبادەت قىلىمەن. رەببىمگە ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ بەختسىز بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن».

49 _ ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشقان چاغدا، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق.

50 _ ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزدىن ئىنئام قىلدۇق، ئۇلارغا يۈكسەك شان _ شەرەپ ئاتا قىلدۇق.

51 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى مۇسا (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، شەكسىزكى، ئۇ تاللانغان رەسۇل ھەم نەبى (پەيغەمبەر) [2] ئىدى.

52 _ ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات قىلغۇچى قىلىپ (ئۆزىمىزگە) يېقىنلاشتۇردۇق.

53 _ بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى (پەيغەمبەر قىلىپ) بەردۇق.

54 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىسمائىل (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل رەسۇل ھەم نەبى ئىدى.

55 _ ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، رەببىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بىرسى ئىدى.

56 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىدرىس (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.

57 _ ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق.

58 _ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەمنىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەئقۇب) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز ھىدايەت قىلغان، (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا رەھمان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ دەرھال سەجدىگە بارىدۇ.

(1) ھەسرەت كۈنى _ قىيامەت كۈنى بولۇپ، كاپىرلار ھەسرەت چېكىدىغان كۈندۇر.
(2) رەسۇل- ھەم ۋەھيى قىلىنغان، ھەم كىتاب نازىل قىلىنغان پەيغەمبەرنى، نەبى- ۋەھيىلا قىلىنغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ.

59 _ ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق بىر نەسىللەر كەلدىكى، ئۇلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

60 _ تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

61_ ئۇ جەننەتلەر مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان، رەھمان ئاللاھ بەندىلىرىگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئالدىن ۋەدە قىلغان (ئۇلارمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

62 _ ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت سالامنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن _ ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان) رىزىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ.

63 _ بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.

64 _ (جىبرىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى:) بىز رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەنلا چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى _ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، رەببىڭ (ھېچقانداق نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ.

65 _ ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن. سەن ئۇنىڭ شېرىكى بار دەپ قارامسەن؟

66 _ (كاپىر) ئىنسان: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟» دەيدۇ.

67 _ ئۇ ئىنسان بىزنىڭ ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقمامدۇ؟

68 _ رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە شەيتانلار بىلەن قوشۇپ (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ قويىمىز.

69 _ ئاندىن ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن رەھمان ئاللاھقا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز.

70 _ بىز دوزاخقا كىرىشكە ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز.

71 _ ئاراڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان[1] بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ رەببىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر.

72 _ ئاندىن تەقۋادارلارنى قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى بولسا جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى قويىمىز.

73 _ ئۇلارغا بىزنىڭ (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق (دەلىللىرى بولغان) ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇ كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى.

74 _ بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەر مەيلى مال _ مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن، ياكى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، بۇلاردىن ئارتۇق ئىدى.

75 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «كىمكى ئازغۇنلۇقتا بولىدىكەن، رەھمان ئاللاھ ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇلار ئازاب ياكى قىيامەتتىن ئىبارەت ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئاندىن كىمنىڭ ئورنىنىڭ يامان، كىمنىڭ لەشكىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

76 _ ئاللاھ توغرا يولدا يۈرگەنلەرنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ. مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر مۇكاپات جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر.

---

[1] يەنى ھەممە كىشى دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىگە بارىدۇ، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، جەننەتكە لايىق بولغانلار سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

77 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە «ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال _ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ» دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

78 _ ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى رەھمان ئاللاھنىڭ (بۇ ھەقتىكى) ۋەدىسىگە ئېرىشكەنمۇ؟

79 _ ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى (تۈگىمەيدىغان قىلىپ) ئۇزارتىمىز.

80 _ ئۇنىڭ دېگەن نەرسىلىرىنى (يەنى مال _ دۇنيا ۋە ئەۋلادلىرىنى) بىز ئىگىلەيمىز، ئۇ ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ.

81 _ ئۇلار ئىززەت ۋە كۈچ _ قۇۋۋەتكە ئېرىشىمىز دېگەن خام خىيال بىلەن ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى.

82 _ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (چوقۇنغان ساختا ئىلاھلار ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە) ئۇلارنىڭ چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

83 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى (ئاسىيلىققا) قىزىقتۇرىدىغان شەيتانلارنى ئەۋەتكەنلىكىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟

84 _ سەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن، بىز (ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنى) بىر _ بىرلەپ ساناپ تۇرىمىز.

85 _ بىز (قىيامەت) كۈنىدە تەقۋادارلارنى رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت _ ئىكرام بىلەن يىغىمىز.

86 _ گۇناھكارلارنى بولسا (سۇغا) تەشنا بولغان ھالىتىدە جەھەننەمگە ھەيدەيمىز.

87 _ رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلارنىڭ قولىدىن شاپائەت قىلىش كەلمەيدۇ.

88 _ ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلار): «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى.

89 _ سىلەر شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار.

90 _ بۇ سۆزنىڭ (قەبىھلىكىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار پارتلاپ كەتكىلى تاس قالدى.

91 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى» بار دەپ بىلجىرلىدى.

92 _ بالىلىق بولۇش رەھمان ئاللاھقا لايىق ئەمەستۇر.

93 _ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بەندە بولۇپ كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر.

94 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى (ئىلمى بىلەن) قورشىدى ۋە سانىنى تولۇق ئىگىلىدى.

95 _ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ.

96 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن، رەھمان ئاللاھ (دىللاردا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.

97 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە جېدەلخور قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز بۇ قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

98 _ بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق. سەن ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلارغا ئائىت بىرەر پەس ئاۋازنى بولسىمۇ ئاڭلىيالامسەن؟

# تاها سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 135 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۈچلەندۈرۈش ۋە چىدامچان بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ تا، ھا (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 3 _ قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھتىن) قورققۇچىلارغا ۋەز _ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

4 _ بۇ (قۇرئان) زېمىننى ۋە ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

5 _ رەھمان ئاللاھ ئەرشكە ئۆرلىدى.

6 _ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر.

7 _ سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭمۇ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن بەرىبىردۇر)، چۈنكى ئاللاھ (ھەرقانداق) سىرنى ۋە ئۇنىڭدىن بەك مەخپىي ئىشلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

8 _ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.

9 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ قىسسىسى كەلدىمۇ؟

10 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدىم، مەن بېرىپ (ئۇنىڭدىن) بىر تال چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېگەن ئىدى.

11 _ 12 _ مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، نىدا قىلىندى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن، كەشىڭنى سالغىن. چۈنكى سەن (ھازىر) مۇقەددەس تۇۋا [1] ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن.

13 _ مەن سېنى تاللىدىم، ئەمدى سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن.

14 _ مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.

15 _ ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ياكى جازالىنىشى ئۈچۈن قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ ۋاقتىنى مەخپىي تۇتىمەن.

16 _ قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن) توسۇپ قويمىسۇن، ئۇ چاغدا، ئۆزۈڭ ھالاك بولۇپ كېتىسەن.

---

(1) تۇۋا _ جاي ئىسمى بولۇپ، مىسىرنىڭ سىينا رايونىدىكى تۇر تېغىنىڭ يېنىدىكى بىر ۋادىنىڭ نامىدۇر. ئايەتتىكى «تۇۋا» سۆزىگە ئىككى قېتىم مۇقەددەس قىلىنغان جاي دەپ مەنە ئېيتقانلارمۇ بار. چۈنكى بۇ جاينىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە ۋەھيي قىلىنغان جاي ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

17 _ ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟».

18 _ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنى يەنە باشقا ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىمەن».

19 _ ئاللاھ: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى.

20 _ مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان مىڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى.

21 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنى ئال! قورقمىغىن! بىز ئۇنى دەسلەپكى ھالىتىگە قايتۇرىمىز.

22 _ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب _ نۇقسانسىز ھالدا يەنە بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ چىقىدۇ.

23 _ (بۇنداق قىلىش) ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزنىڭ بەزىسىنى كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈندۇر.

24 _ پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى».

25 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مېنىڭ كۆڭلى _ كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن،

26 _ مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن.

27 _ تىلىمدىن ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن،

28 _ ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن.

29 _ 30_ ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن.

31 _ ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن.

32 _ مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن.

33 _ بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز.

34 _ ساڭا كۆپ زىكىر ئېيتقايمىز.

35 _ شەكسىزكى، سەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن».

36 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغانلىرىڭ ساڭا بېرىلدى.

37 _ بىز ھەقىقەتەن (بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ) ساڭا بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق.

38 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىلھام قىلىدىغان نەرسىنى ئاناڭغا (مۇنداق) ئىلھام قىلغان ئىدۇق:

39 _ ‹مۇسانى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن دەريا ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويسۇن، ئۇنى مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى (بولغان پىرئەۋن) ئېلىۋالسۇن!›. (ئى مۇسا!) مېنىڭ ھىمايەم ئاستىدا تەربىيەلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم.

40 _ ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: ‹سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟› دېگەن ئىدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇرغان ئىدىڭ. كېيىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (مەديەندىن تۇرسىناغا) كەلدىڭ.

41 _ مەن سېنى ئۆزەم ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ چىقتىم.

42 _ (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى ياد ئېتىشتە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار.

43 _ سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

44 _ ئۇنىڭغا سىلىق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ئەقلىنى تېپىشى ياكى (زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقىشى مۇمكىن.

45 _ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى قاتتىق جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى.

46 _ ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە، مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

47 _ سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، ‹بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئەمدى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. بىز ساڭا راستتىنلا رەببىڭدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلدۇق، ئامانلىق ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

48 _ بىزگە شەكسىز ۋەھيى قىلىندىكى، ئازاب (ھەقىقەتنى) يالغان دېگەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمگە بولىدۇ› دەڭلار».

49 _ پىرئەۋن: «ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟» دېدى.

50 _ مۇسا ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلغان، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر».

51 _ پىرئەۋن: «ئۇنداقتا، ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق بولغان؟» دېدى.

52 _ مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات رەببىمنىڭ دەرگاھىدىكى كىتاب (لەۋھۇلمەھفۇز) تا خاتىرىلەنگەندۇر. رەببىم خاتالاشمايدۇ ۋە ئۇنتۇمايدۇ.

53 _ ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەرگەن، سىلەر ئۈچۈن يوللارنى ئېچىپ بەرگەن، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق».

54 _ سىلەر (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

55 _ بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتۇق، يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرىمىز، سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن چىقىرىمىز.

56 _ شەكسىزكى، بىز (پىرئەۋنگە) مۆجىزىلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئۇ (يەنىلا) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشقا) ئۇنىمىدى.

57 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «ھەي مۇسا! سەن سېھرىڭگە تايىنىپ بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

58 _ (بىلىپ قويغىنكى)، بىزمۇ ساڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆزئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى».

59 _ مۇسا ئېيتتى: «سىلەر بىلەن كېلىشكەن ۋاقتىمىز بايرام كۈنى بولسۇن، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن».

60 _ پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ، ھىيلىسىنى (يەنى سېھىرگەرلىرىنى) توپلىدى، ئاندىن (ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى.

61 _ مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم زىيان تارتىدۇ».

62 _ ئۇلار (مۇسا ۋە ھارۇنغا قوللىنىلىدىغان) تەدبىرى ئۈستىدە تالاش _ تارتىش قىلىشتى ۋە يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى.

63 _ ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستتىنلا سېھىرگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە سىلەرنىڭ توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى.

64 _ سىلەر ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ، ئاندىن سەپ تارتىپ كېلىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ».

65 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! ھاساڭنى سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟».

66 _ مۇسا: «ياق، سىلەر ئالدىدا تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىۋىدى) شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

67 _ (بۇنىڭدىن) مۇسا بىردىنلا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى.

68 _ بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن! شەكسىزكى، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن.

69 _ ئوڭ قولۇڭدىكىنى تاشلىغىنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر. سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ».

70 _ (مۇسانىڭ ھاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى يۇتۇپ كەتتى) شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدە قىلىپ: «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى.

71 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن. ئەمدى چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ _ سول قىلىپ كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن. سىلەر (مەن بىلەن مۇسانىڭ رەببىدىن) قايسىمىزنىڭ ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر».

72 _ ئۇلار ئېيتتى: «بىز سېنى دەپ بىزگە كەلگەن ئوپئوچۇق مۆجىزىلەردىن ۋە بىزنى ياراتقان ئاللاھتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. سەن (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) قانداق ھۆكۈم قىلغۇڭ كەلسە، شۇنداق ھۆكۈم قىلىۋەر! سېنىڭ ھۆكمۈڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ.

73 _ بىز ھەقىقەتەن خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا سېھىر كۆرسەتكەنلىك گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ رەببىمىزگە شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، ئاللاھ (مۇكاپاتى) ئەڭ ياخشى، (جازاسى) دائىمىي بولغان زاتتۇر».

74 _ كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا گۇناھكار ھالدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يا ئۆلمەيدۇ، ياكى (ئوبدان) ياشىمايدۇ.

75 _ كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بىر مۇئمىن ھالىتىدە بارسا، ئەنە شۇلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەر بار.

76 _ (ئۇ دەرىجىلەر) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، كىرگەنلەر مەڭگۈ تۇرىدىغان دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر. ئەنە شۇ (گۇناھتىن ۋە كۇفرىدىن) پاك بولغان ئادەمنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

77 _ شەكسىزكى، بىز مۇساغا: «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىلەپ (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، ھاساڭنى دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ سىلەرگە) يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

78 _ پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋىدى، ئۇلارنى دېڭىز سۈيى ئورىۋېلىپ غەرق قىلىۋەتتى.

79 _ پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىمىدى.

80 _ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، سىلەرگە تۇر (تېغى)نىڭ ئوڭ تەرىپىدە (ئۇچرىشىشنى) ۋەدە قىلدۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

81 _ (ئېيتتۇقكى) «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە غەزىپىم ياغىدۇ. مېنىڭ غەزىپىم كىمگە ياغىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

82 _ شەكسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمگە ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىمەن».

83 _ «ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇر تېغىغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» (دېدۇق).

84 _ مۇسا ئېيتتى: «ئۇلارمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ. ئى رەببىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم».

85 _ ئاللاھ ئېيتتى: «سەن (قەۋمىڭنىڭ يېنىدىن كەتكەن)دىن كېيىن، بىز ئۇلارنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى».

86 _ مۇسا (بۇنى ئاڭلاپ) قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە رەببىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (بۇ ۋەدىگە) شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى خالىغانلىقتىن، شۇڭا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى.

87 _ ئۇلار ئېيتتى: «ساڭا بەرگەن ۋەدىگە بىز ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق، لېكىن بىز (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن نۇرغۇن ئېلىپ چىققان ئىدۇق، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ تاشلىدى».

88 _ سامىرى (ئېرىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرىدىن) ئۆز قەۋمى ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكىلى ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى. ئۇلار: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، مۇسانىڭمۇ ئىلاھىدۇر. مۇسا (بۇنى) ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېدى.

89 _ ئۇلار ئۇ موزاينىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

90 _ شەكسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن) بۇرۇن: «ئى قەۋمىم! سىلەر بۇ (ھەيكەل) بىلەن سىنالدىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار رەھمان ئاللاھتۇر، ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى.

91 _ ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز» دېيىشتى.

92 _ 93_ مۇسا (قايتىپ كېلىپ) ئېيتتى: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا سېنىڭ ماڭا ئەگىشىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟».

94 _ ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن راستتىنلا سېنىڭ مېنى‹ سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، مېنىڭ بىرنېمە دېيىشىمنى كۈتمەپسەن› دېيىشىڭدىن قورقتۇم».

95 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى سامىرى! سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭدىكى غەرىزىڭ نېمە؟».

96 _ سامىرى ئېيتتى: «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەلچى (جىبرىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم _ دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم (ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقتى)، مۇشۇنداق قىلىشنى ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى».

97 _ مۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «يوقال! بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ھاياتىڭ ‹ماڭا تەگمەڭلار!› دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، شەكسىزكى، ساڭا ۋەدە قىلىنغان مۇئەييەن بىر ۋاقىت بار، ئۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىنمايدۇ. سەن چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا سورۇۋېتىمىز».

98 _ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

99 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ئۆتكەنكىلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى مانا مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىمىز، شەكسىزكى، بىز ساڭا دەرگاھىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.

100 _ كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ قىيامەت كۈنى (چوڭ گۇناھتىن ئىبارەت) ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ.

101 _ (ئۇ ئازابتا) مەڭگۈ قالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان!

102 _ بۇ كۈندە سۇر (ئىككىنچى قېتىم) [1] چېلىنىدۇ، بۇ كۈندە گۇناھكارلارنى كۆك كۆز[2]، (قارا يۈزلۈك) قىلىپ يىغىمىز.

103 _ (قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن دۇنيا ھاياتى قىسقا تۇيۇلۇپ كېتىپ) ئۇلار بىر _ بىرىگە «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ.

104 _ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنىمۇ: «سىلەر پەقەت بىر كۈنلا تۇردۇڭلار» دەيدۇ.

105 _ ئۇلار سەندىن (قىيامەت كۈنى) تاغلار (نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «رەببىم (ئۇ كۈندە) ئۇلارنى توزۇتۇپ سورۇيدۇ،

106 _ ئاندىن (ئۇلارنىڭ ئورنىنى) تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

107 _ سەن ئۇ تۈزلەڭلىكتە چوڭقۇرلۇقنىمۇ، ئېگىزلىكنىمۇ كۆرمەيسەن».

108 _ بۇ كۈندە ئىنسانلار بىر چاقىرغۇچىغا (ئىسرافىلغا) ئەگىشىپ ئۇدۇل ماڭىدۇ، رەھمان ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلىشىشتىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن.

109 _ بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ.

110 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى (يەنى ئۆتمۈشلىرىنى ۋە كېلەچەكلىرىنى) بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئاللاھنى تولۇق بىلمەيدۇ.

111 _ يۈزلەر مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى مەڭگۈ ھايات ئاللاھ ئۈچۈن ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

112 _ مۇئمىن بولغان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن ۋە ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

113 _ بىز شۇنىڭدەك ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن ياكى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاننى ساپ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

114 _ ھەقىقىي پادىشاھ بولغان ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشى ئاياقلاشمىغۇچە، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن. «ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن.

115 _ ئىلگىرى بىز ئادەمگە (مەلۇم دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق، ئۇ بۇنى يادىدىن چىقاردى، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق مۇستەھكەم ئىرادە كۆرمىدۇق.

116 _ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەن ئىدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى.

117 _ بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ (شەيتان) سېنىڭ ۋە ئاياللىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ چاغدا سىلەر جاپا _ مۇشەققەتتە قالىسىلەر.

118 _ جەننەتتە سەن ئاچ قالمايسەن، يالىڭاچمۇ قالمايسەن.

(1) سۇر _ قىيامەت قايىم بولغاندا بىر قېتىم، ئاندىن ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كاناىدۇر.

[2] كۆزنىڭ كۆكلىكى قورقۇنچنى ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقنى ئىپادىلەيدۇ، ئەرەبلەر كۆزنىڭ كۆكلىكىنى شۇملۇقنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ.

119 _ ھەمدە جەننەتتە ئۇسساپ قالمايسەن، ئىسسىپمۇ كەتمەيسەن».

120 _ شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! مەن ساڭا (مېۋىسىنى يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان) ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە قولدىن كەتمەس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

121 _ نىھايەت ئۇ ئىككىسى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۇ يەرلىرىنى يۆگەشكە كىرىشتى. ئادەم رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى.

122 _ ئاندىن رەببى ئۇنى (ئۆزىگە يېقىن قىلىپ) تاللىدى، شۇنىڭ بىلەن تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

123 _ رەببى (ئۇلارغا) ئېيتتىكى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بىر _ بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار! (ئى ئادەم ئەۋلادى!) سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلگەندە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ.

124 _ كىمكى مېنىڭ زىكرىم (بولغان قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور ھالىتىدە توپلايمىز».

125 _ ئۇ: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور ھالەتتە توپلىدىڭ؟ ھالبۇكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ.

126 _ ئاللاھ ئېيتىدۇ: «سېنى شۇنداق (كور ھالەتتە توپلىدىم)، چۈنكى ساڭا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز كەلگەن تۇرۇقلۇق، سەن ئۇلارنى (كۆزگە ئىلماي) تاشلاپ قويغان ئىدىڭ. بۈگۈن سەنمۇ شۇنىڭدەك (دوزاختا) تاشلىنىپ قالىسەن».

127 _ ھەددىدىن ئاشقان ۋە رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا ئەنە شۇنداق جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر.

128 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا كېزىپ يۈرىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

129 _ ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئىلگىرى بېرىلگەن بىر سۆز (ھۆكۈم) ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئۇلار دەرھال ھالاك بولغان بولاتتى.

130 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىلەردە ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا (رەببىڭگە) تەسبىھ ئېيتقىن، (شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭ بېرىدىغان ساۋاب بىلەن) مەمنۇن بولىسەن.

131 _ بىز كاپىرلاردىن تۈرلۈك جامائەنى سىناش ئۈچۈن بەھرىمەن قىلغان دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆز سالمىغىن. رەببىڭنىڭ (ئاتا قىلىدىغان) رىزقى ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

132 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. بىز سېنى رىزىقلاندۇرۇۋاتىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.

133 _ ئۇلار: «(مۇھەممەد) رەببى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى كىتابلاردىكى ھەقىقەتنى تەستىقلايدىغان قۇرئان كەلمىدىمۇ؟

134 _ ئەگەر بىز ئۇلارنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭچۇ! (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ)، بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ئەمەسمۇ؟!» دەيتتى.

135 _ (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ھەممە (زاماننىڭ ھادىسىلىرىنى) كۈتمەكتە، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر».

# ئون يەتتىنچى پارە

## ئەنبىيا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 112 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىق قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ساماۋى دىنلارنىڭ ئەسلىدە بىر دىن ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئىنسانلارنىڭ ھېساب بېرىدىغان ۋاقتى (قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ئىچىدە (بۇ ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر.

2 _ 3_ ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن يېڭى ۋەز _ نەسىھەت يەتكۈزۈلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا دىللىرى ئويۇن _ تاماشاغا بېرىلگەن ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ. بۇ زالىملار (ئۆزئارىسىدا): «بۇ (مۇھەممەد) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرسا، سىلەر قاراپ تۇرۇپ سېھىرنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ پىچىرلىشىدۇ.

4 _ (پەيغەمبەر) ئېيتتى: «رەببىم ئاسمان، زېمىندا (ئېيتىلغان ھەربىر) سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

5 _ (كاپىرلار: قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماي): «بەلكى ئۇ (مۇھەممەد كۆرگەن) قالايمىقان چۈشلەردۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققاندۇر. بەلكى ئۇ شائىردۇر. (ئەگەر ئۇ ئۇنداق بولمىسا) بىزگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن» دېيىشتى.

6 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەر ئاھالىسىدىن ھېچقايسىسى (مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ) ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، بۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟

7 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ۋەھيى قىلغان ئىنسانلاردىن باشقىسىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدۇق. ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، (ساماۋى دىننى) بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار.

8 _ پەيغەمبەرلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ جىسمىنى) تاماق يېمەيدىغان تەن قىلغىنىمىز يوق ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا) مەڭگۈ قالىدىغانمۇ ئەمەس.

9 _ ئاندىن بىز ئۇلارغا (بەرگەن) ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، ئۇلارنى ۋە بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق، (كۇفرىدا ۋە زۇلۇمدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق.

10 _ ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان _ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

11 _ بىز نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنىڭ كاپىر ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق.

12 _ ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى ھېس قىلغان چاغدا (ئۇ يەردىن) دەرھال قاچىدۇ.

13 _ (بۇ چاغدا ئۇلارغا مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا) «قاچماڭلار! سىلەردىن سوئال سورۇلۇشى ئۈچۈن، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

14 _ ئۇلار: «ۋاي ئىست! بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» دېيىشىدۇ.

15 _ ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

16 _ بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكارغا ياراتمىدۇق.

17 _ ئەگەر بىز تاماشا قىلايلى دېسەك، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆز تەرىپىمىزدىن قىلغان بولاتتۇق، (ئەمما) بىز ئۇنداق قىلمىدۇق.

18 _ بەلكى بىز باتىلغا ھەق بىلەن زەربە بېرىمىز، ھەق باتىلنى ئېزىپ تاشلايدۇ، باتىل شۇ ھامان توزۇپ كېتىدۇ. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر (ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن) سۈپەتلىگەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن ۋۇشايمانغا قالىسىلەر.

19 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (پەرىشتە) لەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ.

20 _ ئۇلار كېچە _ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.

21 _ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) يەردىكىلەردىن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدىغان (ئاجىز) نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالسا بولامدۇ؟

22 _ ئەگەر (ئاسمان _ زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسى (نىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. دېمەككى، ئەرشنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

23 _ ئاللاھ قىلغانلىرىدىن سورالمايدۇ، ئۇلار بولسا سوئال _ سوراق قىلىنىدۇ.

24 _ ياكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «قېنى سىلەرمۇ دەلىلىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابىدۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابىدۇر». ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

25 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

26 _ مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى. ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر. ئەمەلىيەتتە (پەرىشتىلەر) ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر.

27 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

28 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.

29 _ ئۇلاردىن كىمكى مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھمەن دەيدىكەن، بىز ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، بىز زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز.

30 _ كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر _ بىرىگە تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق. ئۇلار (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزگە) ئىشەنمەمدۇ؟

31 _ يەر تەۋرەپ ئۇلارنى سىلكىۋەتمىسۇن دەپ، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى كۆزلىگەن جايلىرىغا يېتىۋالسۇن دەپ، زېمىندا كەڭ يوللارنى قىلدۇق.

32 _ ئاسماننى بىز بىخەتەر تورۇس قىلدۇق، ھالبۇكى، مۇشرىكلار ئاسماندىكى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر.

33 _ ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ۋە ئاينى ياراتقان زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى (بەلگىلەنگەن) ئوربىتىسىدا سەير قىلىدۇ.

34 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرىمۇ ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدىكەن؟

35 _ ھەربىر جان ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. بىز سىناش ئۈچۈن سىلەرنى يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر.

36 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىدۇر.

37 _ ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان. مەن سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى كۆرسىتىمەن. مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار.

38 _ ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى ئازاب) قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دېيىشىدۇ.

39 _ بۇ كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ۋە ھېچقانداق بىر ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا (ھەرگىز ئۇنداق گەپنى قىلمايتتى).

40 _ لېكىن، قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ _ دە، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

41 _ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلارنى شۇ مەسخىرىنىڭ جازاسى قورشاپ ھالاك قىلدى.

42 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟» دېگىن. بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

43 _ ياكى ئۇلارنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالىدىغان مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرى) ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىزگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

44 _ بىز بۇ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن قىلدۇق، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى قەدەممۇقەدەم تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ (مۇشۇنداق ئەھۋالدا) غالىب كېلىۋاتقان تەرەپ ئۇلارمۇ؟

45 _ «مەن سىلەرنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن. گاسلار (يەنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا دەۋەتنى ئاڭلىمايدۇ.

46 _ ئەگەر ئۇلارغا رەببىڭنىڭ ئازابىدىن ئازراق بىر نەرسە يەتسىلا، ئۇلار چوقۇم: «ۋاي ئىست! بىز راستتىنلا ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىپتۇق» دەيدۇ.

47 _ بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.

48 _ شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى (تەۋرات)نى، نۇرنى ۋە تەقۋادارلارغا (پايدىلىق) ۋەز _ نەسىھەتنى ئاتا قىلدۇق.

49 _ (ئۇ تەقۋادارلار) رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، قىيامەتتىن (قورقۇپ) تىترەيدىغان كىشىلەردۇر.

50 _ مانا بۇ قۇرئان بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر بۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

51 _ بىز ئىبراھىمنى بۇرۇنلا ھىدايەت قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلەتتۇق.

52 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟» دېدى.

53 _ ئۇلار: «بىز ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز» دېدى.

54 _ ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا _ بوۋىلىرىڭلارمۇ ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دېدى.

55 _ ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

56 _ ئىبراھىم ئېيتتى: «(چاقچاق قىلغىنىم يوق) بەلكى سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىنمەن.

57 _ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن چوقۇم بۇتلىرىڭلارغا (پىلانلىغان) تەدبىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن».

58 _ ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە _ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلار (قايتىپ كېلىپ بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى) سوراپ كۆرسۇن دەپ، پەقەت چوڭ بۇتقا تەگمىدى.

59 _ ئۇلار (قايتىپ كېلىپ): «ئىلاھلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ چوقۇم زالىملاردىن ئىكەن» دېدى.

60 _ ئۇلار: «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ (ئىلاھلىرىمىزنى) ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق» دېيىشتى.

61 _ ئۇلار: «ئۇنداقتا، ئىبراھىمنى جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، بەلكى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىشى مۇمكىن» (دېدى).

62 _ ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! ئىلاھلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى.

63 _ ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇنى بۇتلارنىڭ مۇشۇ چوڭى قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى.

64 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە كېلىپ (بىر _ بىرىگە كايىغان ھالدا): «ئەسلى زالىملار سىلەر ئىكەنسىلەر!» دېيىشتى.

65 _ ئاندىن ئۇلار بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا قايتىپ «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى.

66 _ ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟

67 _ ئىسست! سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا! سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟».

68 _ ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار، ئىبراھىمنى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار» دېدى.

69 _ بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن» دېدۇق.

70 _ ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋىدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن قىلدۇق.

71 _ بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى (ئۇ جايدىن) قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى بىز جاھان ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا يەتكۈزدۇق.

72 _ بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەنە نەۋرىسى يەئقۇبنىمۇ قوشۇپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كىشىلەر قىلدۇق.

73 _ ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى توغرا يولغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

74 _ لۇتقىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق. ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار ھەم يامان، ھەم پاسىق قەۋم ئىدى.

75 _ بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق. چۈنكى ئۇ ياخشىلاردىن ئىدى.

76 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن نۇھنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ) بەددۇئا قىلغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى (مۇئمىن) لەرنى بۈيۈك بالا (توپان)دىن قۇتقۇزغان ئىدۇق.

77 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق. ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق.

78 _ داۋۇت بىلەن سۇلەيمان (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى[1]. ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى بىز كۆزىتىپ تۇرغان ئىدۇق.

79 _ قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلەيمانغا بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھۆكۈمدارلىق ۋە ئىلىم ئاتا قىلغان ئىدۇق. تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلدۇق، بىز (شۇنداق قىلىشقا) ئەزەلدىن قادىرمىز.

80 _ جەڭلەردە (دۈشمەنلىنىڭ زەربىسىدىن) سىلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىۋاتامسىلەر؟

81 _ سۇلەيمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، شامال سۇلەيماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىن (شام) غا باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز.

82 _ سۇلەيمانغا غەۋۋاسلىق (قىلىپ دېڭىزدىن ئۈنچە _ مارجان سۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىدىغان، يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بىر قىسىم شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، بىز ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتۇق.

83 _ ئەييۇب (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

84 _ بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق. يەنە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئۆلگە بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئاتا قىلدۇق.

85 _ ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇلارنىڭ ھەممىسى (تائەت _ ئىبادەتتە) چىدامچان كىشىلەر ئىدى.

86 _ ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى.

87 _ يۇنۇس (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ) ئۆز ۋاقتىدا (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ، (رەببىمنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىپ كەتسەممۇ) مېنى جازالىيالمىسىكىن دەپ ئويلاپ (يۇرتىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. (ئۇنى بېلىق يۇتتى) ئۇ (بېلىقنىڭ ئىچىدىكى) قاراڭغۇلۇقتا: «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

88 _ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز.

89 _ زەكەرىييا (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ئى رەببىم! مېنى (ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن» دەپ نىدا قىلغان ئىدى.

90 _ بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئايالىنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.

91 _ ئىپپىتىنى ساقلىغان ئايال (مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلى (ئىيسا)نى ئالەملەر ئۈچۈن (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق.

---

(1) بىر ئادەمنىڭ قويلىرى كېچىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ زىرائىتىنى پۈتۈنلەي يەپ كەتكەن بولۇپ، قويلارنىڭ ئىگىسى بىلەن زىرائەتنىڭ ئىگىسى دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ بەدىلىگە قوينى زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىشنى بۇيرۇغان. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەسىلىگە باشقىچىرەك قاراپ، قوي ئىگىسى زىرائەتنى قايتا تېرىپ بۇرۇنقىدەك ئۆستۈرۈپ بەرگەنگە قەدەر، قوينىڭ زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشىنى، زىرائەت ئىگىسىنىڭ قوينىڭ يۇڭى ۋە سۈتىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىنى ئېيتقان.

92 _ (ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، سىلەرنىڭ دىنىڭلار (ئىسلامدىن ئىبارەت) بىرلا دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، (ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭلار) ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار.

93 _ ئۇلار (دىندا ئىختىلاپلىشىپ) پىرقە _ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر.

94 _ كىمكى مۆئمىن بولغان ھالدا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشى زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، بىز ئۇنى يېزىپ تۇرىمىز.

95 _ بىز ھالاك (قىلىشنى ئىرادە) قىلغان شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ (ئىمانغا) كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

96 _ يەجۇج _ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ.

97 _ ھەق ۋەدە (قىيامەت) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) «ۋاي ئىست! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قاپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» (دەپ كېتىدۇ).

98 _ (ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسەڭلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر.

99 _ ئەگەر (سىلەر چوقۇنۇۋاتقان) ئاشۇ نەرسىلەر ئىلاھ بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى. (چوقۇنغۇچى ۋە چوقۇنۇلغۇچى) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

100 _ ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىپ تۇرىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ.

101 _ شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ.

102 _ ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

103 _ (قىيامەتتىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ دەھشەتمۇ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (بەختلىك) كۈنۈڭلاردۇر» دەپ ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ.

104 _ ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى (خۇددى پۈتۈكچى) خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، بىز (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.

105 _ لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا) : «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق.

106 _ شەكسىزكى، بۇ قۇرئاندا (بايان قىلىنغان خەۋەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردە، ئاللاھقا لايىقىدا) ئىبادەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىبرەت بار.

107 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

108 _ (مۇشرىكلارغا) «ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى كېلىپ تۇرىدۇ، سىلەر مۇسۇلمان بولامسىلەر؟» دېگىن.

109 _ ئەگەر ئۇلار (يەنىلا ئىماندىن) باش تارتسا، ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى) ئوخشاشلا ئۇقتۇردۇم، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان (ئازاب) يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ ئۇقمايمەن.

110 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا سۆزنىمۇ ۋە سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

111 _ مەن بىلمەيمەن، بەلكى (بۇ ئازابنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى) سىلەر ئۈچۈن بىر سىناق ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولسا كېرەك».

112 _ (پەيغەمبەر ئېيتتى) «ئى رەببىم! (بىز بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، بىزنىڭ رەببىمىز رەھمان ئاللاھتۇر، سىلەرنىڭ بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى ياردەم تىلىنىدىغان زاتتۇر».

# ھەج سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 78 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك ئىشتۇر.

2 _ سىلەر ئۇ زىلزىلىنى كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، ھەربىر ئېمىتنۇاتقان (ئايال قورقىنىدىن) ئېمىۋاتقان (بوۋىقىنى) ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايال بوۋىقىنى تۇغۇۋېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست ھالىتىدە كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر (شۇڭا ئۇلار شۇنداق بولۇپ قالىدۇ).

3 _ بەزى كىشىلەر ئاللاھ (نىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان قۇدرىتى) توغرىسىدا دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە گەدەنكەش شەيتانلارنىڭ ھەممىسىگە ئەگىشىدۇ.

4 _ ئۇ (شەيتان) توغرۇلۇق شۇنداق بەلگىلەنگەنكى: «كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئەلۋەتتە ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ».

5 _ ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى) بىز سىلەرگە قۇدرىتىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن، ئاندىن ئەلەقتىن[1]، ئاندىن شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن گۆش پارچىسىدىن ياراتتۇق. بىز (تۇغۇلىشىنى) خالىغان تۆرەلمىنى بالىياتقۇدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. ئاندىن سىلەرنىڭ قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن (سىلەرنى كۈچ _ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، بەزىڭلار ياش تۇرۇپلا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كەتكۈچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) سەن زېمىنىنىڭ قاقاس ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ.

6 _ بۇ ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىگە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى (سىلەرگە) بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

7 _ شۇنداقلا قىيامەتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىكەنلىكىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر).

8 _ 9_ ئىنسانلار ئىچىدە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز تۇرۇپ، ئاللاھ توغرىسىدا مەغرۇرانە مۇنازىرىلىشىدىغان كىشى بار. ئۇ دۇنيادا خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ ئازابىنى تېتىتىمىز.

10 _ (ئۇنىڭغا): «ئەنە شۇ (خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرگىز ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر» (دېيىلىدۇ).

---

(1) ئەلەق _ ئېسىلغان، مۇئەللەقتە قالغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگەن مىليونلارچە ئۇرۇق ئىچىدىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقى زاماندا بايقالغان مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان چاغلاردا ئىنسانلار بۇنى بىلمەيتتى.

11 _ بەزىلەر ئاللاھقا شەك _ شۈبھە بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، ئۇ دىنىدا (خاتىرجەم) تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، مانا بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

12 _ ئۇ ئاللاھنى قويۇپ ئۆزىگە ھېچبىر پايدا _ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. مانا بۇ (ھەقىقەتتىن تامامەن) يىراقلاشقان بىر ئازغۇنلۇقتۇر.

13 _ ئۇ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىگە چوقۇنىدۇ. ئۇ (چوقۇنغان) نەرسە نېمىدېگەن يامان دوست، نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!

14 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ.

15 _ كىمكى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ بوغۇلۇۋالسۇن، ئاندىن قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) قىلىقى غەزىپىنى باسالامدىكىن؟

16 _ بىز قۇرئاننى مانا مۇشۇنداق روشەن ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق، ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.

17 _ شەكسىزكى، مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، خىرىستىيانلار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە مۇشرىكلار ئارىسىدا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

18 _ بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر، زېمىندىكىلەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇنى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئازابقا لايىق بولدى. ئاللاھ خار قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

19 _ بۇ رەببى توغرىسىدا جېدەللەشكەن (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقىدۇر. كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قويۇلىدۇ.

20 _ ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىپ كېتىدۇ.

21 _ ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

22 _ ھەرقاچان ئۇلار غەم _ قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقىشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە (ئۇلارغا): «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

23 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر ۋە مەرۋايىتلاردىن (ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى) تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

24 _ ئۇلار (دۇنيادا) ياخشى سۆز (كەلىمە تەييىبە)گە يېتەكلەنگەن ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىنغان ئىدى.

25 _ شەكسىزكى، كاپىرلارغا، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، مەيلى ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، بىز ئىنسانلارغا ئورتاق ئىبادەتگاھ قىلغان مەسجىدى ھەرەمدىن توسقۇچىلارغا (قاتتىق ئازاب بار). كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە گۇناھ قىلىپ يولدىن چىقماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

26 _ بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بېرىپ، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن،

27 _ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە، ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ سېنىڭ قېشىڭغا كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.

28 _ كىشىلەر (ھەج جەريانىدا) ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن (قۇربانلىق) كۈنلەردە ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن». سىلەر قۇربانلىقىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، قىيىن ئەھۋالدىكى موھتاجلارغا بېرىڭلار.

29 _ ئاندىن ئۇلار (بەدەنلىرىدىكى) كىرلىرىنى تازىلىسۇن، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي ئۆي (كەئبە)نى تاۋاپ قىلسۇن.

30 _ (ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ (ئۇلۇغلاش) رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن (قۇرئاندا ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى. بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن يىراق تۇرۇڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.

31 _ (باتىلدىن يۈز ئۆرۈپ) يالغۇز ئاللاھقىلا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان (كىشىلەر بولۇڭلار). كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى ئۇنى بوران يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.

32 _ (ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنى) مانا مۇشۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، شەكسىزكى، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر.

33 _ سىلەر (ھەرەمگە ھەدىيە قىلىدىغان) ماللاردىن بەلگىلەنگەن بوغۇزلاش ۋاقتىغىچىلىك پايدىلانساڭلار بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر).

34 _ ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (بوغۇزلىغاندا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار. (ئى پەيغەمبەر!) ئىتائەتمەن، كەمتەر كىشىلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

35 _ ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى تىترەيدۇ، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ بۇيرۇغان يوللارغا) سەرپ قىلىدۇ.

36 _ قۇربانلىق تۆگىلىرىنىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنى (ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن) تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا (بىسمىللاھ دەپ) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار، ئۇلارنىڭ جېنى چىققاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

37 _ ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ياكى قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا (تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. (ئى پەيغەمبەر! ئەمەل _ ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن.

38 _ ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى، تۇزكور بەندىنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ.

39 _ ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

40 _ ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن توسۇپ تۇرمىسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

41 _ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلار شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

42 _ 44_ ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى دېسە (بۇنىڭغا بىئارام بولمىغىن)، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى، ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسىمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن، مۇسامۇ يالغانچى دېيىلگەن. كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ جازايىم قانداق ئىكەن؟

45 _ بىز نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى ئاھالىلىرى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ھالاك قىلدۇق. (ئۇ جايلاردا) ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، تاملىرى ئۈستىگە يىقىلغان نۇرغۇن شەھەرلەر، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە (ئاھالىسىز قالغان) ئېگىز قەسىرلەر قالدى.

46 _ ئۇلار (يەنى ئىنكارچى كاپىرلار) يەر يۈزىنى كېزىپ كۆرمىدىمۇ؟ (شۇنداق قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان ئەقىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى (بۇ كاپىرلارنىڭ) كۆكرەكلىرىدىكى كۆڭۈل كۆزلىرى كوردۇر.

47 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (ئۇنى چوقۇم چۈشۈرىدۇ). ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر.

48 _ نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولسىمۇ، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.

49 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن پەقەت سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

50 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

51 _ بىزنى ئازابلىمايدۇ دېگەندەك قىلىپ ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغۇچىلار __ ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر.

52 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل (كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەر)، قايسىبىر نەبى (كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر) بولسۇن، ئۇ (ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) تىلاۋەت قىلسىلا، شەيتان بۇ ئايەتلەر توغرىسىدا (كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە شەك _ شۈبھىلەرنى) تاشلايدۇ. ئاللاھ شەيتان تاشلىغان شەك-شۈبھىلەرنى بەربات قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

53 _ (ئاللاھنىڭ شەيتانغا مۇنداق يول قويۇشى) دىللىرىدا (شەك ۋە مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنى، دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەرنى شەيتاننىڭ تاشلىغان شۈبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، بۇ زالىملار (ھەقتىن) تامامەن يىراق بىر ۋەزىيەتتىدۇر.

54 _ (ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) يەنە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە دىللىرى ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

55 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت ئۇشتۇمتۇت كەلگەنگە ياكى ئۇلارغا دەھشەتلىك كۈننىڭ ئازابى چۈشكەنگە قەدەر قۇرئاندىن شەكلىنىپ تۇرىدۇ.

56 _ ئۇ كۈندە پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە بولىدۇ.

57 _ كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

58 _ ئاللاھنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ چوقۇم ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىدۇر.

59 _ ئاللاھ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

60 _ ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

61 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

62 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر.

63 _ ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ يامغۇر بىلەن زېمىن يېشىللىققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

64 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

65 _ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئاسمان (جىسىملىرى)نى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىسىز يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

66 _ ئاللاھ سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدىغان، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان، ئاندىن يەنە سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. ئىنسان ھەقىقەتەن تۇزكوردۇر.

67 _ ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) مۇشرىكلار شەرىئەت ئىشىدا سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن، (كىشىلەرنى) رەببىڭنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توپتوغرا يولدىسەن.

68 _ ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

69 _ ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ».

70 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسماندىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر. بۇ (يەنى ئۇلارنى بىلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاساندۇر.

71 _ ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، (مەبۇدلىقى ھەققىدە) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، (بۇنداق) زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر.

72 _ ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا يامان كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى كۆرىسەن. ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان دوزاختۇر. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!».

73 _ ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ. (دېمەك) چوقۇنغۇچىمۇ چوقۇنۇلغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.

74 _ ئۇ كاپىرلار ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

75 _ ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ ئەلچىلەرنى تاللايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

76 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنىمۇ ۋە ئارقىسىدىكىنىمۇ (يەنى ھازىرقى ئەھۋالىنىمۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنىمۇ) بىلىپ تۇرىدۇ. (بارلىق) ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

77 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار.

78 _ ئاللاھنىڭ يولىدا كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى تاللىدى. دىندا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىقنى يۈكلىمىدى. (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر. پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان ئىدى، بۇنىڭدىمۇ (يەنى قۇرئاندىمۇ) شۇنداق دەپ ئاتىدى. شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا چىن دىلىڭلار بىلەن باغلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!

# ئون سەككىزىنچى پارە

# مۇئمىنۇن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 118 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى، ئۇنىڭ مېۋىسىنى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە كاپىرلارنى سۆكۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتتى.

2 _ ئۇ مۇئمىنلەر نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.

3 _ ئۇلار بىھۇدە سۆز _ ھەرىكەتتىن يىراق تۇرغۇچىلاردۇر.

4 _ ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.

5 _ ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر.

6 _ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا) مالامەت قىلىنمايدۇ.

7 _ كىمكى بۇلارنىڭ باشقىسىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر.

8 _ ئۇ مۇئمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

9 _ ئۇلار نامازلىرىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردۇر.

10 _ ئەنە شۇلار ۋارىسلاردۇر.

11 _ ئۇلار فىردەۋس جەننىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، شۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

12 _ بىز (تۇنجى) ئىنسان (ئادەم)نى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق.

13 _ ئاندىن بىز ئۇ (ئادەمنىڭ ئەۋلادى)نى پۇختا قارارگاھتا ئابىمەنىي قىلدۇق.

14 _ ئاندىن ئابىمەنىينى ئەلەقكە [1] ئايلاندۇردۇق، ئاندىن ئەلەقنى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى باشقىچە (مۇكەممەل) بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق [2]. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر.

15 _ ئاندىن شەكسىزكى سىلەر شۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئۆلىسىلەر.

16 _ ئاندىن سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر.

17 _ بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قات ئاسماننى ياراتتۇق، بىز ھېچبىر مەخلۇقاتتىن خەۋەرسىز ئەمەسمىز.

---

(1) ئەلەق _ تاللانغان ئۇرۇق دېگەنلىك بولۇپ، ھەج سۈرىسىنىڭ 5 _ ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتتا چۈشەندۈرۈش بېرىلدى.

(2) بۇ ئايەتنى ئايرىم بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق، دەپ تەپسىر قىلغانلارغا كۆرە، بۇ ئايەتتە ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئانىسىدىن مۇستەقىل بىر ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاققا قالماي ئانىسىدىن ئايرىلىپ دۇنياغا كۆز ئاچىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. مۇنداق تەپسىر قىلغانلارمۇ بار.

18 _ بىز بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، بىز ئۇنى يوق قىلىۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىرمىز.

19 _ شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغلىرى ۋە ئۈزۈم باغلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، سىلەر ئۇلاردىن يەيسىلەر.

20 _ يەنە شۇ يامغۇر بىلەن تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (يېتىشتۈرۈپ بەردۇقكى) ئۇنىڭدىن ماي چىقىدۇ، تاماق يېگۈچىلەر ئۈچۈن تېتىتقۇ چىقىدۇ.

21 _ چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسە (سۈت) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر.

22 _ (قۇرۇقلۇقتا) ئۇلارغا مىنىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە ئولتۇرىسىلەر.

23 _ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئۇنىڭدىن قورقامسىلەر؟».

24 _ ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلار ئېيتىشتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى، بۇنداق سۆزنى بىز بۇرۇنقى ئاتا _ بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز.

25 _ ئۇ پەقەت بىر مەجنۇن (ئەقلىدىن ئازغان) ئادەمدۇر، سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈڭلار».

26 _ نۇھ: «ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنى يالغانچى دېگەن تۆھمەتلىرىگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

27 _ بىز نۇھقا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار (نى قوغداپ قېلىش) توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

28 _ سەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگىن.

29 _ ھەمدە: «ئى رەببىم! مېنى بەرىكەتلىك بىر مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن.

30 _ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. بىز (بەندىلىرىمىزنى) ئەلۋەتتە (مۇشۇنداق) سىنايمىز.

31 _ ئاندىن (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن) كېيىن باشقا بىر قەۋمنى بارلىققا كەلتۈردۇق.

32 _ بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. (ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى) «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر ئاللاھتىن قورقامسىلەر؟».

33 _ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغان، ئاخىرەتتىكى ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىباشلىرى ئېيتتى: «ئۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ.

34 _ ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئۇ چاغدا چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر.

35 _ ئۇ سىلەرنى ‹سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر› دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟

36 _ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان بۇ ئىش تولىمۇ يىراقتۇر.

37 _ هايات پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى هاياتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر. بىز (بىر تەرەپتىن) ئۆلۈپ تۇرىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن) تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز.

38 _ ئۇ پەقەت ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا هەرگىز ئىشەنمەيمىز».

39 _ هۇد ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنى يالغانچى دەپ تۆهمەت قىلغانلىقىغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن».

40 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ».

41 _ (دېگەندەك) قاتتىق بىر ئاۋاز ئۇلارنى هەقلىق رەۋىشتە هالاك قىلىۋەتتى. ئۇلارنى بىز سەل سۈپۈرۈپ كەتكەن ئەخلەتلەردەك قىلىۋەتتۇق. بۇ زالىم قەۋم (ئاللاھنىڭ رەهمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

42 _ ئاندىن (ئۇلارنى هالاك قىلغاندىن) كېيىن، باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق.

43 _ هېچقانداق ئۈممەت ئەجىلى كەلمەي تۇرۇپ هالاك بولمايدۇ، هالاك بولۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ.

44 _ ئاندىن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق. هەر ئۈممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى يالغانچى دېدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئارقىمۇئارقا هالاك قىلدۇق، ئۇلار (نىڭ قىسسىسى)نى (كېيىنكىلەرگە) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (ئاللاھنىڭ رەهمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

45 _ 46_ ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى هارۇننى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن پاكىت بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار هاكاۋۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتتى. ئۇلار تەكەببۇر قەۋم ئىدى.

47 _ ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق؟ هالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى.

48 _ ئاندىن ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى يالغانچى دېدى، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلار هالاك بولغۇچىلاردىن بولدى.

49 _ ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) هىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز هەقىقەتەن مۇساغا (تەۋراتتىن ئىبارەت ساماۋى) كىتابنى ئاتا قىلدۇق.

50 _ بىز مەريەم ئوغلى (ئىيسا)نى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق، ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

51 _ ئى پەيغەمبەرلەر! هالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن هەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن.

52 _ سىلەرنىڭ دىنىڭلار هەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار.

53 _ (ئىنسانلار) ئۆز ئارىسىدا نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، هەربىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر.

54 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى بىر مۇددەت ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويغىن.

55 _ 56_ ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارغا مال _ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (ئىشنىڭ تېگى _ تەكتىنى) ئۇقمايدۇ.

57 _ شەكسىزكى، رەببىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن (ئەيمىنىپ) تىترەپ تۇرىدىغان كىشىلەر،

58 _ رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى كىشىلەر،

59 _ رەببىگە شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر،

60 _ رەببىنىڭ دەرگاهىغا قايتىپ بارىدىغانلىقى (ئۈچۈن ئەمەلىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى)دىن دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر،

61 _ ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلاردا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ئۇنىڭدا (باشقىلارنىڭ) ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر.

62 _ بىز ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا راست سۆزلەيدىغان كىتاب (نامە _ ئەمەل دەپتىرى) بار، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

63 _ كاپىرلارنىڭ دىللىرى بۇ (قۇرئان)دىن غەپلەتتىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن يامان ئەمەللىرى باركى، ئۇلار ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

64 _ ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار پەرياد قىلىشقا باشلايدۇ.

65 _ (ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ) «بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر».

66 _ 67_ مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلگەندە، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتىڭلار، كېچىلىك پاراڭلىرىڭلاردا (قۇرئان توغرۇلۇق) يامان سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار.

68 _ ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا بۇرۇنقى ئاتا _ بوۋىلىرىغا كەلمىگەن نەرسە كەلدىمۇ؟

69 _ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرنى تونۇماي قالغانلىقتىن، ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ؟

70 _ ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ.

71 _ ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسمانلار _ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتلار بۇزۇلۇپ تۈگەشكەن بولاتتى. ئۇنداق بولغىنى يوق. بىز ئۇلارغا شان _ شەرەپ (كەلتۈرىدىغان قۇرئاننى) ئاتا قىلدۇق، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان شان _ شەرەپتىن يۈز ئۆرۈمەكتە.

72 _ (ئى پەيغەمبەر!) ياكى سەن ئۇلاردىن (دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق بېرىشىنى تەلەپ قىلامسەن؟ رەببىڭنىڭ (ساڭا ئاتا قىلىدىغان) ئەجرى ھەممىدىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

73 _ سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىۋاتىسەن.

74 _ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن بۇ يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر.

75 _ ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلساق، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەكمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى.

76 _ ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن (قەھەتچىلىك) ئازابى بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار يەنىلا رەببىگە بويسۇنمىدى، (ئۇنىڭغا) ئىلتىجا قىلىپمۇ باقمىدى.

77 _ تاكى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ئۈمىدىنى تامامەن يوقىتىدۇ.

78 _ ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتقان زاتتۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

79 _ ئۇ سىلەرنى زېمىندا كۆپەيتىپ تارقىتىۋەتكەن زاتتۇر. (ئاخىر) چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

80 _ ئۇ ھاياتنى ئاتا قىلغان ۋە ئۆلۈمنى تەقدىر قىلغان زاتتۇر، كېچە _ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇلارنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟

81 _ بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېدى.

82 _ ئۇلار ئېيتتىكى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (چىرىگەن) سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلەمدۇق؟

83 _ ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر».

84 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ) زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟».

85 _ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ» دەيدۇ. «ئۇنداقتا، سىلەر (بۇنىڭدىن) پەند _ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟» دېگىن.

86 _ ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى كىم؟».

87 _ ئۇلار «ئاللاھ» دەيدۇ. «(ئۇنداقتا، سىلەر ئۇنىڭدىن) قورقمامسىلەر؟» دېگىن.

88 _ ئېيتقىنكى، «ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى قولىدا بولغان، (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇ پاناھ بولمىغانغا ھېچكىم پاناھ بولالمايدىغان زات كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلىدىغان بولساڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟!)».

89 _ ئۇلار: «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) سىلەر نېمىدەپ ئالجىپ يۈرىسىلەر؟».

90 _ ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇلارغا ھەقىقەتنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

91 _ ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقاننى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن كېلەتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

92 _ ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

93 _ 94_ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ئەگەر سەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ماڭا كۆرسىتىدىغان بولساڭ، ئى رەببىم! ئۇ ھالدا مېنى ئۇ زالىم قەۋم ئىچىدە قىلمىغىن».

95 _ بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز.

96 _ سەن يامانلىقنى ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن توسقىن، ئۇلارنىڭ (بىز توغرۇلۇق) نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.

97 _ ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن.

98 _ ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ ئۇلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

99 _  كاپىرلارنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن،

100 _ مەن قويۇپ كەلگەن (مال _ دۇنيا) لىرىم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن» دەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ.

101 _ سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسى قالمايدۇ، ئۇلار (بىر _ بىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ.

102 _ كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (تارازىدا) ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

103 _  كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

104 _ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي بولۇپ) قالىدۇ.

105 _ (ئۇلارغا) «سىلەرگە مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» (دېيىلىدۇ).

106 _ ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بەتبەختلىكىمىز بىزگە غالىب كېلىپ، ئازغۇن قەۋم بولۇپ قالغان ئىكەنمىز.

107 _ ئى رەببىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن، ئەگەر بىز (كۇفرىغا) يەنە قايتساق، ئۇ چاغدا بىز راستتىنلا (ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز) ئۇۋال قىلغان بولىمىز».

108 _ ئاللاھ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار».

109 _ شەكسىزكى بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر[1] ‹ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن› دەيتتى.

110 _ سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، ھەتتا بۇ ئىش سىلەرگە مېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى، يەنە سىلەر ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلەتتىڭلار.

111 _ ئۇلار سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. شەكسىزكى، ئۇلار مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر».

112 _ ئاللاھ (ئازابتىكىلەردىن): «سىلەر يەر يۈزىدە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ.

113 _ ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (بۇنى) ھېسابلاپ تۇرغۇچىلاردىن سورىغىن» دەيدۇ.

114 _ ئاللاھ: «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار پەقەت ئازغىنە تۇردۇڭلار» دەيدۇ.

115 _ (ئى ئىنسانلار!) سىلەرچە، بىز سىلەرنى بىكار ياراتقانمۇ؟ ئۆزۈڭلارنى (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟

116 _ ھەقىقىي پادىشاھ _ ئاللاھ ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

117 _ كىمكى ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق، ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ. كاپىرلار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ.

118 _ (ئى پەيغەمبەر!) «ئى رەببىم ! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگىن.

---

(1) ئۇلار بىلال، خەبباب، سۇھەيبلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئەبۇ جەھل قاتارلىق كاپىرلار مەسخىرە قىلاتتى.

# نۇر سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 64 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپپەت – نومۇسىنى قوغداش، جەمئىيەتنى گۇناھ _ پاھىشىلەرنىڭ ئامىللىرىدىن، مۇناپىقلارنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ ھىيلە ۋە نەيرەڭلىرىدىن قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (بۇ) بىز نازىل قىلغان ۋە (كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان بىر سۈرىدۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇنىڭدا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

2 _ زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدا (ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، ئۇلارنى جازالىغاندا مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇپ كىشى ھازىر بولسۇن.

3 _ زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى.

4 _ ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، ئاندىن (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئادالەتلىك) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى سەكسەن دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر.

5 _ شۇنىڭدىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە قىلمىشلىرىنى تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر (ئۇلارنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ).

6 _ ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىلىرى بولمىغانلار ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن.

7 _ بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغسۇن!» دېسۇن.

8 _ 9_ ئايال ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىمدا، «ئەگەر ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن!» دەپ قەسەم قىلسا، ئۇ (ئايال) جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ.

10 _ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىغان بولسا، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولمىغان بولسا ئىدى (يالغاندىن قەسەم قىلغۇچى ئەلۋەتتە جازاسىنى چەككەن بولاتتى).

11 _ شۈبھىسىزكى، (ئائىشەگە) [1] بۇ بوھتاننى چاپلىغانلار سىلەردىن بىر گۇرۇھتۇر. بۇنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق دەپ قارىماڭلار، بەلكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (باشلامچى بولۇپ) بوھتاننىڭ چوڭىنى تارقاتقان ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

12 _ بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان ۋاقتىڭلاردا ئەر _ ئايال مۇئمىنلەر بىر _ بىرى ھەققىدە ياخشى ئويلاردا بولۇپ، «بۇ ئېنىق بوھتاندۇر» دېسە بولماستى؟

13 _ ئۇلار تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرسە بولماستى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلاردۇر.

---

(1) ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشەگە بوھتان چاپلىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئائىشەنى ئاقلىغان.

14 _ سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر تارقاتقان بۇ بوھتان ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

15 _ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بۇ بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر.

16 _ سىلەر ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ!) سەن پاكتۇرسەنكى، «بۇ چوڭ بوھتاندۇر» دېسەڭلار بولمامتى؟

17 _ ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر (راستتىنلا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، بۇنداق سۆزلەرنى قايتا ھەرگىز قىلماڭلار.

18 _ ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

19 _ مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شەكسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

20 _ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان بولمىغان بولسا ئىدى (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەلۋەتتە جازالىغان بولاتتى).

21 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ ئىشلارغا، يامان ئەمەللەرگە بۇيرۇيدۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم مەڭگۈ پاك بولالمايتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

22 _ ئاراڭلاردىكى مەرتىۋىلىك ۋە دۆلەتمەن بولغانلار يېقىن تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

23 _ شەكسىزكى، (يامان ئىشلاردىن) بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

24 _ (قىيامەت) كۈنىدە ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

25 _ شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەقلىقىنى (ۋە ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى) بىلىپ قالىدۇ.

26 _ پاسكىنا ئاياللار پاسكىنا ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاسكىنا ئەرلەر پاسكىنا ئاياللارغا لايىقتۇر، پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار باشقىلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

27 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىماي ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمەي كىرمەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۈمىدكى، سىلەر (بۇنىڭدىن) نەسىھەت ئالغايسىلەر.

28 _ ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچكىم بولمىسا، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە ئۇ ئۆيلەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، شۇ ھامان قايتىپ كېتىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

29 _ (دۇكان ۋە كىتابخانىغا ئوخشاش) تۇرالغۇ بولمىغان، ئىچىدە سىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىشلار بار ئۆيلەرگە (ئىجازەت سورىماي) كىرىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

31 _ مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (نارەسىدە) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.

32 _ ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ، ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

33 _ ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن (ۋە چۆرىلىرىڭلاردىن ئۆزىنىڭ ئازادلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن) توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلاردا ياخشىلىقنى (يەنى مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە ۋە ئىشلەشكە قادىر ئىكەنلىكىنى) بايقىساڭلار، ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مال _ مۈلۈكتىن ئۇلارغا بېرىڭلار. مال _ دۇنيانى كۆزلەپ چۆرىلىرىڭلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار، ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالايدىغان تۇرسا (سىلەر قانداقلارچە ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايسىلەر؟!). كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (زىنانىڭ گۇناھى مەجبۇرلىغانلارغا بولىدۇ).

34 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە (ھەممىنى) بايان قىلىپ بەرگەن ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مىساللارنى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

35 _ ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ بولۇپ، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ شەرقىقمۇ، غەربكىمۇ تەۋە بولمىغان، مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىدىن (چىقىرىلغان ياغ بىلەن) يورۇتۇلغان، ئۇنىڭ يېغى (سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) ئىنسانلارغا (مانا مۇشۇنداق) مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

36 _ ئاللاھ ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۆز ئىسمىنى ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان مەسجىدلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن– ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

37 _ ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، نە تىجارەت، نە سودا _ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار (قورقۇنچتىن) دىللار پاراكەندە ۋە كۆزلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن قورقىدۇ.

38 _ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپات بېرىشى ۋە ئۆز پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن (شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ). ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

39 _ كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ دەپ قىلغان) ئەمەللىرى خۇددى تەشنا ئادەم سۇ دەپ ئويلاپ قالىدىغان، يىنىغا كەلسە (سۇدىن) ھېچبىر ئەسەر تاپالمايدىغان باياۋاندىكى سەراپقا ئوخشايدۇ. ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

40 _ ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ. مانا بۇ قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر. (بۇ قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئادەم) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ كىمگە نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ نۇردىن (يەنى ھىدايەتتىن) نېسىۋىسى بولمايدۇ.

41 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن (ھالدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھەربىرى ئۆزىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلگەندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

42 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

43 _ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر – بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلانغان ھالغا كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرسەن. ئاللاھ ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭدىن ساقلايدۇ، (بۇلۇتتىكى) چاقماقنىڭ يورۇقى كۆزلەرنى نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

44 _ ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

45 _ ئاللاھ بارلىق جانلىقنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

46 _ شۈبھىسىزكى، (بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى) ئېنىق بايان قىلغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

47 _ (مۇناپىقلار) «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ (شۇ گەپلەرنى دېگەندىن) كېيىن گەپلىرىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇلار (ئەمەلىيەتتە) مۇئمىن ئەمەس.

48 _ (پەيغەمبەرنىڭ) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلسا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى باش تارتىدۇ.

49 _ ئەگەر ھەقىقەت ئۇلار تەرىپىدە بولۇپ قالغاندا، ئۇلار پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان قىياپەتتە (يۈگۈرۈپ) كېلىشىدۇ.

50 _ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىللەت بارمۇ؟ يا ئۇلا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) شەك قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ، دەپ قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

51 _ (پەيغەمبەرنىڭ) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

52 _ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھتىن قورقسا ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر.

53 _ (مۇناپىقلار ساڭا) «سەن ئەگەر بىزنى (جىھادقا) چىقىشقا بۇيرۇساڭ، بىز چوقۇم چىقىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(يالغاندىن) قەسەم قىلماڭلار، سىلەرنىڭ ئىتائىتىڭلار چاغلىقتۇر. ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر».

54 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر باش تارتساڭلار، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە يۈكلەنگەن (دىننى يەتكۈزۈش) ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر، ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر».

55 _ ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (شۇنداق كىشىلەركى) ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

56 _ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

57 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

58 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇ) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرمەكچى بولسا) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەر ئۈچۈن ئەۋرەتتۇر (يەنى ئەۋرىتىڭلار ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئىجازەت سورىماي كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (ئادەتتە) سىلەر بىر _ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىرىپ _ چىقىپ تۇرىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

59 _ كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلارمۇ ئۆزىدىن چوڭلار (ئۆيگە كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

60 _ ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، ئېھتىيات قىلىپ يۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

61 _ (جىھادقا ئوخشاش كۆز، پۇت– قول ۋە بەدەن ساق بولمىسا قىلغىلى بولمايدىغان پەرز ئەمەللەرنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك قىلالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (شۇنداقلا بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەرگە ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نەرسە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، توپلىشىپ ياكى ئايرىم _ ئايرىم يېسەڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانلىق ۋە بەرىكەت تىلىكى بىلەن سالام بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

62 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن كىشىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار بىرەر ئىش ئۈستىدە پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىمىغۇچە ھەرگىز كېتىپ قالمايدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) شۇ سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار، ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بەزى شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، سەن ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

63 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر _ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غېيىپدە چىقىپ كەتكەنلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار چوڭ بىر بالاغا يولۇقۇشتىن ياكى قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

64 _ بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان–ئەتكەنلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

# فۇرقان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 77 ئايەت.

بەزى ئۆلىمالار 68 ـ، 69 ـ ۋە 70ـ ئايەتلىرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلارنىڭ تۈرلۈك يامانلىقلىرىغا قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 ـ 2ـ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۆزىگە خاس بولغان، بالىسى بولمىغان، پادىشاھلىقىدا شېرىكى بولمىغان، ھەر نەرسىنى يارىتىپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بېكىتكەن ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

3 ـ مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان، ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالالمايدىغان، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان، ئۆلتۈرۈشكە، ھاياتلىق بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان (باتىل) ئىلاھلارغا چوقۇندى.

4 ـ كاپىرلار: «بۇ (قۇرئان) پەقەتلا (مۇھەممەد ئۆزى) توقۇپ چىققان يالغاندۇر، ئۇنىڭ توقۇپ چىقىشىغا باشقا كىشىلەر ياردەم بەرگەن» دەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار يولسىزلىق قىلدى ۋە ئوپئوچۇق يالغاننى توقۇدى.

5 ـ ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ ئايەتلەر) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئۇ (باشقىلارغا) يازدۇرۇۋالغان، ئۇنىڭغا ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ».

6 ـ ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر».

7ـ 8ـ ئۇلار: «بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلسە، يا ئۇنىڭ بىر خەزىنىسى بولسا، يا ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر بېغى بولسا بولمامتى؟» دېيىشتى. بۇ زالىملار (مۇئمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى.

9 ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق كەلتۈرگەن مىساللىرىغا قارىغىن، ئۇلار راستىتىنلا ئازغۇنلۇقتا پاتتى، ئۇلار توغرا يول تاپالمايدۇ.

10 ـ ئاللاھ بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا، ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلىدۇ.

11 ـ ئۇلار (سېنى ئەيىبلەپلا قالمىدى) بەلكى قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق.

12 ـ دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە شىددەت بىلەن گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

13 ـ ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.

14 ـ (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ).

15 ـ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ ياكى تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، كىرگەنلەر مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىدۇر.

16 _ ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇش بىلەن بىللە خالىغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ رەببىڭدىن (ئىشقا ئاشۇرۇش) تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر.

17 _ ئاللاھ شۇ كۈندە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىنى يىغىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا: «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ ياكى توغرا يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ.

18 _ ئۇ مەبۇدلار (ژۇۋانغا كېلىپ) ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش بىزگە لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا – بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى».

19 _ (چوقۇنغۇچىلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر چوقۇنغان مەبۇدلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايسىلەر ۋە ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر، سىلەردىن كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابنى تېتىتىمىز».

20 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى. (ئى ئىنسانلار!) بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق. (بۇ سىناققا) بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟ رەببىڭ ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## ئون توققۇزىنچى پارە

21 _ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار: «بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلسە ياكى رەببىمىزنى كۆرسەك بولمامتى؟» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى ئۇلار ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ ساناپ كەتتى ۋە بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

22 _ ئۇلار پەرىشتىلەرنى كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈندە گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(خۇش خەۋەر ئاڭلاش سىلەرگە) ھارامدۇر» دەيدۇ.

23 _ بىز ئۇلارنىڭ قىلغان (بارلىق ياخشى) ئەمەلىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

24 _ جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ.

25 _ شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئارقىمۇئارقا چۈشىدۇ.

26 _ (مۇتلەق) ھاكىمىيەت بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھقا خاستۇر، بۇ كۈن كاپىرلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر كۈن بولىدۇ.

27 _ 29_ شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر ئىنسان) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! كاشكى، مەن پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! مەن پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھەقىقەتەن مېنى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىكەن» دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.

30 _ پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق (كىتابتەك) قىلىپ قويدى».

31 _ شۇنىڭدەك ھەربىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلارنىڭ ئىچىدىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق، (ساڭا) يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر.

32 _ كاپىرلار: «قۇرئان (مۇھەممەدكە) بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق (بۆلۈپ _ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق)، ئۇنى دانە _ دانە ئوقۇپ بەردۇق.

33 _ ئۇلار ساڭا قانداقلا بىر سوئالنى قويسۇن، بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق.

34 _ ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىپ توپلىنىدۇ. ئەنە شۇلار ئورنى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇن كىشىلەردۇر.

35 _ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات)نى ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ ئاكىسى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق.

36 _ ئۇلارغا: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار» دېدۇق. (ئۇ قەۋم كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن) ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتۇق.

37 _ نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا، ئۇلارنى غەرق قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق، (ئۇ) زالىملارغا (يەنە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

38 _ ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ زامانلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنىمۇ (كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق).

39 _ ھەربىر قەۋمگە (ھەقىقەتنىڭ دەلىل – پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ) مىساللارنى كەلتۈردۇق، (نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدۇق.

40 _ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) پالاكەت يامغۇرىغا ئۇچرىغان شەھەردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئەجەبا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىكى) تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ.

41 _ 42_ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى كۆرسىلا مەسخىرە نىشانى قىلىشىپ: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىغان بولساق، (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن» (دېيىشتى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىپ قالىدۇ.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە قارىمامسەن؟ سەن ئۇنداق ئادەمگە ھامىي بولالامسەن؟

44 _ ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر.

45 _ رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا، ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى. ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق.

46 _ ئاندىن ئۇ (سايە)نى ئاستا – ئاستا يىغىۋالدۇق.

47 _ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى يېپىنچا، ئۇيقۇنى ئىستىراھەت، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن) تارقىلىدىغان ۋاقىت قىلغان زاتتۇر.

48 _ 49_ ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر)نى ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

50 _ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئويلاپ ئىبرەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ تۇردۇق. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ) ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

51 _ ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر شەھەرگە بىردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتەتتۇق.

52 _ (سېنى زېمىن ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) سەن كاپىرلارغا بويسۇنمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.

53 _ ئاللاھ بىرى بەك تاتلىق، بىرى بەك تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى بىر _ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىلىپ قويۇۋەتكەن ۋە (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (كۆرۈنمەيدىغان) توسۇق ۋە مۇستەھكەم پاسىل بەرپا قىلغان زاتتۇر.

54 _ ئاللاھ ئىنساننى ئابىمەنىيدىن يارىتىپ، ئۇنى نەسەبلىك ۋە قۇدا _ باجىلىق قىلغان زاتتۇر. رەببىڭ ئەزەلدىن ھەممىگە قادىردۇر.

55 _ (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، كاپىر ئىنسان رەببىگە قارشى تۇرۇپ (شەيتانغا ياردەمچى بولۇپ) كەلدى.

56 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

57 _ سەن (ئۇلارغا): «مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت خالىغان كىشىلەرنىڭ رەببى تەرەپكە يول ئېلىشىنىلا تىلەيمەن» دېگىن.

58 _ ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تايانغىن، ئۇنى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر.

59 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن زاتتۇر. ئۇ رەھماندۇر. سەن بۇنى بىلىدىغان زاتتىن (يەنى ئاللاھتىن) سورىغىن.

60 _ ئۇلارغا: «رەھمانغا سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ بىز سەن بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. (بۇ سۆز) ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

61 _ ئاسماندا ئوربىتىلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

62 _ ئاللاھ ئىبرەت ئېلىشنى ياكى شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

63 _ رەھمان ئاللاھنىڭ (سالىھ)[1] بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «ئامان بولايلى» دەيدۇ (ۋە ئۆتۈپ كېتىدۇ).

64 _ ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

65 _ ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! جەھەننەم ئازابىنى بىزدىن يىراق قىلغىن، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابى دائىملىقتۇر.

66 _ جەھەننەم راستتىنلا يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر».

67 _ ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.

68 _ ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلاردىن بىرەرسى)نى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.

69 _ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ خارلانغان ھالدا ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

70 _ پەقەت تەۋبە قىلغان، (چىن دىلىدىن) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلار بۇ ھالدا قالمايدۇ). ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

71 _ كىمكى تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئاللاھقا تولۇق يۈزلەنگەن بولىدۇ.

72 _ ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، بىھۇدە سۆز _ ھەرىكەتلەرگە يولۇققاندا، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

73 _ ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز _ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ.

74 _ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن» دەيدۇ.

75 _ ئەنە شۇلار (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

76 _ ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

77 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. (ئى كاپىرلار!) سىلەر (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا قالىسىلەر».

---

[1] سالىھ— ئۆستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىگە لايىق ياشىغان مۇئمىن ئادەمدۇر.

## شۇئەرا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 227 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا تىل ئۇزاتقۇچىلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ تا، سىم، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

3 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك قىلىسەن.

4 _ ئەگەر بىز خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە چۈشۈرەتتۇق _ دە، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا (مەجبۇرىي) باش ئەگكەن بولاتتى.

5 _ ئۇلارغا رەھمان ئاللاھ تەرىپىدىن يېڭى بىر ئايەت چۈشسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

6 _ ئۇلار راستتىنلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى (ۋە مەسخىرە قىلدى). ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى (ئازابى) ئۇلارغا ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ.

7 _ ئۇلار زېمىندا قانچىلىغان تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكىمىزگە قاراپ باقمىدىمۇ؟

8 _ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار،  ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى.

9 _ سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن (ھەممىگە) غالىبتۇر، (بارچە مەخلۇقاتقا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

10 _ 11_ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ مۇساغا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلغان ئىدى: «سەن ئۇ زالىم قەۋمنىڭ — پىرئەۋن قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇلار (مېنىڭ جازايىمدىن) قورقىمامدۇ؟».

12 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنى يالغانچى دېيىشىدىن قورقىمەن.

13 _ (ئۇلار مېنى يالغانچى دېسە) مېنىڭ يۈرىكىم سىقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تىلىم راۋان ئەمەس، شۇڭا (ماڭا ھەمكارلاشسۇن ئۈچۈن) ھارۇنغىمۇ پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغىن.

14 _ (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن».

15 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ياق (ئۇنداق بولمايدۇ)، سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، شەكسىزكى، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، (ھەممىنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز.

16 _ سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: ‹بىز راستتىنلا ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمىز.

17 _ ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، ئۇلار بىز بىلەن كەتسۇن› دەڭلار».

18 _ (ئۇلار ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن (مۇساغا): «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيەلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟

19 _ سەن ھېلىقى قىلغۇلۇقۇڭنى قىلغانغۇ! (يەنى ئادەم ئۆلتۈرگەنغۇ!)، سەن تۇزكورلاردىن ئىكەنسەن» دېدى.

20 _ مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم.

21 _ سلەردىن قورقۇپ يېنىڭلاردىن قېچىپ كەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن رەببىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدى.

22 _ سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالدىڭ. سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلىۋاتقان ياخشىلىقىڭ ئەنە شۇدۇر».

23 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن نېمە؟».

24 _ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (ھەقىقەتكە) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر».

25 _ پىرئەۋن ئەتراپىدىكىلەرگە: «(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

26 _ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ئاتا _ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر».

27 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى راستتىنلا مەجنۇن ئىكەن».

28 _ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار (بىلىسىلەركى، ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر».

29 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن».

30 _ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر مەن ئوپئوچۇق بىر دەلىل كەلتۈرسەمچۇ؟».

31 _ پىرئەۋن: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن» دېدى.

32 _ مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ شۇ ھامان راست ئەجدىھاغا ئايلاندى.

33 _ مۇسا قولىنى (قويندىن) چىقىرىۋىدى، شۇ ھامان ئۇ قاراپ تۇرغانلارغا ئاپئاق (نۇر) بولۇپ كۆرۈندى.

34 _ 35_ پىرئەۋن ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارغا ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى. سىلەر (بۇ ھەقتە) ماڭا نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟».

36 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنىڭ ۋە قېرىندىشىنىڭ ئىشىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

37 _ ئۇلار سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئەڭ ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن».

38 _ سېھىرگەرلەر مۇئەييەن كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توپلاندى.

39 _ 40_ كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب چىقسا ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى.

41 _ سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

42 _ پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

43 _ مۇسا ئۇلارغا: «تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى.

44 _ ئۇلار: «پىرئەۋننىڭ قۇدرىتى بىلەن قەسەمكى، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ ئارغامچىلىرىنى، ھاسىلىرىنى تاشلىدى.

45 _ مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، شۇ ھامان (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

46 _ سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدىگە باردى.

47 _ 48_ ئۇلار: «ئالەملەرنىڭ رەببىگە _ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە _ ئىمان ئېيتتۇق» دېدى.

49 _ پىرئەۋن: «مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار. شەكسىزكى، ئۇ سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، سىلەر (مېنىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزۇنغا قالماي بىلىپ قالىسىلەر. قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ _ سول قىلىپ كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم (دارغا) ئاسىمەن» دېدى.

50 _ 51_ سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، بىز مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز يۈزىسىدىن، رەببىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

52 _  بىز مۇساغا: «سەن كېچىدە بەندىلىرىمنى ئېلىپ ئاتلانغىن، چۈنكى سىلەر قوغلىنىسىلەر» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

53 _ پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى.

54 _ (پىرئەۋن) «بۇلار پەقەتلا بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر.

55 _ ئۇلار راستتىنلا بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى.

56 _ بىز بولساق ئەلۋەتتە ھوشيار جامائەمىز» دېدى.

57 _ 58_ بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق.

59 _ شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق.

60 _ (پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى.

61 _ ئىككى توپ بىر _ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ھەمراھلىرى: «ئۇلار ئەمدى بىزگە يېتىشۋالىدىغان بولدى» دېدى.

62 _ مۇسا ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ».

63 _ بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى.

64 _ ئىككىنچى توپ (پىرئەۋننىڭ قوشۇنى)نى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق.

65 _ مۇسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق.

66 _ ئاندىن ئىككىنچى توپنى سۇغا غەرق قىلدۇق.

67 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار. (شۇنداق تۇرسىمۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ) كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

68 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (كاپىرلارنى جازالاشتا) غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇشتا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

69 _ ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن.

70 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟» دېدى.

71 _ ئۇلار: «بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىمىز ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشتى.

72 _ ئىبراھىم ئېيتتى: «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار ئاڭلامدۇ؟

73 _ يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ ياكى زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟».

74 _ ئۇلار ئېيتتى: «ياق (ئۇنداق قىلالمايدۇ)، لېكىن بىز ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق».

75 _ 76_ ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ۋە سىلەردىن بۇرۇن ئەجدادلىرىڭلارنىڭ نېمىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟

77 _ شەكسىزكى، (سىلەر چوقۇنغان) ئۇ نەرسىلەر مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىلا ئۇنداق ئەمەس.

78 _ ئۇ مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان زاتتۇر.

79 _ ماڭا تائام ۋە ئۇسسۇلۇق بېرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

80 _ ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

81 _ مېنى ۋاپات قىلدۇرىدىغان، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

82 _ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

83 _ ئى رەببىم! ماڭا ئىلىم _ ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشقىن.

84 _ كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

85 _ مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن.

86 _ ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى.

87 _ (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن.

88 _ ئۇ كۈندە مال _ دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

89 _ پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (پايدا تاپىدۇ)».

90 _ جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

91 _ دوزاخ ئازغۇنلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

92 _ 93_ ئۇلارغا: «سىلەر ئىلگىرى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرى ياردەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ.

94 _ 95_ ساختا مەبۇدلار، (ئۇلارغا چوقۇنغان) ئازغۇنلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى _ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.

96 _ 97_ ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن ئىكەنمىز.

98 _ (ئى ساختا ئىلاھلار!) ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى ئالەملەرنىڭ رەببى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغان ئىكەنمىز.

99 _ بىزنى پەقەت ئاشۇ گۇناھكارلار ئازدۇرغان ئىكەن.

100 _ 101_ شۇڭا ئەمدى بىزگە ھېچقانداق شاپائەتچى يوق، يېقىن دوستمۇ يوق.

102 _ كاشكى، بىزگە (دۇنياغا) قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق».

103 _ شەكسىز، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە، كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار ئىدى، (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

104 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (ئىنكارچىلارنى جازالاشتا) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

105 _ نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.

106 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى نۇھ: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟

107 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك بىر ئەلچىمەن.

108 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

109 _ مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن.

110 _ شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئىدى.

111 _ ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى.

112 _ نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايمەن.

113 _ ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت رەببىم ئۈستىگە ئالغان.

114 _ مەن مۇئمىنلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن.

115 _ مەن پەقەت ئوچۇق _ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

116 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (بۇ دەۋىتىڭدىن) ۋاز كەچمىسەڭ، سەن چوقۇم تاش _ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىسەن».

117 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن يالغانچى دېدى.

118 _ سەن ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن».

119 _ بىز ئۇنى ۋە (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

120 _ (ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن) كېيىن، ئاندىن قالغانلارنى سۇدا غەرق قىلدۇق.

121 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار ئىدى، (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

122 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (كاپىرلارنى جازالاشتا) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

123 _ ئاد قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.

124 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى ھۇد مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟

135 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك بىر ئەلچىمەن.

126 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

127 _ مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن.

128 _ سىلەر ھەربىر ئېگىز جايغا بىر قەسىر بىنا قىلىپ ئويۇن _ تاماشا قىلامسىلەر؟

129 _ دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟

130 _ بىراۋنى جازالىساڭلار، شەپقەتسىزلەرچە جازالايسىلەر.

131 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

132 _ سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن ھېچ مەخپىي قالمايدىغان (تۈرلۈك) نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

133 _ 134_ ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى.

135 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن».

136 _ ئۇلار ئېيتتى: «سەن نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن، بىزگە بەرىبىر ئوخشاش.

137 _ بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت.

138 _ بىز ھەرگىز جازالانمايمىز».

139 _ ئۇلار ئۇنى يالغانچى دېۋىدى، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى.

140 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (كاپىرلارنى جازالاشتا) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

141 _ سەمۇد قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.

142 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟

143 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك بىر ئەلچىمەن.

144 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

145 _ مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن.

146 _ 148_ سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟

149 _ ئۇستىلىق بىلەن تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسامسىلەر؟

150 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

151 _ 152_ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار».

153 _ ئۇلار ئېيتتى: «سەن راستتىنلا سېھىرلىنىپسەن.

154 _ سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟».

155 _ سالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (قۇدۇق سۈيىدىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر.

156 _ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قالىسىلەر».

157 _ ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇشايماندا قالدى.

158 _ (ئاگاھلاندۇرۇلغان) ئازاب ئۇلارغا چۈشتى. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى.

159 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (دۈشمەنلىرىگە) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

160 _ لۇتنىڭ قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.

161 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟

162 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك بىر ئەلچىمەن.

163 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

164 _ مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن.

165 _ 166_ رەببىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ، (بەچچىۋازلىق قىلىپ) ئىنسانلار ئىچىدىن ئەرلەرگە كېلەمسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم ئىكەنسىلەر».

167 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى لۇت! ئەگەر (بۇ دەۋىتىڭدىن) توختىمىساڭ، چوقۇم سۈرگۈن قىلىنىسەن».

168 _ لۇت ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ قىلىقىڭلاردىن قاتتىق يىرگىنىمەن.

169 _ ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى (تۈپەيلىدىن ئۇلارغا كېلىدىغان ئازاب)دىن مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن».

170 _ 171_ بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولىدىغانلار ئىچىدە قېلىپ قالغان قېرى ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق.

172 _ ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق.

173 _ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

174 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار ئىدى، (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

175 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (ئىنكارچىلارنى جازالاشتا) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

176 _ ئەيكەلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى.

177 _ ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟

178 _ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك بىر ئەلچىمەن.

179 _ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

180 _ مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن.

181 _ ئۆلچەمنى توشقۇزۇپ بېرىڭلار، (كىشىلەرنىڭ ھەققىنى) كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار.

182 _ توغرا تارازىدا تارتىڭلار.

183 _ كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە _ پاسات تېرىماڭلار.

184 _ سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئىنسانلارنى ياراتقان ئاللاھتىن قورقۇڭلار».

185 _ ئۇلار ئېيتتى: «سەن راستتىنلا سېھىرلىنىپ قالغانلاردىن ئىكەنسەن.

186 _ سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، سېنى بىز ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز.

187 _ ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن».

188 _ شۇئەيب ئېيتتى: «رەببىم سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ».

189 _ ئۇلار شۇئەيبنى يالغانچى دېدى _ دە، ئۇلارنى سايە[1] كۈنىنىڭ ئازابى قورشىدى. ھەقىقەتەن ئۇ بۈيۈك بىر كۈنىنىڭ ئازابى ئىدى.

190 _ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە چوڭ بىر ئىبرەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى.

191 _ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (دۈشمەنلىرىنى جازالاشتا) مۇتلەق غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

(1) ئەيكەلىكلەر قاتتىق ئىسسىقتا قالغان بولۇپ، بۇ ئىسسىق يەتتە كۈن داۋام قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىر بۇلۇت پەيدا بولغان. ئۇلار سايىداش ئۈچۈن ھەممىسى بۇلۇتنىڭ ئاستىغا توپلانغاندا، ئوت چۈشۈپ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ( تەپسىرى رازى24/12، 165) .

192 _ شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

193 _ 195_ (ئى پەيغەمبەر!) ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىشەنچلىك (پەرىشتە) جىبرىل سېنىڭ قەلبىڭگە روشەن ئەرەب تىلىدا ئېلىپ چۈشتى.

196 _ ھەقىقەتەن ئۇ (قۇرئان) ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغاندۇر.

197 _ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى) بىلىشى مۇشرىكلارغا دەلىل بولالمامدۇ؟

198 _ 199_ ئەگەر بىز ئۇ (قۇرئان)نى ئەرەب بولمىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ يەنە ئىشەنمەيتتى.

200 _ شۇنىڭدەك، گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا ئىنكارچىلىقنى سىڭدۈرۈۋەتتۇق.

201 _ ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

202 _ (ئۇ ئازاب) ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار (ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ.

203 _ (شۇ چاغدا) ئۇلار: «بىزگە (ئىمان ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن) مۆھلەت بېرىلەمدىغاندۇ؟» دېيىشىپ كېتىدۇ.

204 _ ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىگە ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟

205 _ 207_ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى يىللارچە (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەر نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟

208 _ 209_ قانداقلىكى شەھەر بولسۇن، ۋەز _ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، بىز ئەسلا ئۇۋال قىلغۇچى بولمىدۇق.

210 _ قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق.

211 _ بۇ ئۇلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس. زادى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

212 _ چۈنكى ئۇلار ئوغرىلىقچە (ۋەھيىنى) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغان.

213 _ ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى قوشۇپ ئىبادەت قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئازابقا قالىدىغانلاردىن بولۇپ قالىسەن.

214 _ (ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.

215 _ ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن.

216 _ ئەگەر ئۇلار ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن بىزارمەن» دېگىن.

217 _ 220_ سېنىڭ (تەھەججۇد نامىزىغا) تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھالىتىڭنى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، مۇتلەق غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھقا تايانغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

221 _ مەن سىلەرگە شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

222 _ ئۇلار ھەربىر تۆھمەتخور گۇناھكارغا چۈشىدۇ.

223 _ ئۇلار ئۇنىڭغا (ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان) گەپلەرنى يەتكۈزىدۇ، ئۇ شەيتانلارنىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر.

224 _ شائىرلارغا ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ.

225 _ 226_ ئۇلارنىڭ ھەر ۋادىدا تېڭىرقاپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

227 _ پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان [1] شائىرلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ.

(1) بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنى سۆكۈپ شېئىر ئېيتقان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنى يەڭگەن مۇسۇلمان شائىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## نەمل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 93 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك مۆجىزىنى ئاتا قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشنى ۋە دىننى يەتكۈزۈش يولىدا چىدامچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ تا، سىن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار قۇرئاننىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر،

2 _ 3_ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە چىن ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن بىر ھىدايەتتۇر ۋە خۇش خەۋەردۇر.

4 _ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرسەتتۇق. شۇڭا، ئۇلار (ئازغۇنلۇقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.

5 _ ئەنە شۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ئاشۇلاردۇر.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

7 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئائىلىسىگە: «مەن ھەقىقەتەن بىر ئوت كۆردۈم، مەن (بېرىپ) سىلەرگە ئۇ يەردىن (يول توغرۇلۇق) بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەي» دېگەن ئىدى.

8 _ مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە (مۇنداق) ندا قىلىندى: «ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىگە ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىندى. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ پاكتۇر.

9 _ ئى مۇسا! شەكسىزكى، مەن مۇتلەق غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتۇرمەن.

10 _ ھاساڭنى تاشلىغىن!». مۇسا (ھاسىسىنى تاشلىغاندىن كېيىن) ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى، (قورققىنىدىن) كەينىگە قارىيالمىدى. (ئاللاھ ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن، شەكسىزكى، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر قورقمايدۇ.

11 _ پەقەت كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىپ، ئاندىن (تەۋبە قىلىپ) يامان قىلمىشلىرىنى تاشلاپ، ياخشى ئىش قىلسا، ھەقىقەتەن مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىبانمەن.

12 _ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئەيىبسىز ھالدا ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمدۇر».

13 _ ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز (ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق) نامايان قىلغان ھالدا كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

14 _ ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە دىلىدا شەكسىز ئىشەنگەن تۇرۇپ، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

15 _ ھەقىقەتەن بىز داۋۇدقا ۋە سۇلەيمانغا ئىلىم ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇلار: «ئاللاھقا شۈكۈركى، ئۇ بىزنى نۇرغۇنلىغان مۇئمىن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلدى» دېدى.

16 _ سۇلەيمان (ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى بىلدۈرۈلدى ۋە (ئېھتىياجلىق بولغان) ھەممە نەرسە بېرىلدى. بۇ ئەلۋەتتە، (ئاللاھتىن كەلگەن) ئوپئوچۇق ئېھساندۇر» دېدى.

17 _ سۇلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى. ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

18 _ ئۇلار چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! (دەرھال) ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يانچىۋەتمىسۇن».

19 _ سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا _ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن».

20 _ سۇلەيمان قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! يا ئۇ يوقمۇ؟

21 _ ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىمەن ياكى ئۇ چوقۇم (ئۆزرىسىنى كۆرسىتىپ) بىرەر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ».

22 _ ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى ۋە ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن بىر ئىشنى بىلىپ كەلدىم، ساڭا سەبەئ (قەبىلىسى) توغرىسىدا ئىشەنچلىك بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

23 _ مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا پادىشاھلىق قىلىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭغا (سەلتەنەتكە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭ تەختكە ئىگە ئىكەن.

24 _ ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. (ئېنىقكى) شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسۇپتۇ، شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ.

25 _ (شەيتان) ئۇلارنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان (بارلىق) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سەجدە قىلمىسۇن (دەپ شۇنداق ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ).

26 _ ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر».

27 _ سۇلەيمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز.

28 _ بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا) تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (ئۆز ئارىسىدا) نېمە دېيىشىدىغانلىقىغا قارىغىن».

29 _ 30_ (سۇلەيماننىڭ خېتىنى ئالغان سەبەئ مەلىكىسى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭدا) ‹ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

31 _ سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا بويسۇنغان ھالدا كېلىڭلار› (دەپ يېزىلىپتۇ)».

32 _ (بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىم توغرىسىدا ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، مەن سىلەرنى قاتناشتۇرماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى بېكىتكىنىم يوق».

33 _ ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز. قانداق قىلىش يەنىلا سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر. بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن».

34 _ (بىلقىس) ئېيتتى: «شۇ ئېنىقكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە (ھۇجۇم قىلىپ) كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى خار قىلىدۇ. (بەلكىم) ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

35 _ مەن ئۇلارغا سوۋغات ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن».

36 _ ئەلچى سۇلەيماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلەيمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا پۇل _ مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بېرىدىغانلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر. بەلكىم سىلەر سوۋغىتىڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتەرسىلەر.

37 _ (ئى ئەلچى!) سەن (سوۋغىتىڭنى ئېلىپ) قايتىپ كەتكىن. بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن هالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز».

38 _ (ئاندىن سۇلەيمان) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، قايسىڭلار ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىسىلەر؟».

39 _ جىنلاردىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى ئېيتتى: «مەن ئۇنى سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بولغۇچە ساڭا ئېلىپ كېلىپ بولىمەن. مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، (ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئامانەتكە) ئىشەنچلىكمەن».

40 _ (ساماۋى) كىتابتىن مەلۇماتى بار بىرسى: «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىپ بولىمەن» دېدى (راستتىنلا ئېلىپ كەلدى). سۇلەيمان ئۇ تەختنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ھەقىقەتەن رەببىم (ھەممىدىن) بىھاجەت، پەزل-كەرەمى كەڭ زاتتۇر» دېدى.

41 _ (سۇلەيمان بىلقىسنى سىناش ئۈچۈن، ئادەملىرىگە) ئېيتتى: «ئۇنىڭ تەختىنى ئۆزگەرتىۋېتىڭلار، ئۇنى تونۇيالامدۇ ياكى تونۇيالمامدۇ، قاراپ باقايلى».

42 _ بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمىدى؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلەيمان ئېيتتى) «بىزگە مۇندىن بۇرۇنلا ئىلىم بېرىلگەن، بىز مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق».

43 _ ئۇنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇنى (بىرگىنىگىچە ھەق دىنىدىن) توسۇپ قويغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى.

44 _ ئۇنىڭغا: «قەسىرگە كىرىڭ!» دېيىلدى، ئۇ قەسىرنى كۆرگەندە ئۇنى چوڭقۇر سۇ دەپ ئويلاپ (ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى. (سۇلەيمان ئۇنىڭغا): «بۇ ھەقىقەتەن ئەينەكتىن ياسالغان قەسىردۇر» دېدى. (بىلقىس) ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن (سېنى تونۇماي) ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىپتىكەنمەن، ئەمدى سۇلەيمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بويسۇندۇم (يەنى ئىمان ئېيتتىم)».

45 _ بىز ھەقىقەتەن سەمۇد قەۋمىگە قېرىندىشى سالىھنى «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار» (دەپ دەۋەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق. (ئۇ دەۋەت قىلىنىۋىدى) شۇ ھامان ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ جېدەللىشىپ كەتتى.

46 _ سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر نېمىشقا ئىمان ئېيتىشنى قويۇپ، كۇفرىلىققا ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر؟ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىمەيسىلەر؟».

47 _ ئۇلار ئېيتتى: «(بېشىمىزغا كەلگەنلەر) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى». سالىھ ئېيتتى: «بېشىڭلارغا كېلىدىغىنى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ، بەلكى سىلەر سىنىلىۋاتقان بىر قەۋمسىلەر».

48 _ (ھىجر[1]) شەھىرىدە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلمايدىغان توققۇز ئادەم بار ئىدى.

49 _ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشايلى، بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىگە _ چاقىسىغا: ‹ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇ جايدا يوق ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راست گەپ قىلىۋاتىمىز› دەيلى» دېيىشتى.

50 _ ئۇلار شۇنداق بىر سۇيىقەست پىلانلىۋىدى، بىز ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تۇيدۇرمايلا بىتچىت قىلىۋەتتۇق.

[1] ھىجر - ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ ئىسمى.

51 _ ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق.

52 _ مانا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەمسىز قالغان ئۆيلىرى! شەكسىزكى، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

53 _ ئىمان ئېيتقان ۋە (ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ساقلانغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

54 _ لۇتنىمۇ (ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە: «سىلەر قاراپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟

55 _ سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلەپىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ سىلەر ئىنتايىن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېگەن ئىدى.

## يىگىرمىنچى پارە

56 _ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى پاك ھېسابلايدىغان ئىنسانلاردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

57 _ بىز ئۇنى ۋە ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇ (ئايال)نى ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن قىلدۇق.

58 _ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

59 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئامانلىق ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە بولسۇن!» ئاللاھ ياخشىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىمۇ؟

60 _ (ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ) ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتقىمۇ؟ ئاشۇ يامغۇر بىلەن سىلەرنىڭ بىر تال دەرىخىنى ئۆستۈرۈشمۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). بەلكى ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر.

61 _ (ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ)  ياكى زېمىننى تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە تاغلارنى ئورناتقان، (بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق) ئىككى دېڭىز ئارىسىدا توسۇق پەيدا قىلغان زاتقىمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ.

62 _ (ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ) ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى يەر يۈزىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان زاتقىمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). سىلەر تولىمۇ ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر.

63 _ (ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ) ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتى (بولغان يامغۇر)دىن ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتقىمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

64 _ (ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ) ياكى (مەخلۇقاتنى) دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان، سىلەرنى ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىقلاندۇرىدىغان زاتقىمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

65 _ يەنە ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ»، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

66 _ بەلكى ئاخىرەتتە (ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ) ئۇلارنىڭ ئىلمى تاكامۇللىشىدۇ. (بۇ دۇنيادا) ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق شەك ئىچىدىدۇر، بەلكى (ئۇلارنىڭ كۆزلىرى) بۇ ھەقتە كوردۇر.

67 _ كاپىرلار: «بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىمىز توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ قەبرىمىزدىن) چوقۇم چىقىرىلامدۇق؟

68 _ ھەقىقەتەن بىز ۋە ئاتا _ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق. بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

69 _ (ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا) «يەر يۈزىنى كېزىپ، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دېگىن.

70 _ سەن ئۇلار سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكرىدىن ئىچىڭ سىقىلمىسۇن.

71 _ ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىللاردىن بولساڭلار، (سىلەر بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان) شۇ ئازاب قاچان چۈشىدۇ؟» دەيدۇ.

72 _ ئېيتقىنكى، «سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى يېقىندا بېشىڭلارغا كېلىشى مۇمكىن».

73 _ شەكسىزكى، رەببىڭ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر (شۇڭا ئازابنى كېچىكتۈردى)، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ.

74 _ ھەقىقەتەن رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

75 _ ئاسمان _ زېمىندا روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق.

76 _ شەكسىزكى، بۇ قۇرئان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلاشقان نەرسىلىرىنىڭ تۇرغۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

77 _ ئۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.

78 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (قىيامەت كۈنى) ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

79 _ سەن ئاللاھقا تايانغىن، شەكسىزكى، سەن ئوپئوچۇق ھەقىقەت ئۈستىدىسەن.

80 _ ئەلۋەتتە سەن (دەۋىتىڭنى) ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن، (سەندىن) ئۆزىنى قاچۇرغان گاسلارغىمۇ ئاڭلىتالمايسەن.

81 _ (دىلى) كورلارنى ئازغۇنلۇقىدىن (چىقىرىپ) ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگۈچى سەن ئەمەسسەن. سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن.

82 _ ئۇلارغا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئەمەلگە ئاشقان چاغدا، ئۇلارغا زېمىندىن بىر مەخلۇقنى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

83 _ (قىيامەت) كۈندە ھەر ئۈممەتتىنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى توپلايمىز _ دە، ئۇلار توپلانغان پېتى (ھېساب مەيدانىغا) ھەيدىلىدۇ.

84 _ ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا) كەلگەن چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ ئايەتلىرىمنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر زادى نېمە قىلغانتىڭلار؟» دەيدۇ.

85 _ ئۇلار (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولدى. شۇڭا، ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئاقلىيالمايدىغانلىقى ئۈچۈن) گەپ قىلالماي قالىدۇ.

86 _ ئۇلار كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى، كۈندۈزنى يورۇق قىلغانلىقىمىزنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

87 _ سۇر چېلىنغان كۈندە ئاللاھ خالىغانلاردىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ.

88 _ سەن تاغلارغا قاراپ ئۇلارنى تۇرغۇن ھالەتتە دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. (بۇ) ھەممە نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

89 _ كىمكى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ.

90 _ كىمكى يامان ئىش بىلەن كەلسە، مۇنداقلار يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازالىنىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

91 _ 92_ (ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت بۇ شەھەر (مەككە مۇكەررەمە)نىڭ رەببىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، قۇرئاننى (ئىنسانلارغا) ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم». كىمكى (قۇرئاننىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىپ) توغرا يولغا كىرىدىكەن، بۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازىدىكەن، سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن».

93 _ (ئى پەيغەمبەر!) يەنە ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر ئۇ دەلىللەرنى تونۇيسىلەر، رەببىڭ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

# قەسەس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 88 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ 85 _ ئايىتىنىڭ ھىجرەت ئەسناسىدا مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا، 52 _ ۋە 55 _ ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، زالىملارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت قانۇنىيىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كۈچ – قۇۋۋەت ۋە ئەخلاق –پىرىنسىپىنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ تا، سىن، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر .

3 _ (ئى پەيغەمبەر! قۇرئانغا) ئىشىنىدىغان قەۋم (نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن، ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىمىز .

4 _ شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن (ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت) بىر تەبىقىنى بوزەك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تىرىك قالدۇردى. چۈنكى پىرئەۋن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى .

5 _ 6_ بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى يولباشچى قىلىشنى، ئۇلارنى (پىرئەۋننىڭ مۈلۈكىگە) ۋارىس قىلىشنى، ئۇلارنى ئۇ زېمىندا كۈچ _ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشنى، پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلاردىن (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى تەرىپىدىن كېلىدۇ، دەپ) ئەنسىرىگەن نەرسىسىنى كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق.

7 _ مۇسانىڭ ئانىسىغا: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا قويۇپ بەرگىن، (ئۇنىڭدىن) ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن، ئۇنى چوقۇم ساڭا قايتۇرىمىز ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» دەپ ئىلھام قىلدۇق.

8 _ پىرئەۋن تەۋەلىرى كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) بولۇپ قالىدىغان (بوۋاق) مۇسانى (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى.

9 _ پىرئەۋننىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇقمايتتى.

10 _ مۇسانىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى، ئەگەر بىز ئۇنى (ۋەدىمىزگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋر بىلەن) كۈچلەندۈرمىگەن بولساق، ئۇ ئۇنى (يەنى مۇسانىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى) ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى.

11 _ ئانىسى مۇسانىڭ ئاچىسىغا: «ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكىن» دېدى. ئاچىسى ئۇلارغا تۇيدۇرماستىن، مۇسانى يىراقتىن كۆزىتىپ ماڭدى.

12 _ (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى ئىنىكئانىلارنى ئېمىشتىن مەھرۇم قىلغان ئىدۇق. (مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇلارغا) ئېيتتى: «سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ».

13 _ ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.

14 _ مۇسا ئۆسلۆپ يېتىلىپ ئەقلى توشقاندا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

15 _ مۇسا شەھەر ئاھالىسى غەپلەتتىكى بىر ۋاقىتتا شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنىدىن ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى (مۇشت بىلەن بىرنى) ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر».

16 _ مۇسا: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن» دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

17 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن».

18 _ مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، دەل شۇ ۋاقىتتا تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بۇ قېتىم باشقا بىر قىبتىگە قارشى) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن راستىنلا ئوپئوچۇق بىر ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن» دېدى.

19 _ مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەمگە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم (مۇسا مېنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ): «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن. سەن زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى.

20 _ بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، (شەھەردىكى) كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە، ساڭا ياخشى مەسلىھەت بەرگۈچىلەردىنمەن» دېدى.

21 _ مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى.

22 _ مۇسا مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «رەببىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى.

23 _ ئۇ مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار (ماللىرىنى سۇغىرىپ بولۇپ) كەتمىگۈچە، بىز سۇغىرالمايمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى.

24 _ مۇسا ئۇلارغا (قويلىرىنى) سۇغىرىشىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «ئى رەببىم! سەن ماڭا چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق بىر ياخشىلىققا مەن ھەقىقەتەن موھتاجمەن» دېدى.

25 _ ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇ (قىزلارنىڭ ئاتىسى شۇئەيب) نىڭ قېشىغا كېلىپ (بېشىدىن ئۆتكەن) قىسسىنى سۆزلەپ بەردى. (شۇئەيب): «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى.

26 _ ئىككى قىزنىڭ بىرى: «ئى ئاتا! ئۇنى سەن ياللاپ ئىشلەتكىن، ھەقىقەتەن سەن ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (مۇشۇنداق) كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغىنىدۇر» دېدى.

27 _ شۇئەيب ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ ئۇمۇ ئىختىيارىڭ، مەن سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن».

28 _ مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر».

29 _ مۇسا مۇددەتنى توشقۇزۇپ بولۇپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ يولغا چىققان چېغىدا، ئۇ تۇر تېغى تەرەپتە بىر ئوتنى كۆردى، ئۇ ئايالىغا: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھەقىقەتەن (يىراقتىن) بىر ئوتنى كۆرۈپ قالدىم، بەلكى ئۇ يەردىن سىلەرگە بىرەر خەۋەر ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەرمەن» دېدى.

30 _ مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىدىكى مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن.

31 _ سەن ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ نىدا كەلدى. مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىيالمىدى، (بۇ چاغدا مۇنداق نىدا كەلدى): «ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن. سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن.

32 _ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئەيىبسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچتىن (ئېچىلغان) قولىرىڭنى يىغىۋالغىن، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ (قەۋمىنىڭ) كاتتىباشلىرىغا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن (يولدىن ئازغان) پاسىق قەۋم ئىدى».

33 _ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن.

34 _ قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋان، شۇڭا ئۇنى مېنى (قوللاپ پەيغەمبەرلىكىمنى) ئىسپاتلايدىغان ياردەمچى قىلىپ مەن بىلەن ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى يالغانچى دېيىشىدىن ئەنسىرەيمەن».

35 _ ئاللاھ ئېيتتى: «سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز، ئىككىڭلارغا شۇنداق كۈچلۈك پاكىت ئاتا قىلىمىزكى، ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر بىلەن بىز بەرگەن مۆجىزىلەر ئارقىلىق چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر».

36 _ مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز ئىلگىرىكى ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدا بۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق» دېدى.

37 _ مۇسا ئېيتتى: «رەببىم ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شەكسىزكى، (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ».

38 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، بەلكى مەن (ئۇنىڭغا چىقىپ) مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆزىتىشىم مۇمكىن، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن يالغانچىلاردىن دەپ ئويلايمەن».

39 _ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا يولسىزلىق قىلىپ كۆرەڭلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلاشتى.

40 _ نىھايەت، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالاپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق. (ئى پەيغەمبەر!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

41 _ ئۇلارنى بىز دوزاخقا چاقىرىدىغان باشلامچىلار قىلدۇق، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

42 _ بىز ئۇلارنى بۇ دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدۇق. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر.

43 _ شۈبھىسىزكى، بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا ئۇلار ئۈچۈن نۇر، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتابنى بەردۇق.

44 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغانىدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ.

45 _ ئەمما بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى يارىتقا كەلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى. سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچى بولۇپ تۇرغانمۇ ئەمەسسەن، لېكىن (ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ساڭا) بىز ئەۋەتتۇق.

46 _ بىز (مۇساغا) سۆز قىلغان چاغدا سەن تۇر تېغىنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. لېكىن (سېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىڭ) سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ۋەز _ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن بىر رەھمەتتۇر.

47 _ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بىرەر خاپىلىق كەلسە، «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق).

48 _ ئەمما ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت كەلگەندە، ئۇلار: «ئۇنىڭغىمۇ مۇساغا بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلسە بولماامتى؟» دېدى. ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار: «(تەۋرات بىلەن قۇرئان) بىر _ بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىككى سېھىردۇر» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىز ئەلۋەتتە (بۇ ئىككى كىتابنىڭ) ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېدى.

49 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بىرەر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي».

50 _ ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بېرەلمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

51 _ ئۇلارنى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ ئىلاھىي سۆز (قۇرئان)نى ئۇلارغا ئۇزۇلدۈرمەي چۈشۈرۈپ تۇردۇق.

52 _ قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەنلەر (ئارىسىدىكى مۇئمىنلەر) قۇرئانغىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ.

53 _ ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شەكسىزكى ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ.

54 _ ئەنە شۇلارغا سەۋر _ تاقىتى يۈزىسىدىن ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.

55 _ ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سالام سىلەرگە، بىز نادانلاردىن (دوستلۇق) ئىزدىمەيمىز» دەيدۇ.

56 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

57 _ ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن بىللە توغرا يولغا ماڭىدىغان بولساق، يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى. بىز ئۇلارنى تىنچ، بىز تەرەپتىن رىزىق قىلىپ بېرىلگەن تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدىغان ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

58 _ بىز ئاھالىسى كەيىپ _ ساپالىق تۇرمۇشتىن خۇدىنى يوقاتقان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى. ئۇلار (ھالاك بولغان)دىن كېيىن، (ئۇ جايلاردا) ئازغىنە ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئادەم تۇرغان ئەمەس. (ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىي) ۋارىسى بىزدۇرمىز.

59 _ رەببىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇ شەھەرلەرنى ھالاك قىلغان ئەمەس. بىز ئاھالىسى (بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان شەھەرلەردىن باشقىسىنى ھالاك قىلمىدۇق.

60 _ سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلسۇن، (ئۇ پەقەت) دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ مەڭگۈلۈكتۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

61 _ بىز ياخشى ۋەدە بەرگەن ۋە (ئاخىر) ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىدىغان ئادەم بىز دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر _ ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى (ئازابقا) ھازىر قىلىنىغانلار قاتارىدىن بولىدىغان ئادەمگە ئوخشاشمۇ؟

62 _ شۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ.

63 _ ئازابقا لايىق بولغانلار: «ئى رەببىمىز! ئەنە شۇلار بىز ئازدۇرغان كىشىلەردۇر. بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق. (ئى رەببىمىز!) بىز ئەمدى (ئۇلاردىن) يىراقلىشىپ ساڭا سىغىنىدۇق. ئۇلار ئەسلىدە بىزگە چوقۇنمايتتى (ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇناتتى)» دېيىشىدۇ.

64 _ ئۇلارغا: «(ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ؛ ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاشكى، دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا) توغرا يولغا ئەگەشكەن بولساقچۇ! دېيىشىپ كېتىدۇ.

65 _ ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟»

66 _ ئۇ كۈندە ئۇلارغا (ئۆمىد بېرىدىغان بارلىق) خەۋەرلەر ئۆزۈلگەن بولىدۇ، (ھەتتا) ئۇلار ئۆزئارا سورىشالمايدۇ.

67 _ تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر.

68 _ رەببىڭ خالىغىنىنى يارىتىدۇ ۋە (خالىغىنىنى) تاللايدۇ. ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

69 _ رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

70 _ ئۇ يەككە _ يېگانە ئاللاھتۇر، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

71 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمامسىلەر؟».

72 _ ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئالىدىغان كېچىنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) كۆرمەمسىلەر؟».

73 _ سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (تىرىكچىلىك قىلىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقانلىقى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر.

74 _ ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ.

75 _ (ئۇ كۈندە) بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا) گۇۋاھچى (قىلىپ) چىقىرىمىز، ئاندىن (ئۇ ئۈممەتكە): «قېنى پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!» دەيمىز، ئۇلار شۇ چاغدىلا ھەقىقەتنىڭ پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (ساختا مەبۇدلىرى) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ.

76 _ ھەقىقەتەن قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلدى، بىز ئۇنىڭغا خەزىنىلەردىن شۇنچىلىك كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇنىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى (نى كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، شەكسىزكى، ئاللاھ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

77 _ ئاللاھ ساڭا بەرگەن (مال-دۇنيا) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ».

78 _ قارۇن: «مەن بۇ بايلىققا پەقەت مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن ئېرىشتىم» دېدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان پۇل _ مېلى تېخىمۇ كۆپ بولغانلارنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ (ئاللاھ بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

79 _ قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگىمۇ قارۇنغا بېرىلگەندەك (بايلىق) بېرىلسىچۇ، شەكسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن چوڭ بىر نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى.

80 _ ئىلىملىك كىشىلەر: «ئىسىت سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ (بېرىدىغان) مۇكاپاتى (ھەممىدىن) ياخشىدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت (تائەت _ ئىبادەتتە) چىدامچان بولغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ» دېدى.

81 _ نىھايەت، قارۇننى ئۇنىڭ ئۆي _ جايى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى، قارۇن ئۆزىمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىدى.

82 _ تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار: «مانا، كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭكىنى) تار قىلىدىكەن، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنىمۇ ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، مانا كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىكەن» دېيىشكە باشلىدى.

83 _ ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىدۇر. بىز ئۇنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ئەڭ ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

84 _ كىمكى (بۇ ئاخىرەت يۇرتىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

85 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قۇرئاننى (يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى قايتىدىغان يەر (مەككە)گە قايتۇرىدۇ، ئېيتقىنكى، «كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ».

86 _ ئىلگىرى سەن قۇرئاننىڭ ساڭا ۋەھيى قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدى)، سەن كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن.

87 _ ساڭا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، (كاپىرلار) سېنى ئۇ ئايەتلەر (گە ئەمەل قىلىش)دىن ھەرگىز توسۇپ قويمىسۇن. (كىشىلەرنى) رەببىڭگە دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن.

88 _ ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر (ساختا) ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

## ئەنكەبۇت سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 69 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: سىناقلارغا، پىتنىلەرگە ۋە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئۈندەش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل نەتىجىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟

3 _ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ بىز ھەقىقەتەن سىنىغان. ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

4 _ يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!

5 _ كىمكى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

6 _ كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ جاھان ئەھلىدىن بىھاجەتتۇر.

7 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم ئۆچۈرۈۋېتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز.

8 _ ئىنساننى ئاتا _ ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئەگەر ئاتا _ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەرنىڭ قايتىشىڭلار مەن تەرەپكىدۇر. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.

9 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز.

10 _ بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ، ئەگەر رەببىڭدىن بىر مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ھەركىمنىڭ قەلبىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدىغان زات ئەمەسمۇ؟

11 _ ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

12 _ (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا: «بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار ئوپئوچۇق يالغانچىلاردۇر.

13 _ ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا گۇناھلارنىمۇ ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىدۇ.

14 _ شەكسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەللىك يىل كەم مىڭ يىل تۇردى. ئۇلار (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ئۇلارنى توپان (بالاسى) ھالاك قىلىۋەتتى.

15 _ بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى قۇتقۇزدۇق ۋە بۇنى ئالەملەرگە ئىبرەت قىلدۇق.

16 _ ئىبراھىمنىمۇ (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىنلا قورقۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

17 _ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر ۋە يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋاتىسىلەر. ھەقىقەت شۇكى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس. شۇڭا، سىلەر رىزىقنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

18 _ ئەگەر سىلەر مېنى يالغانچى دېسەڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولغان). پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر».

19 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (ئويلاپ) كۆرمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر.

20 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر زېمىننى كېزىپ، ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتنى) يارىتىشنى قانداق باشلىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

21 _ ئاللاھ خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ، (ئاخىر) سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

22 _ سىلەر مەيلى زېمىندا بولۇڭلار، مەيلى ئاسماندا بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا بىرەر ئىگە بولغۇچىمۇ، بىرەر مەدەتكارمۇ يوق».

23 _ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغانلار — ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنلەردۇر، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

24 _ ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈۋېڭلار ياكى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈۋېڭلار!» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزدى. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

25 _ ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر پەقەت ئاراڭلاردىكى دۇنيا ھاياتىغا خاس دوستلۇقنى دەپلا ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر _ بىرىڭلارنى تونۇماس بولۇۋالىسىلەر، بىر _ بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر، سىلەرنىڭ بارىدىغان يېرىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ».

26 _ ئىبراھىمغا (بىرىنچى بولۇپ) لۇت ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم رەببىم (بۇيرۇغان) تەرەپكە ھىجرەت قىلىمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

27 _ بىز ئىبراھىمغا (ئوغلى) ئىسھاقنى، (نەۋرىسى) يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. (شۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، (ساماۋى) كىتابنى ئۇنىڭ نەسلى (دىن كەلگەنلەر) ئىچىدە قىلدۇق، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا دۇنيادا بەردۇق، شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدىن بولىدۇ.

28 _ لۇتنىمۇ (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم (مۇنداق قەبىھ ئىشنى) قىلغان ئەمەس.

29 _ سىلەر بەچچىۋازلىق قىلساڭلار، يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلساڭلار، سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق قەبىھ ئىشلارنى قىلساڭلار بولامدۇ؟» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرۈپ باققىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

30 _ لۇت: «ئى رەببىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

31 _ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ئىبراھىمغا (ئوغلى ئىسھاق تۇغرۇلۇق) خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئاھالىسى گۇناھكارلار ئىدى» دېدى.

32 _ ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ؟» دېۋىدى. پەرىشتىلەر: «بۇ شەھەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئۇنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ (كاپىرلىقى سەۋەبلىك) ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ» دېدى.

33 _ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لۇتنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، لۇت (قەۋمىنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن) ئەنسىرەپ چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى ۋە يۈرىكى سىقىلدى، ئۇلار ئېيتتى: «قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز سېنى ۋە ئائىلەڭدىن باشقا كىشىلىرىڭنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئايالىڭلا ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ.

34 _ بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز».

35 _ ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بىز بۇ شەھەر (خارابىسى)دىن ئوپئوچۇق بىر ئالامەت قالدۇردۇق.

36 _ مەديەن (ئاھالىسى) گىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق. شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلاڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى.

37 _ ئۇلار شۇئەيبنى يالغانچى دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى _ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى.

38 _ (ئى مەككىلىكلەر!) ئاد ۋە سەمۇد (قەۋملىرىنىمۇ ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقى ئۇلار)نىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىن سىلەرگە ئوپئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا، شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى. ئۇلار ئەسلىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئىدى (لېكىن ئەقلىنى ئىشلەتمىدى).

39 _ قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى. ئۇلار (بىزنىڭ ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمىدى.

40 _ بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، بەزىسىنى (مال _ مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلدى.

41 _ ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلار ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ. شەكسىزكى، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ھەقىقەتەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى).

42 _ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

43 _ بۇ مىساللارنى بىز ئىنسانلار (نىڭ پايدىلىنىشى) ئۈچۈن كەلتۈرۈۋاتىمىز. بۇلارنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.

44 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغىن ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن. شەكسىزكى، (مۇكەممەل ئادا قىلىنغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

## يـگىرمە بىرىنچى پارە

46 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سـىلەر ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشـتىلا مۇنازىرىلىشـىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يولسـىزلىق قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇسـتەسـنا. سـىلەر ئېيتىڭلاركى، «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سـىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

47 _ (ئى پەيغەمبەر!) شـۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندەك) ساڭىمۇ كىتاب نازىل قىلدۇق. بىز كىتاب بەرگەنلەر ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بۇلار (ئەرەبلەر) ئىچىدىمۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

48 _ ئىلگىرى سـەن كىتاب ئوقۇشـنىمۇ بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشـنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سـەن بىلگەن بولسـاڭ) ئۇ چاغدا، ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار (قۇرئاننىڭ ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىدىن) چوقۇم گۇمانلىناتتى.

49 _ بەلكى بۇ (قۇرئان) ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆكرەكلىرىدە ساـقلانغان روشـەن ئايەتلەردۇر. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت (ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بوي ئەگمەيدىغان) زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ.

50 _ ئۇلار: «ئۇنىڭغا رەببىدىن (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان) مۆجىزىلەر چۈشـۈرۈلسـە بولمامتى؟» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن بولسام پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

51 _ ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئاننى ساـڭا نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسـمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك _ شۈبھىسىز رەھمەت ۋە نەسىھەت بار.

52 _ ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەر — ئىككى تەرەپ ئارىسىدا (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. باتىلغا ئىشـەنگەن، ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار — ئەنە شـۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

53 _ ئۇلار سـەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن بىر ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئازاب كېلىپ ئەلۋەتتە ئۇلارنى قورشىغان بولاتتى، ئۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ.

54 _ ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (مۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم قورشىۋالىدۇ.

55 _ ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ھەم ئۈسـتىدىن ھەم ئاياغلىرىنىڭ ئاسـتىدىن ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا: «قىلمىشـلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

56 _ ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! شەكسىزكى، مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، شۇڭا سىلەر (نەدە بولساڭلار) ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.

57 _ ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر.

58 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنى قىلغان كىشـىلەرنى ئاسـتىدىن ئۆسـتەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەت سـارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار ئۇ جايلاردا مەڭگۈ تۇرىدۇ. (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!

59 _ ئۇلار (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغان ۋە رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەردۇر.

60 _ (يەر يۈزىـدە) نۇرغۇن ھـايۋانلار بـاركى، ئۇلار ئۆز رىزقىنى تېپىـپ يېيەلمەيـدۇ، ئۇلارنىمۇ، سـىلەرنىمۇ ئـاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

61 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

62 _ ئاللاھ رىزىقنى بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە كەڭ قىلىپ بېرىدۇ، (خالىغان كىشىگە) تار قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

63 _ ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

64 _ بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن _ تاماشادىنلا ئىبارەتتۇر. شەكسىزكى، ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەت يۇرتىدىكى ھاياتلىقتۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).

65 _ ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئامان _ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا بولسا، ئۇلار شۇ ھامان (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ.

66 _ ئۇلار بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). ئۇلار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

67 _ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۇلارغا (مەككىنى) چېقىلىشقا بولمايدىغان، ئامان (جاي) قىلىپ بەردۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلار (قاراقچىلار تەرىپىدىن) ئېلىپ قېچىلىۋاتىدۇ. ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلامدۇ؟

68 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ھەقىقەت كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە (بۇنداق) كاپىرلارغا جاي يوقمۇ؟

69 _ بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

# رۇم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 60 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەرقانداق ئىشنىڭ، ھەرقانداق ۋەقەنىڭ ۋە ھەرقانداق ئەھۋالنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كائىنات ھەقىقىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 5_ رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6 _ (بۇ) ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

7 _ ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتىن غەپلەتتىدۇر.

8 _ ئۇلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھېكمەت بىلەن ۋە مۇئەييەن مۇددەت بىلەن ياراتتى. شەك – شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى رەببىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

9 _ ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ھالاك بولدى). ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

10 _ ئاندىن ئاشۇ يامانلىق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مەسخىرە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.

11 _ ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

12 _ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (ئۈمىدسىزلىكتىن) سۈكۈت قىلىدۇ.

13 _ ئۇلار (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار (ئۇ كۈندە) ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن تانىدۇ.

14 _ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر _ بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

15 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (جەننەت) باغچىلىرىدا نېمەتلەندۈرۈلىدۇ.

16 _ (ئاللاھنى) ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ.

17 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

18 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىمۇ (ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار).

19 _ ئاللاھ جانسىزدىن جانلىقنى چىقىرىدۇ، جانلىقتىن جانسىزنى چىقىرىدۇ، (قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرمۇ (تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىڭلاردىن) شۇنداق چىقىرىلىسىلەر.

20 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ (يەر يۈزىگە) تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلاردۇر.

21 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاياللاردىن ئۇنىسى – ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

22 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىدۇر. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

23 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، سىلەرنىڭ كېچىسى ئۇخلىشىڭلار، كۈندۈزى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزقىڭلارنى) ئىزدىشىڭلاردۇر. شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

24 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدۇر، شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

25 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا تۇرۇشىدۇر. ئاندىن سىلەرنى (كۆمۈلگەن) يەر ئاستىدىن چاقىرسا دەرھال چىقىسىلەر.

26 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.

27 _ ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئوڭايدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

28 _ ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان مال – مۈلۈككە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزۈڭلار (يەنى سىلەرگە ئوخشاش ئازاد كىشىلەر) بىر _ بىرىڭلاردىن تەپ تارتقاندەك تەپ تارتىشقا رازىمۇسىلەر؟ ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلي بايان قىلىمىز.

29 _ لېكىن (ئۆزىگە) زۇلۇم سالغانلار نادانلىقتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى كىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ؟ ئۇلارغا ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ.

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا _ ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

31 _ 32_ (ھەممىڭلار) ئاللاھقا (تەۋبە ۋە ئىخلاس بىلەن) يۈزلەنگۈچىلەر بولۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، مۇشرىكلاردىن، يەنى دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە _ پىرقە بولۇپ كەتكەنلەردىن بولماڭلار. (ئۇلاردىن) ھەر پىرقە ئۆز قارىشى بىلەن خۇشاللىنىدۇ.

33 _ ئىنسانلارغا بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتكەن چاغدا، ئۇلار دەرھال رەببىگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن بىر رەھمەتنى تېتىتسا، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

34 _ ئۇلار بىز بەرگەن نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر كەيپ _ ساپا سۈرۈۋېلىڭلار، سىلەر (بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر.

35 _ ياكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرۈشىنىڭ (توغرىلىقىنى) سۆزلەيدىغان بىرەر دەلىل _ ئىسپات چۈشۈردۇقمۇ؟

36 _ بىز ئىنسانلارغا بىرەر نېمەتنى تېتىتساق، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

37 _ ئاللاھنىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

38 _ يېقىن تۇغقانلارغا، يوقسۇللارغا، (يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان) مۇساپىرلارغا (ياخشىلىقتىن) ھەققىنى بەرگىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

39 _ سىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ پۇل _ مېلى ئىچىدە ئۆسۈپ قالسۇن، دەپ (ئۆسۈم ئۈچۈن) بەرگەن ھەرقانداق بىر نەرسەڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆسمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا كەلسەك، ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلەرنىڭ (ساۋابى ۋە پۇل _ مېلى) ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ بېرىلىدۇ.

40 _ ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەرگەن زاتتۇر. ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. (سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان) نەرسىلىرىڭلار ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلالايدىغان بىرى بارمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

41 _ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن يېنىشى ئۈچۈن، بىر قىسىم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت [1] يۈز بەردى.

42 _ (ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغانلارغا) «يەر يۈزىدە كېزىپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دېگىن. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى.

43 _ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن ئىلگىرى، سەن توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، بۇ كۈندە، (ئىنسانلار) پىرقە _ پىرقە بولۇپ كېتىدۇ.

44 _ كىمكى كاپىر بولغان بولسا، كاپىرلىقىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، مۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن (جەننەتتىن) ئورۇن ھازىرلىغان بولىدۇ.

45 _ (بۇ) ئاللاھنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۆز پەزلىدىن مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ.

46 _ ئاللاھنىڭ (بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە رەھمىتىدىن تېتىتىشى ئۈچۈن، ئەمرى بىلەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزلاردا مېڭىشى ئۈچۈن، (كېمىلەر ئارقىلىق تىجارەت قىلىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شاماللارنى (يامغۇردىن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشىدۇر.

47 _ شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا كۆپلىگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇلارغا قۇلاق سالماي) گۇناھقا پاتقانلارنىڭ جازاسىنى تولۇق بەردۇق. مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر.

---

(1) ﴿الْفَسَادُ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە بىر نەرسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنى مۇپەسسىرلەرنىڭ بەزىسى گۇناھ _ مەئسىيەت ئوتتۇرىغا چىقتى، دەپ تەپسىر قىلسا، يەنە بەزىسى، ھۆل _ يېغىننىڭ تەگيۈگلىقى بۇزۇلۇپ قۇرغاقچىلىق، مول ھوسۇلنىڭ كېمىيىشى دېگەندەك ئاپەتلەر يۈز بەردى، دەپ تەپسىر قىلغان.

48 _ ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدىغان ۋە ئۇنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلىدىغان زاتتۇر. شۇنىڭ بىلەن سەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

49 _ ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى.

50 _ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە _ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى چوقۇم (ئاشۇنداق) تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

51 _ ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) بورااننى ئەۋەتسەك، ئۇلار (بوران سەۋەبلىك) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چوقۇم تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ.

52 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن (مۇنداق مەنىۋى) ئۆلۈكلەرگە دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن، گاسلارغىمۇ ئاڭلىتالمايسەن.

53 _ سەن (قەلبى) كورلارنىمۇ ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا سالغۇچى ئەمەسسەن، سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشىنىدىغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر.

54 _ ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

55 _ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ) مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى.

56 _ (دۇنيادا ئۆزلىرىگە) ئىلىم ۋە ئىمان ئاتا قىلىنغان كىشىلەر: «شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا (ۋەدە قىلىنغان) تىرىلىش كۈنىگە قەدەر تۇردۇڭلار، مانا بۇ تىرىلىش كۈنىدۇر، ئەمما سىلەر (بۇنى) بىلمەيتتىڭلار» دەيدۇ.

57 _ بۇ كۈندە زالىملارنىڭ ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئاللاھنى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

58 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارغا بىرەر ئايەت كەلتۈرسەڭ، بۇ كاپىرلار ئەلۋەتتە: «سىلەر پەقەت باتىلغا ئەگەشۋاتقان ئادەملەرسىلەر» دەيدۇ.

59 _ (دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

60 _ (ئى پەيغەمبەر!) چىداملىق بولغىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر، (ئاخىرەتكە) ئىشەنمەيدىغانلار (نىڭ قىلمىشى) سېنى يەڭگىلتەك قىلىپ قويمىسۇن.

# لۇقمان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 34 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: لۇقمان ھەكىمنىڭ قىسسىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان كەرىم»دىكى ھېكمەتلەرگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ بۇ ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

3 _ (دىنغا) مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار[1] ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

4 _ ئۇلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، زاكاتنى بېرىدىغان ۋە ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

5 _ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

6 _ بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ[2]. ئەنە شۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار.

7 _ ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا يۈز ئۆرۈيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابتىن بېشارەت بەرگىن.

8 _ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە (شۇ ئىمانىغا يارىشا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار.

9 _ ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەق ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

10 _ ئاللاھ سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى، سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمىسۇن دەپ، يەر يۈزىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانلىقلارنى تارقاتتى. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

11 _ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدۇر. ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىنى يارىتىپتۇ؟ بەلكى بۇ زالىملار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

12 _ بىز لۇقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر».

13 _ ئۆز ۋاقتىدا لۇقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر» دېگەن ئىدى.

(1) بۇ ئايەتتىكى ﴿الْمُحْسِنِيْنَ﴾ دېگەن سۆز «ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار»، «مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندەك، «ياخشى ئىش قىلغۇچىلار»، «خەير _ ساخاۋەت قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ58 _ ئايىتىنىڭ بەت ئاستىدىكى ئىزاھاتقا قارالسۇن.

[2] بۇ يەردە نەزر ئىبنى ھارىس ئىسىملىك بىر كاپىر ئادەمنىڭ ئىرانغا تىجارەت ئۈچۈن بارغاندا، ھەرخىل ئەپسانە ۋە قوشاق- داستانلارغا دائىر كىتابچىلارنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، «مۇھەممەد سىلەرگە ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بەرسە، مەن سىلەرگە رۇستەم ۋە كىسرا قاتارلىق پادىشاھلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن» دەپ كىشىلەرنى ئىسلام دەۋىتىدىن توسماقچى بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

14 _ بىز ئىنساننى ئاتا _ ئانىسىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى) ماڭا ۋە ئاتا _ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.

15 _ ئەگەر ئاتا _ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشـى مۇئامىلىدە بولغىن، ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشـكىن، ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلغان _ ئەتكەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن».

16 _ (لۇقمان ئېيتتى) «ئى ئوغلۇم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

17 _ ئى ئوغلۇم! نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن، (كىشـىلەرنى) ياخشـىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسـقىن، سـاڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. شەكسىزكى، بۇلار مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

18 _ تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىشـــىلەردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىـدە غـادىيىـپ مـاڭمىغىن. ئـاللاھ ھەقىقەتەن مـاختـانچـاق ھاكاۋۇرلارنى دوست تۇتمايدۇ.

19 _ يول يۈرگەندە كەمتەر بولغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. شەكسىزكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر».

20 _ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشـۇرۇن نېمەتلەرنى ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بەزى كىشـىلەر ھېچ نەرسـىنى بىلمەي، ھىدايەتكە ۋە نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ.

21 _ ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئەگىشـىڭلار» دېيىلسـە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسىمۇ (ئۇلارغا شۇنداق دەمدۇ؟).

22 _ كىمكى (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا بويسـۇندىكەن، ئۇ مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

23 _ كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

24 _ ئۇلارنى (دۇنيالىقتىن) ئازغىنە بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن قاتتىق ئازابقا ھەيدەيمىز.

25 _ ئەگەر سـەن ئۇلاردىن: «ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سـورىسـاڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەن (ئۇلارغا): «ئاللاھقا شۈكرىكى (ئاخىر ئېتىراپ قىلدىڭلار)» دېگىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

26 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

27 _ ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسـى قەلەم بولغان، دېڭىز (سـىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشـۇلۇپ (سـىياھ بولغا) تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ سـۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

28 _ (ئى ئىنسـانلار!) سـىلەرنىڭ يارىتىلىشـىڭلار ۋە (قىيامەت كۈنى) تىرىلدۈرۈلۈشـۈڭلار (ئوڭايلىقتا) پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

29 _ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كېچىنى قىسقا، كۈندۈزنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كۈندۈزنى قىسقا، كېچىنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ

بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆز ئوربىتىسىدا) ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

30 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەڭ ئۈستۈندۇر، ناھايىتى بۈيۈكتۇر.

31 _ كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى (ۋە ئەمرى) بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (تائەت _ ئىبادەتتە) ناھايىتى چىداملىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۇئمىن) بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

32 _ (دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالىدۇ (يەنى ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر قىلمايدۇ). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت بىۋاپا، تۇزكور ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ.

33 _ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار. شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۇڭا، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى) بىلەن ئالدىشىغا يول قويماڭلار.

34 _ شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى ئاللاھ ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

# سەجدە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مەۋجۇداتنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى ۋەنامايەندىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەلىف، لام، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ (بۇ) كىتابنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

3 _ مۇشرىكلار: «ئۇنى (يەنى قۇرئاننى مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ (قۇرئان) سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر.

4 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن زاتتۇر. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق. سىلەر (بۇنىڭدىن) نەسىھەت ئالمامسىلەر؟

5 _ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (ھەممە) ئىشنى ئاللاھ ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بۇ (ئىشلار) ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئۇنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.

6 _ ئەنە شۇ يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، مۇتلەق غالىب ۋە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھتۇر.

7 _ ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر، ئۇ ئىنساننى يارىتىشنى دەسلەپتە لايدىن باشلىدى.

8 _ ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (بولغان مەنىي)دىن ياراتتى.

9 _ ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس (ئىنسان) قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز (دەرگاھىدىن) جان كىرگۈزدى. يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر تولىمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

10 _ ئۇلار: «بىز يەر ئاستىدا (تۇپراققا ئايلىنىپ) يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قايتا يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ، بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر.

11 _ ئېيتقىنكى، «جېنىڭلارنى ئېلىشقا مەسئۇل قىلىنغان ئۆلۈم پەرىشتىسى سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

12 _ ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا: «ئى رەببىمىز! (بىز ھەقىقەتنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، بىز ھەقىقەتەن (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) قەتئىي ئىشەندۇق» دەپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

13 _ ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق، لېكىن مېنىڭ «جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن» دېگەن ھۆكمۈم بېكىتىلىپ بولدى.

14 _ (ئۇ كۈنى دوزاخ ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ:) «مۇشۇ كۈنگە يولۇقىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار، بىزمۇ ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار».

15 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە پەقەت شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز ـــ نەسىھەت قىلىنغان ھامان، ئۇلار چوڭچىلىق قىلماي، سەجدىگە باش قويىدۇ، رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ.

16 _ ئۇلار (كېچىلىرى) قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ (ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن _ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئاتا قىلغانلىرىمىزدىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ.

17 _ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا) ئۇلار ئۈچۈن قانداق خۇشاللىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

18 _ مۇئمىن ئادەم پاسىق (كاپىر) ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار باراۋەر ئەمەس.

19 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ. (جەننەت) ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ھازىرلانغان جايدۇر.

20 _ توغرا يولدىن ئازغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار ھەر قاچان دوزاختىن چىقماقچى بولسا: «سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دەپ، دوزاخقا قايتا ئىتتىرىلىدۇ.

21 _ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ، بىز ئۇلارغا (ئاخىرەتتىكى) ئەڭ چوڭ ئازابتىن ئىلگىرى (بۇ دۇنيادىكى) ئەڭ يېقىن ئازابنى تېتىتىمىز.

22 _ رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز _ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز.

23 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مىراج كېچىسىدە) مۇسا بىلەن ئۇچرىشىشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق.

24 _ ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتا) چىداملىق بولغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالارنى چىقاردۇق.

25 _ شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (ئىچىدىكى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) ئوتتۇرىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان (دىنىي) ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

26 _ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ (ھالبۇكى) ئۇلار (ھالاك بولغان) بۇ ئۈممەتلەرنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار (بۇنىڭغا) قۇلاق سالمامدۇ؟

27 _ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز قۇرۇپ كەتكەن زېمىنغا يامغۇرنى ھەيدەپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز. ئۇلار (بۇنى) كۆرمەمدۇ؟

28 _ ئۇلار (يەنى مەككىلىك مۇشرىكلار ئازابقا ئالدىراپ): «(سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ)» دەيدۇ.

29 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ».

30 _ سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن (سىلەرگە بىرەر يامانلىق كېلىشىنى) كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر.

# ئەھزاب سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان،73 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھىمايە قىلغانلىق نېمىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھتىنلا قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2 _ ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىۋاتقان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

3 _ سەن ئاللاھقا تايانغىن، ھامىي بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

4 _ ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقان ئەمەس، سىلەر زىھار[1] قىلغان ئاياللىرىڭلارنى سىلەرگە ئانا قىلغانمۇ ئەمەس، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئۆز بالاڭلار (نىڭ ھۆكمىدە) قىلغانمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىكى سۆزۈڭلاردۇر، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ.

5 _ ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار ۋە دوستۇڭلاردۇر. سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6 _ پەيغەمبەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر، (پەيغەمبەر مۇئمىنلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن) پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر (شۇڭا، پەيغەمبەردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا نىكاھلىنىش مۇئمىنلەرگە ھارامدۇر). ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق _ تۇغقانلار (مىراس ئېلىشتا) بەزىسى بەزىسىگە مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر[2]. لېكىن مۇئمىن قېرىنداشلىرىڭلارغا (بىر نەرسە بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلساڭلار بولىدۇ، بۇلار (لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن) كىتابتا يېزىلغاندۇر.

7 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن (دىنىنى يەتكۈزۈش توغرۇلۇق) ۋەدە ئالغان ئىدۇق، (جۈملىدىن) سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىيسادىن مەھكەم ۋەدە ئالدۇق.

8 _ (ئاللاھ بۇ ۋەدىنى) راستچىل پەيغەمبەرلەردىن (ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى) راستچىللىقىنى سوراۋشتۇرۇش ئۈچۈن (ئالغان ئىدى). ئاللاھ كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى.

9 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (ئىتتىپاقداش) قوشۇن (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە (پەرىشتىلەردىن ئىبارەت) سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

---

(1) ئەرەبلەردە «زىھار» دەيدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. بىرى ئۆزىنىڭ ئايالىنى«سېنىڭ ئۇچاڭ مېنىڭ ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشايدۇ» دېگەن ھامان بۇ ئايال ئېرىگە ھارام بولۇپ كېتەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەت ھارام قىلىنىغان ۋە بۇنداق سۆزنى قىلغان ئەرلەرگە جازا بەلگىلەنگەن.

(2) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مۇھاجىرلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر-بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بار ئىدى. كېيىنچە، مىراس ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

10 _ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزلىرىڭلار چەكچىيىپ، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا كەپلىشىپ قالغان، سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار.

11 _ ئۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى.

12 _ ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار بىلەن دىللىرىدا (شەك) كېسەللىكى بارلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىپتىكەن» دېيىشكەن ئىدى.

13 _ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر![1] بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!» دېيىشكەن، ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقلۇقتا (يەنى بىخەتەر ئەمەس)» دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقلۇقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايتتى.

14 _ ئەگەر مەدىنىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن يېنىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا ئىدى، ئۇلار دەرھال ماقۇل بولۇپ، بۇ تەلەپنى بەك كېچىكتۈرمەيلا ئورۇندايتتى.

15 _ ئۇلار ئىلگىرى (جىھادتىن) چېكىنمەسلىك ھەققىدە ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئاللاھقا بېرىلگەن ۋەدە ئەلۋەتتە سورۇشتە قىلىنىدۇ.

16 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن (قورقۇپ، جىھادتىن) قاچساڭلار، قېچىشنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقان تەقدىردىمۇ (بۇ ھاياتتىن) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت بەھرىمەن بولالايسىلەر».

17 _ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنى ئاللاھتىن كىم قوغداپ قالالايدۇ، ياكى ئاللاھ سىلەرگە بىر رەھمەتنى تەقدىر قىلسا، (ئۇنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟)» ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

18 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە ئۆز يانداشلىرىغا (مۇسۇلمانلارنى تەرك ئېتىپ) بىزگە قوشۇلۇڭلار دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار جەڭگە بەك ئاز قاتنىشىپ قويىدۇ.

19 _ ئۇلار (قاتناشقاندىمۇ) سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىللىق قىلىدۇ. ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل _ مالغا قارىتا ئاچكۆزلۈك قىلىپ سىلەرنى ئۆتكۈر (ۋە زەھەرلىك) تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئەنە شۇلار (دىلى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر.

20 _ ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (چۆلدە) سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇقۇشقاچ، (تىنچ يېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، جەڭگە ئاندا _ ساندا قاتنىشىپ قوياتتى.

21 _ شەكسىزكى، سىلەرگە — ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.

22 _ مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتقان» دېيىشتى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

23 _ مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (ۋەدىسىنى) قەتئىي ئۆزگەرتمىدى.

24 _ چۈنكى ئاللاھ راستچىللارنى راستچىللىقى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلايدۇ، مۇناپىقلارنى ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ ياكى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] يەسرىب _ مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

25 _ ئاللاھ كاپىرلارنى (مەدىنىدىن) ئاچچىقتىن ئىچىنى يېگەن (ئۇچرىغان تالاپەت سەۋەبلىك ھەممىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن) ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار ھېچقانداق غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. ئاللاھ (بوران ۋە پەرىشتە ئارقىلىق) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

26 _ ئاللاھ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار.

27 _ ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ يەر _ زېمىنلىرىغا، قورۇ _ جايلىرىغا، مال _ مۈلۈكىگە ۋە بۇرۇن سىلەر قەدەم بېسىپ باقمىغان جايلارغا ئىگە قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

28 _ ئى پەيغەمبەر! (كۆپرەك نەپىقە تەلەپ قىلىپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنىلا تىلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي.

29 _ ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى (تائەت-ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا چوڭ مۇكاپات تەييارلىدى».

30 _ ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئاراڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

# يىگىرمە ئىككىنچى پارە

31 _ سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، بىز ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق.

32 _ ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغىنىڭلاردا) نازىلىنىپ گەپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، كۆڭلىدە بۇزۇقلۇق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (شۇڭا گەپ قىلغىنىڭلاردا گۇماندىن خالىي) ياخشى گەپنى قىلىڭلار.

33 _ سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، (سىرتقا) ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ (بۇنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق) پەقەت سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاكىز قىلىشنى خالايدۇ.

34 _ ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىسلەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، (ئەھۋالىڭلاردىن) خەۋەرداردۇر.

35 _ شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، چىدامچان ئەرلەر ۋە چىدامچان ئاياللارغا، كەمتەر ئەرلەر ۋە كەمتەر ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نومۇسىنى ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نومۇسىنى ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى.

36 _ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسا، ئەر _ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمايدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.

37 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «ئايالىڭنى (نىكاھىڭدا) تۇتقىن ۋە ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقاتتىڭ. ھالبۇكى، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد ئايالىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى سېنىڭ نىكاھىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئەنە شۇنداق) ئورۇندالدى.

38 _ ئاللاھ پەيغەمبەرگە بۇيرۇغان (بۇ) ئىشتا ئۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان يولىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر.

39 _ ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

40 _ مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، پەقەت ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

41 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

42 _ ئۇنىڭغا ئەتىگەن _ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

43 _ ئاللاھ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئەزەلدىن مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

44 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان كۈندە (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئۇلارغا يوللىنىدىغان تەبرىك سۆزى «سالام» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى.

45 _ 46_ ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىرادىمىز بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق.

47 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بۈيۈك ئېھسانغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن.

48 _ كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا يەتكۈزگەن) ئەزىيەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھقا تايانغىن. ئاللاھ (ئۆزىگە تايانغانلارغا) يېتەرلىك ھامىيدۇر.

49 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىپ، چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار.

50 _ ئى پەيغەمبەر! سەن مەھرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، ئاللاھ ساڭا غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئاياللاردىن ئىلكىڭگە ئۆتكەن چۆرىلەرنى بىز ساڭا ھالال قىلدۇق، سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاتا تەرەپ تاغا _ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئانا تەرەپ تاغا _ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىمۇ (ساڭا ھالال قىلدۇق). ئەگەر بىر مۇئمىن ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەرگە (مەھرى تەلەپ قىلمايلا) تەقدىم قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا ھالال قىلدۇق. شەكسىزكى، مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر. (بۇ) سېنىڭ تەڭلىكتە قالماسلىقىڭ ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

51 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاياللىرىڭدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنىڭ (سەن بىلەن يېتىش) نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭمۇ، خالىغىنىڭدىن بىرى بىلەن بىللە بولساڭمۇ، سەن نۆۋىتىنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرىڭدىن خالىغان بىرىنى قايتىدىن تەلەپ قىلساڭمۇ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، سېنىڭ تەقسىماتىڭغا ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

52 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى _ جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ. پەقەت قول ئاستىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

53 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلا كىرسەڭلار بولىدۇ، (باشقا ۋاقىتتا ئىجازەت سوراپ كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار _ يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماڭلار، بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ. ئاللاھ ھەقنى ئېيتىشتىن تارتىنمايدۇ. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر.

54 _ سىلەر بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يوشۇرساڭلارمۇ (بەرىبىردۇر)، چۈنكى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

55 _ ئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۇئمىن ئاياللار بىلەن، قۇل _ چۆرىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتە ھېچبىر

گۇناھ يوق. (ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىدىن سادىر بولىدىغان) ھەربىر ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.

56 _ شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار.

57 _ شەكسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلارنى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ.

58 _ مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار چوڭ بىر بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.

59 _ ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ (تەقۋادار ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ _ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

60 _ 61_ ئەگەر مۇناپىقلار، دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شۇنداق بىر سالىمىزكى، ئاندىن ئۇلار ئازغىنە بىر مۇددەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدىنىدە ساڭا قوشنا بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. ئۇلار (بۇ چاغدىمۇ) لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا، قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

62 _ (بۇ) ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى (ئۈممەت) لەرگە يۈرگۈزگەن قانۇنىدۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

63 _ (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ» دېگىن. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

64 _ شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى.

65 _ ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

66 _ دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قورۇلۇپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ.

67 _ 68_ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، چوڭلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، نەتىجىدە، ئۇلار بىزنى يولدىن چىقاردى، ئى رەببىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارنى رەھمىتىڭدىن تامامەن يىراق قىلغىن» دەيدۇ.

69 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇساغا ئازار بەرگەنلەردەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى.

70 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار.

71 _ (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.

72 _ شۈبھىسىزكى، بىز (دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭ (مەسئۇلىيىتى) دىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۇنى ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ۋە بەكمۇ ناداندۇر.

73 _ ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش، مۇئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن (مەزكۇر ئامانەتنى ئىنساننىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

# سەبەئ سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 54 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: ئىنسانلارنىڭ نېمەتكە شۈكۈر قىلىشى ياكى ناشۈكۈرلۈك قىلىشىغا قاراپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاخىرەتتىمۇ ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

2 _ ئاللاھ زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

3 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ. ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر، مەيلى زەررىدىنمۇ كىچىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنمىگىنى يوقتۇر».

4 _ (ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

5 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا ئەڭ ئەلەملىك ئازاب بار.

6 _ ئىلىم بېرىلگەنلەر ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان) نىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

7 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلار (بىر _ بىرىگە) «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما _ تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟

8 _ ئۇ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدىمۇ؟ ياكى ئېلىشىپ قالدىمۇ؟» دەيدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئازابقا ۋە چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا مەھكۇمدۇر.

9 _ ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قاراپ باقمىدىمۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە _ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (تەۋبە قىلىپ) ئاللاھقا قايتقۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

10 _ شەكسىزكى، بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن (پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە ئىلىم قاتارلىق) ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى ئۇنىڭغا يۇمشىتىپ بەردۇق.

11 _ بىز (ئۇنىڭغا) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر _ بىرىگە) تەكشى قىلغىن، ھەممىڭلار ياخشى ئىش قىلىڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن» (دەپ ۋەھيى قىلدۇق).

12 _ بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، (ئۇ شامال نورمال مېڭىشتا) چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس بۇلىقىنى (سەلدەك) ئاققۇزۇپ بەردۇق، جىنلارنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز.

13 _ جىنلار سـۇلەيمانغا ئۇ خالىغان بويىچە مەسجىدلەرنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقىدىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياساپ بېرەتتى، (بىز): «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىڭلار، بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار ئازدۇر» (دېدۇق).

14 _ سۇلەيماننىڭ جېنىنى ئالغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلا خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئايان بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازاب ئىچىدە (بۇنداق ئۇزاق) تۇرمىغان بولاتتى.

15 _ شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىدا ئۇلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار ئىدى، (ئۇ جاينىڭ) ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە (بىردىن) ئىككى باغ بار ئىدى. (ئۇلارغا): «رەببىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (بۇ جاي) ياخشى جايدۇر، رەببىڭلار مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر» (دېگەن ئىدۇق).

16 _ (ئۇلار شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا كۈچلۈك كەلكۈننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئىككى بېغىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز _ تولا سىدىرلىق (ياۋا چىلانلىق) ئىككى باغقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

17 _ ئۇلار تۇزكورلۇق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز.

18 _ ئۇلار (نىڭ يۇرتى) بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان شەھەرلەر ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلدۇق، ئۇلار ئارىسىدىكى قاتناشنى (ئۆتەڭلەر بىلەن) ئۆلچەملىك قىلدۇق، (ئۇلارغا): «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچ _ ئامان مېڭىڭلار!» (دېدۇق).

19 _ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! سەپىرىمىز (دىكى ئۆتەڭلەر)نىڭ ئارىسىنى يىراق قىلىپ بەرگىن» دېدى (ۋە كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىنكىلەرگە) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىتما _ تىتما قىلىپ پارچىلىۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (تائەت _ ئىبادەتتە) ناھايىتى چىداملىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۇئمىن) بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

20 _ ئىبلىس ئۇلار (نى ئازدۇرۇش) ھەققىدىكى تەخمىنىنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم مۇئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگىشىپ كەتتى.

21 _ ھالبۇكى، ئىبلىسنىڭ ئۇلار ئۈستىدە ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقى يوق ئىدى. پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئايرىشىمىز ئۈچۈن (ئىبلىسقا بۇ پۇرسەتنى بەردۇق)، رەببىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

22 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، بۇ ئىككىسى (نىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىدارە قىلىنىشى)دا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھقا ياردەمچىمۇ ئەمەس».

23 _ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. (شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ) دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار (بىر _ بىرىگە): «رەببىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەقنى(دېدى)» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئالىي مەرتىۋىلىكتۇر ۋە (ھەممىدىن) كاتتىدۇر.

24 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان كىم؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھتۇر! شەكسىزكى، بىز ياكى سىلەر (يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى) چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە، يەنە بىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

25 _ ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بىزمۇ سوراققا تارتىلمايمىز».

26 _ ئېيتقىنكى، «رەببىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) بىر ئارىغا توپلايدۇ، ئاندىن ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

27 _ ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئۇنىڭغا قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتۇر».

28 _ سېنى بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

29 _ ئۇلار: «ئەگەر سىلەر (گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ.

30 _ ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، سىلەر ئۇنىڭدىن بىردەممۇ كېچىكىپ قالالمايسىلەر ۋە بىردەممۇ ئىلگىرى كېتەلمەيسىلەر».

31 _ كاپىرلار: «بۇ قۇرئاننىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىمۇ قەتئىي ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. سەن زالىملارنىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى، بىر _ بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ھالىنى بىر كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ.

32 _ چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ (ھەرگىز توسمىدۇق) سىلەر گۇناھكار ئادەملەر ئىدىڭلار» دەيدۇ.

33 _ بوزەك قىلىنغانلار ھاكاۋۇر يولباشچىلارغا: «ياق! (سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن) كېچە _ كۈندۈز ھىيلە – مىكىر قىلىش ئىدى. سىلەر ھەمىشە بىزنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار» دەيدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ھەسرەت – نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭلا جازاسى بېرىلىدۇ.

34 _ قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەك، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

35 _ ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ پۇل _ مېلىمىز ۋە باللىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابقا ئۇچرىمايمىز» دېدى.

36 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، رەببىم خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ».

37 _ سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە سىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىڭلار ياكى باللىرىڭلار ئەمەس، لېكىن كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئەنە شۇلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتتىكى) ئېسىل سارايلاردا خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ.

38 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئازابقا ھازىر قىلىنىدىغانلاردۇر.

39 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «شۈبھىسىزكى، رەببىم بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

40 _ ئۇ كۈندە (ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ) ھەممىسىنى توپلايدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «ئاشۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ.

41 _ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ ئىگىمىز ئۇلار ئەمەس، پەقەتلا سەن. ئۇلار ئەمەلىيەتتە جىنغا چوقۇناتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئېتىقاد قىلاتتى».

42 _ بۈگۈن سىلەر بىر- بىرىڭلارغا يا پايدا، يا زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، بىز (مۇشرىك بولۇپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز.

43 _ ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: «بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا - بوۋاڭلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر» دېدى، ئۇلار يەنە: «بۇ (قۇرئان) توقۇلغان يالغان سۆزدىن باشقا نەرسە

ئەمەستۇر» دېدى. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن ھەقىقەت (قۇرئان)نى: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

44 _ بىز ئۇلارغا ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتاب ئاتا قىلمىدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) ســەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) مۇ ئەۋەتمىگەن ئىدۇق.

45 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغان. بۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئىلگىرىكىلەر ئېرىشكەن (كۆچ _ قۇۋۋەت ۋە بايلىق) نىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشــكىنى يوق. ئىلگىرىكىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغان ئىدى. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق بولدى؟

46 _ (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى _ ئىككىدىن، ياكى بىر _ بىردىن تۇرۇڭلار، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىســســالام)دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوق، ئۇ پەقەت قاتتىق ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر».

47 _ ئېيتقىنكى، «مەن (دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، (ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام) سىلەرنىڭ بولسۇن؛ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەيمەن. ئاللاھ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر».

48 _ ئېيتقىنكى، «رەببىم ھەقىقەتەن (باتىلنى ۋە ھەرقانداق سەپسەتىنى) ھەقىقەت (دەلىللىرى) بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ئاللاھ غەيبنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

49 _ ئېيتقىنكى، «ھەقىقەت كەلدى، باتىل (بىرەر نەرسىنى) پەيدا قىلالمايدۇ، ئەسلىگىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ».

50 _ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن (ھەق يولدىن) ئېزىپ كەتســەم، ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزۈمگىدۇر، ئەگەر مەن ھىدايەت تاپسام (بۇ) رەببىم ماڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئاننىڭ) سەۋەبىدىندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە دېگەنلىرىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (دۇئا قىلغان كىشىگە) يېقىندۇر».

51 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سـەن ئۇلارنىڭ (قىيامەت كۈنى) قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان، دوزاخقا يېقىن بىر جايدا تۇتۇلۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

52 _ ئۇلار (ئازابنى كۆرگەن چاغدىلا): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۇلار (ئاخىرەتتىن ئىبارەت) يىراق جايدا تۇرۇپ (دۇنيادىكى) ئىماننى قانداقمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟

53 _ ئۇلار ئىلگىرى ئۇ (ھەقىقەت)نى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلار غەيبنى توغرۇلۇق (ھېچ نەرســە) بىلمەي تۇرۇپ قارىســغا سۆزلەيتتى.

54 _ ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى ئارىسىدا خۇددى ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە قىلىنغاندەك توسالغۇ پەيدا قىلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار (ئاخىرەت توغرۇلۇق) چوڭقۇر شەكتە ئىدى.

# فاتىر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 45 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ھەر نەرسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىش سەنئىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىلىدا ئىسلام ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ ياراتقىنىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

2 _ ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاچىدىغان قانداقلا بىر رەھمەتنى توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ توسۇپ قالغاننى شۇنىڭدىن كېيىن، قويۇپ بەرگۈچى يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

3 _ ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتىسىلەر؟

4 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى دېسە (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانچى دېيىلگەن ئىدى. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

5 _ ئى ئىنسـانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسـى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سـىلەرنى ھەرگىز دۇنيا ھاياتى ئالداپ قويمىسـۇن، ئالدامچى (شـەيتان) سىلەرنى ئاللاھ توغرۇلۇق (خاتا چۈشەنچىلەر بىلەن) ئالداپ كەتمىسۇن.

6 _ شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇرۇھىنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

7 _ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

8 _ ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان ئادەم (ھىدايەت تاپقان ئادەم بىلەن) ئوخشـاشـمۇ؟ شـەكسـىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشـىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشـىگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ. شـۇڭا، سـەن (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋەتمىگىن، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

9 _ ئاللاھ شــاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدىغان زاتتۇر. بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك بىر يەرگە ھەيدەيمىز _ دە، (يامغۇر ياغدۇرىمىز) شۇ يامغۇر بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

10 _ كىمكى شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، يامان ئىش قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكىرلىرى بىتچىت بولىدۇ.

11 _ ئاللاھ سىلەرنى (ئاۋۋال) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن ياراتتى. ئاندىن سىلەرنى (ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت) جۈپلەر قىلدى، ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ھامىلىدار بولۇشـى ۋە تۇغۇشـى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سـىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغان. شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

12 _ ئىككى دېڭىز ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك ۋە ئىچىشلىكتۇر، ئۇنىڭ سۈيى ناھايىتى ئاچچىق ۋە تۇزلۇقتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن (دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت) يېڭى _ يېڭى گۆشلەرنى يەيسىلەر ۋە سىلەر تاقايدىغان (ئۈنچە _ مارجاندىن ئىبارەت) زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (نېسىۋەڭلەرنى) ئىزدىشىڭلار ئۈچۈندۇر. ئۈمىدكى، (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلغايسىلەر.

13 _ ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى (قىيامەتتىن ئىبارەت) مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

14 _ ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (بۇ ھەقىقەتلەرنى) ھېچكىم ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

15 _ ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، (ھەممىدىن) بىھاجەت بولغۇچى ۋە مەدھىيەگە لايىق بولغۇچى پەقەتلا ئاللاھتۇر.

16 _ ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ.

17 _ بۇ ئاللاھقا قىيىن ئەمەس.

18 _ ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ، (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن، كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

19 _ 21_ كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، سايە بىلەن ئاپتاپ باراۋەر بولمايدۇ.

22 _ تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرمۇ (باراۋەر بولمايدۇ). شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن.

23 _ سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن.

24 _ بىز ھەقىقەتەن سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق بىلەن ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.

25 _ ئۇلار سېنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، سەھىپىلەرنى، نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

26 _ ئاندىن كاپىرلارنى جازالىدىم، (ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق بولدى؟

27 _ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق. (ئاللاھ تاغلارنى يارىتىپ) تاغلاردىن ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭلىك ۋە قاپقارا يوللارنى (قىلدى).

28 _ شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

29 _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر مەڭگۈ كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ.

30 _ (ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى) ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىشى ۋە ئۆز مەرھەمىتىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

31 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئان ھەقتۇر، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئەلۋەتتە تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

32 _ ئاندىن بىز ئۇ كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ كاتتا ئىنئامدۇر.

33 _ ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

34 _ ئۇلار (جەننەتتە شۇنداق) دەيدۇ: «بىزدىن غەم _ قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! بىزنىڭ رەببىمىز راستتىنلار ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆز ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

35 _ ئاللاھ ئۆز مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز».

36 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

37 _ ئۇلار دوزاختا: «رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋالساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇ) «سىلەرگە ۋەز _ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز _ نەسىھەت ئالالىغۇدەك بىر ئۆمۈر ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ، (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟) ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى يوق».

38 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

39 _ (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە بىر _ بىرىڭلارغا ئورۇنباسار قىلغان زاتتۇر. كىمكى ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى رەببىنىڭ دەرگاھىدا پەقەت غەزەپنىلا زىيادە قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۇلارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلىدۇ.

40 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ ياكى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلىنامدۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بۇ كاپىرلار بىر- بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ.

41 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم تۇتالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

42 _ ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىۋىدى، بۇ ئۇلارنىڭ (ھەقىقەتتىن) يىراقلىشىشىدىن باشقىسىنى ئاشۇرمىدى.

43 _ (بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھىيلە _ مىكىر ئىشلەتكەنلىكى (ئۈچۈندۇر). ھىيلە _ مىكىرنىڭ ئۇۋالى پەقەت ھىيلە _ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكىلەرگە قوللىنىلغان (جازالاش) قانۇنىيىتىنىلا كۈتىدۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق يۆتكىلىش تاپالمايسەن (يەنى ئاللاھتىن كەلگەن ئازابنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ياكى ئۆزىدىن باشقىسىغا يۆتكەپ قويالمايدۇ).

44 _ ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئاجىز قىلالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

45 _ ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دەرھال) جازالايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قالدۇرمىغان بولاتتى. لېكىن، (ئاللاھ) ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرىدۇ، ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

# ياسىن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 83 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتنىكى تىرىلىشنى دەلىل – پاكىتلار بىلەن تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ يا، سىن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 3_ ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن.

4 _ توغرا يولدىسەن.

5 _ 6_ (بۇ قۇرئان) سېنىڭ ئاتا ـــ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

7 _ قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

8 _ (گويا) بىز ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى سالدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ھەقىقەتكە) باشلىرىنى ئىگەلمەيدۇ.

9 _ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئوراپ قويدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (توغرا يولنى) كۆرەلمەيدۇ.

10 _ (بۇ ھالەتتە) ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

11 _ سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، رەھمان ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن. سەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

12 _ شۈبھىسىزكى، بىز ئەلۋەتتە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (بارلىق) ئەمەللىرىنى ۋە ئىزنالىرىنى يېزىپ تۇرىمىز، بىز ھەممە نەرسىنى روشەن كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇز)دا تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز.

13 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ كاپىرلارغا شەھەر ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى.

14 _ ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى يالغانچى دېدى، ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇ ئىككىسىنى) كۈچلەندۈردۇق. بۇ پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز» دېدى.

15 _ ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر» دېدى.

16 _ پەيغەمبەرلەر: «رەببىمىز بىلىدۇكى، بىز راستتىنلا سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز.

17 _ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەتلا دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر» دېدى.

18 _ ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە): «بىز سىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلىۋاتىمىز. قەسەم قىلىمىزكى، ئەگەر سىلەر (بۇ دەۋىتىڭلاردىن) ۋاز كەچمىسەڭلار، سىلەرنى چوقۇم چالما _ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى.

19 _ پەيغەمبەرلەر: «سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز _ نەسىھەت قىلىنسا، (شۇملۇق ھېس قىلىۋاتامسىلەر؟) بەلكى سىلەر ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

20 _ شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار.

21 _ (دىنىي يەتكۈزگەنلىكىگە) سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار، ئۇلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر.

22 _ مەن مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان ئاللاھقا نېمىشقا ئىبادەت قىلماي؟

23 _ مەن ئاللاھتىن باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر رەھمان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان _ زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا ئەسقاتمايدۇ ۋە (مېنى زىيان _ زەخمەتتىن) قۇتقۇزالمايدۇ.

24 _ شۈبھىسىزكى، مەن ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن.

25 _ مەن ھەقىقەتەن رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار».

26 _ 27_ (قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى مېنىڭ قەۋمىم رەببىمنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئىززەت _ ئىكرامغا ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ!» دېدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى پارە

28 _ ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۈستىگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئاسماندىن بىرەر قوشۇن چۈشۈرمىدۇق، ئىلگىرىمۇ (باشقىلارغا) چۈشۈرمىگەن ئىدۇق.

29 _ (ئۇلارنىڭ جازاسى) بىرلا ئاۋاز بولدى، شۇ ھامان ئۇلار قىپتىپ قالدى.

30 _ شۇ بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۆزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

31 _ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى— ئۇلارنىڭ بۇلارنىڭ يېنىغا قايتمايدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟

32 _ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى) ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

33 _ (سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن) ئۆلۈك زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىلدۇر.

34 _ 35_ بىز ئۇلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ، زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى چىقاردۇق. بۇ (مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس، (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟

36 _ بارلىق شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، (ئىنسانلارنىڭ) ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپى بار.

37 _ ئۇلارغا كېچىمۇ بىر دەلىلكى، بىز ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋەتكىنىمىزدە، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇدا قالىدۇ.

38 _ كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر.

39 _ بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش(ئىنچىكە) بولۇپ قالىدۇ.

40 _ كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ.

41 _ ئۇلارغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان يەنە) بىر دەلىل ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى[1] توشقۇزۇلغان كېمىگە چۈشۈرگەنلىكىمىزدۇر.

42 _ بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇنىڭغا (شۇ كېمىگە) ئوخشاش چۈشىدىغان نەرسىلەرنى (قاتناش قوراللىرىنى) ياراتتۇق.

43 _ ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇ چاغدا ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىمۇ چىقمايدۇ.

44 _ پەقەت بىز ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا (ئۇلار قۇتقۇزۇلىدۇ).

---

(1) نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى توپان بالاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغدا ئىمان ئېيتقانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىرىلغان ۋە غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇ ۋاقىتتا قۇتۇلۇپ قالغانلار ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

45 _ ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشـــىشـــكەنلەر ئۇچۇن ئالدىڭلاردىكى ۋە ئارقاڭلاردىكى (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار» دېيىلسە (ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ).

46 _ ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

47 _ ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن (يوقسۇللارغا) سەدىقە قىلىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۆئمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟ سىلەر پەقەت ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ.

48 _ ئۇلار يەنە: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ.

49 _ ئۇلار بىر _ بىرى بىلەن جاڭجال قىلىشىپ تۇرغان چاغدا، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ.

50 _ ئۇ (ئاۋاز كەلگەن) چاغدا ئۇلار بىر _ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

51 _ سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ.

52 _ ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن كىم ئويغىتىۋەتتى؟» دەيدۇ. (ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ) «رەھمان ئاللاھ ۋەدە قىلغان (قىيامەت) مۇشۇدۇر، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» (دېيىلىدۇ).

53 _ پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

54 _ ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلغان ئىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

55 _ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە نېمەت ئىچىدە ھۇزۇرلىنىدۇ.

56 _ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپلىرى سايىلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

57 _ ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار.

58 _ رەھىم _ شەپقەتلىك رەببى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ.

59 _ (گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (مۆئمىنلەردىن) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ).

60 _ 61_ ئى ئادەم باللىرى! (مەن) سىلەرگە: «شەيتانغا چوقۇنماڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟

62 _ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتتى، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟

63 _ مانا بۇ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان جەھەننەمدۇر.

64 _ سىلەر كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۈگۈن) ئۇنىڭغا كىرىڭلار».

65 _ شـــۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشـــلىرىنى قوللىرى بىزگە ســـۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

66 _ ئەگەر بىز خالىســـاق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق _ دە، ئۇلار يولنى تېپىۋېلىشـــقا ئالدىرايتتى، ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟

67 _ ئەگەر بىز خالىســـاق، ئۇلارنى تۇرغان يېرىدىلا باشـــقا نەرســـىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتۇق، شـــۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى.

68 _ بىز كىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇنىڭ تېنىنى (دەسلەپتىكى ئاجىزلىق ھالىتىگە) قايتۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار (بۇنى) ئويلاپ باقامدۇ؟

69 _ 70_ بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت (قەلبى) تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز _ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر.

71 _ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز قۇدرىتىمىز بىلەن ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى ياراتتۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردۇر.

72 _ ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ.

73 _ ئۇلار شۇ چارۋىلاردىن پايدىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟

74 _ مۇشرىكلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى.

75_ (ئۇ ئىلاھلار) ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇلار شۇ ئىلاھلار بىلەن (ئازابقا) ھازىر بولغۇچى قوشۇندۇر.

76 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز.

77 _ ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى.

78 _ ئۇ بىزگە (چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى.

79 _ ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر».

80 _ ئۇ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئوت ياقىسىلەر.

81 _ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىر. ئاللاھ ئاجايىپ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

82 _ ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ _ دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ.

83 _ ھەربىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ پاكتۇر، سىلەر (ئاخىر) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

# ساففات سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،182 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار مەنسۇپ قىلغان سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش، مۇشرىكلارنىڭ جىنلار ۋە پەرىشتىلەر ھەققىدىكى گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 4_ سەپ _ سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن، بۇلۇتلارنى قوزغىتىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر.

5 _ (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر، شۇنداقلا مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر.

6 _ شەكسىزكى، بىز يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق.

7 _ ئۇنى ھەربىر ئاسىي شەيتاندىن قوغدىدۇق.

8 _ 9_ (ئۇ شەيتانلار) ئاسماندىكى پەرىشتىلەر (نىڭ سۆزلىرى)نى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار ھەر تەرەپتىن (ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن) ئېتىلىپ قوغلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دائىملىق ئازاب بار.

10 _ لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىرەر نەرسە ئاڭلىۋالغان شەيتاننى كۆيدۈرگۈچى ئاقار يۇلتۇز قوغلايدۇ (ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ).

11 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلاردىن (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى (ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ) مەخلۇقاتنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق.

12 _ بەلكىم سەن (ئۇلارنىڭ ئىنكارىدىن) ھەيران قالغانسەن، ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

13 _ ئۇلارغا ۋەز _ نەسىھەت قىلىنسا، قوبۇل قىلمايدۇ.

14 _ ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا مەسخىرە قىلىشىدۇ.

15 _ 17_ ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ.

18 _ ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ھالەتتە تىرىلىسىلەر».

19 _ (ئۇ تىرىلىش) قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولۇپ) قارىشىپ تۇرىدۇ.

20 _ ئۇلار: «ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ.

21 _ (ئۇلارغا) مانا بۇ سىلەر يالغان دېگەن (ياخشى بىلەن ياماننى) ئايرىش كۈنىدۇر (دېيىلىدۇ).

22 _ 23_ (ئاللاھ پەرىشتىلەرگە دەيدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىنى ھېساب مەيدانىغا توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا ھەيدەڭلار.

24 _ ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار سوراق قىلىنىدۇ».

25 _ (ئاندىن ئۇلارغا كايىپ): «سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىر- بىرىڭلارغا ياردەم قىلىشمايۋاتىسىلەرغۇ؟» (دېيىلىدۇ).

26 _ بەلكى ئۇلار بۇ كۈندە (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىدۇر.

27 _ ئۇلار بىر _ بىرىگە قارىشىپ مالامەت قىلىشىدۇ.

28 _ ئۇلار (باشلامچىلىرىغا) : «سىلەر بىزگە بىز ياخشىلىق دەپ ئويلىغان تەرەپتىن كېلەتتىڭلار (يەنى بىزنى توغرا يولغا باشلىغاندەك كۆرۈنۈپ ئىماندىن توساتتىڭلار)» دەيدۇ.

29 _ (باشلامچىلار) ئېيتىدۇ: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىمان ئېيتمىدىڭلار.

30 _ بىزنىڭ سىلەرنى زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى ئۆزۈڭلار ئازغۇن بىر قەۋم ئىدىڭلار.

31 _ رەببىمىزنىڭ (ئازابلاش ھەققىدىكى) ھۆكمى بىزگە تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، بىز (بۇ ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز.

32 _ سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى ئۆزىمىزمۇ راستتىنلا ئازغان ئىدۇق».

33 _ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كۈندە ئازابتا ئورتاقتۇر.

34 _ بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق (مۇئامىلە) قىلىمىز.

35 _ چۈنكى ئۇلارغا «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق» دېيىلسە، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى.

36 _ ئۇلار: «بىز بىر مەجنۇن شائىرنى دەپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى.

37 _ (ياق، مۇھەممەد سىلەر تۆھمەت قىلغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ (ھەقلىقىنى) ئىسپاتلىدى.

38 _ (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىيسىلەر.

39 _ (ئى كاپىرلار!) سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر.

40 _ (بۇ جازادىن) ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا مۇستەسنادۇر.

41 _ 42_ ئەنە شۇلار مەلۇم رىزىقتىن — تۈرلۈك مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئىززەت _ ئىكرام قىلىنىدۇ.

43 _ 44_ ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە، تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.

45 _ 46_ ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

47 _ ئۇنىڭدا ئەقىلنى بۇزىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ.

48 _ 49_ ئۇلارنىڭ يېنىدا (ئەرلىرىدىن) باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، خۇددى (ئەتىۋارلاپ) ساقلانغان (ئاقلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە) تۇخۇمدەك، شەھلا كۆزلۈك (جۈپلەر) بولىدۇ.

50 _ ئۇلار بىر _ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ.

51 _ 53 _ ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر يېقىنىم بار ئىدى، ئۇ: (ماڭا) ‹سەنمۇ راستتىنلا (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) ئىشىنىدىغانلاردىنمۇ؟ بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، (بىزنى تىرىلدۈرۈپ) بىزگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلەمدۇ› دەيتتى».

54 _ ئۇ (يېنىدىكىلەرگە): «سىلەر ئۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟» دەيدۇ.

55 _ ئۇ قاراپلا ئۇنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ.

56 _ ئۇ (مۇئمىن ئادەم) ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قالغان ئىكەنسەن.

57 _ ئەگەر رەببىمنىڭ (ھىدايەتتىن ئىبارەت) نېمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلار قاتارىدىن بولار ئىكەنمەن.

58 _ 59 _ بىز تۈنجى ئۆلۈمىمىزدىن باشقا ئەمدى ئۆلمەيمىز ۋە ئازابقىمۇ دۇچار بولمايمىز ئەمەسمۇ؟

60 _ شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە كاتتا ئۇتۇقتۇر.

61 _ ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق (زور ئۇتۇققا ئېرىشىش يولىدا) ئىشلىسۇن».

62 _ زىياپەت بولۇشقا بۇ (نېمەتلەر) ياخشىمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟

63 _ زەققۇمنى بىز زالىملار ئۈچۈن بىر ئازاب قىلدۇق.

64 _ شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر.

65 _ ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ.

66 _ ئۇلار چوقۇم شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تولدۇرىدۇ.

67 _ ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناپ تۇرغان ئارىلاشما سۇنى ئىچىدۇ.

68 _ ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئەلۋەتتە دوزاخ بولىدۇ.

69 _ 70_ شەكسىزكى، ئۇلار ئاتا _ بوۋىلىرىنى ئازغۇنلۇقتا كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

71 _ (ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى، بۇرۇنقىلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتەن ئازغان ئىدى.

72 _ شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) لەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

73 _ سەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

74 _ ئۇلاردىن پەقەت ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرىلا مۇستەسنا.

75 _ نۇھ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن) بىزگە ئىلتىجا قىلدى (بىز ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلدۇق)، بىز نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچى!

76 _ بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى چوڭ بىر بالا (توپان بالاسى)دىن قۇتقۇزدۇق.

77 _ ئۇنىڭ نەسلىنىلا (يەر يۈزىدە) داۋاملىشىدىغان قىلدۇق.

78 _ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى نامىنى) قالدۇردۇق.

79 _ جاھان ئەھلى نۇھقا سالام يوللايدۇ.

80 _ بىز ئەلۋەتتە (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

81 _ ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

82 _ ئاندىن بىز قالغانلارنى (كاپىرلارنى) غەرق قىلدۇق.

83 _ ئىبراھىممۇ ئەلۋەتتە نۇھنىڭ دىنىغا تەۋە كىشىلەردىن ئىدى.

84 _ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە ساغلام دىل بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى.

85 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟

86 _ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟

87 _ سىلەر ئالەملەرنىڭ رەببىنى قانداق گۇمان قىلىۋاتىسىلەر؟ (يەنى سىلەرنى جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟)» دېگەن ئىدى.

88 _ 89_ ئۇ يۇلتۇزلارغا بىر قارىۋېتىپ: «مەن كېسەل بولۇپ قالدىم» دېدى.

90 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى.

91 _ 92_ ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «(ئالدىڭلارغا قويۇلغان تاماقلاردىن) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟» دېدى.

93 _ ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇلارنى چېقىشقا باشلىدى.

94 _ ئۇلار (يەنى ئىبراھىمنىڭ قەۋمى) ئۇنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىشتى.

95 _ ئىبراھىم: « (ئۆزۈڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟

96 _ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ياراتقان ئاللاھتۇر» دېۋىدى،

97 _ ئۇلار: «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر قورۇق ياساڭلار، ئاندىن ئۇنى (شۇ قورۇق ئىچىدىكى) ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى.

98 _ ئۇلار ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان ئىدى، بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق.

99 _ ئىبراھىم: «مەن رەببىم (بۇيرۇغان يەر)گە ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ.

100 _ ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» دېدى.

101 _ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

102 _ ئۇ (ئوغۇل) ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن».

103 _ 106_ ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنۇپ، (ئىبراھىم ئۇنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنىچە ياتقۇزغان ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! سەن راستتىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شەكسىزكى، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر» دەپ نىدا قىلدۇق.

107 _ بىز ئۇنىڭ (ئوغلىنىڭ) ئورنىغا (جەننەتتىن چىققان) چوڭ بىر قۇربانلىق (قوچقار)نى بەردۇق.

108 _ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

109 _ ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!

110 _ بىز ئەلۋەتتە (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

111 _ شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

112 _ بىز ئۇنىڭغا ياخشىلار ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

113 _ ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا بەرىكەت ئاتا قىلدۇق، ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (كۇفرى _ مەئسىيەت قىلىپ) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ.

114 _ شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغىمۇ (پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىش بىلەن) ئېھسان قىلدۇق.

115 _ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى چوڭ بالادىن قۇتقۇزدۇق.

116 _ بىز ئۇلارغا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار غەلىبە قىلدى.

117 _ ئۇ ئىككىيلەنگە (تەۋراتتىن ئىبارەت) روشەن بىر كىتابنى بەردۇق.

118 _ ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىدۇق.

119 _ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

120 _ مۇساغا ۋە ھارۇنغا سالام بولسۇن!

121 _ بىز ئەلۋەتتە (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

122 _ ئۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

123 _ ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

124 _ 126_ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە: «(ئاللاھتىن) قورقماسىلەر؟ ئەڭ ئەۋزەل ياراتقۇچى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار، ئىلگىرىكى ئاتا _ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببى بولغان ئاللاھنى قويۇپ بەئلىگە[1] چوقۇنامسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

127 _ ئۇلار ئۇنى يالغانچى دېدى. شۇڭا، ئۇلار چوقۇم (جەھەننەمگە) ھازىر قىلىنىدۇ.

128 _ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

129 _ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

130 _ ئىلياسقا سالام بولسۇن!

131 _ بىز ئەلۋەتتە (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

132 _ ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

133 _ لۇتمۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

134 _ 135_ بىز ئۆز ۋاقتىدا لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قالغان قېرى ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق.

136 _ ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق

137 _ 138_ (ئى مەككىلىكلەر!) سىلەر ئۇلارنىڭ خارابىلىرىدىن ئەتىگەن _ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

139 _ يۇنۇسمۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

140 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قېچىپ، (ئادەم بىلەن) تولۇپ كەتكەن بىر كېمىگە چىقىۋالدى.

141 _ يۇنۇس (كېمىدىكىلەر بىلەن) چەك تاشلاشقان بولۇپ[2]، ئۇ دېڭىزغا تاشلىنىدىغان بولۇپ چىقتى (ئاندىن دېڭىزغا تاشلاندى).

142 _ ئۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىپ تۇرغان ھالىتىدە، ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى.

143 _ 144_ ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى.

145 _ بىز ئۇنى (بېلىقنىڭ قارنىدىن) بىر قاقاس يەرگە ئاتتۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنى زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

146 _ ئۇنىڭ ئۇستىگە (سايە تاشلاپ تۇرسۇن دەپ) بىر تۈپ كاۋا ئۆستۈرۈپ بەردۇق.

147 _ ئۇنى بىر يۈز مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق.

---

(1) بەئلى _ ھازىرقى لىۋاندىكى بىر ۋادىدا ياشىغان ئاھالىلار چوقۇنىدىغان بىر بۇتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋادىنىڭ ئاھالىسىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. («تەپسىرى بەيزاۋى» 2 _ توم، 2301 _ بەت).

(2) كېمىدە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، يولۇچىلاردىن بىرىنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن كېمىدىكىلەر ئۆزئارا چەك تاشلاشقان بولۇپ، چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالغان ۋە ئۇ دېڭىزغا تاشلانغان.

148 _ ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى مەلۇم مۇددەتكىچە ياشاتتۇق.

149 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇشرىكلاردىن سوراپ باققىنكى، قىزلار رەببىڭگە، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمىكەن؟

150 _ ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپتىكەنمۇ؟

151 _ 152_ بىلىڭلاركى، ئۇلار ئويپئوچۇق يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

153 _ ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟

154 _ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق هۆكۈم چىقىرىسىلەر؟

155 _ ئويلاپ باقمامسىلەر؟

156 _ ياكى بۇنىڭغا ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟

157 _ ئەگەر (گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، كىتابىڭلار (بولسا) ئەكىلىپ بېقىڭلار.

158 _ ئۇلار: «ئاللاھ بىلەن جىنلارنىڭ ئوتتۇرىســىدا قۇدا- باجىلىق بار» دەپ جۆيلۈدى. جىنلار ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا تۆهمەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئازابقا) هازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ.

159 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

160 _ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاســەن بەندىلىرىلا بۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار ئاللاھقا تۆهمەت قىلمايدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولمايدۇ).

161 _ 163_ (ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار دوزاخقا كىرىدىغان كىشىدىن باشقا هېچكىمنى ئازدۇرالمايسىلەر.

164 _ (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى): «بىزنىڭ هەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار.

165 _ شەكسىزكى، بىز (تائەت _ ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز.

166 _ بىز ئەلۋەتتە (ئاللاھقا) تەسبىه ئېيتقۇچىلارمىز».

167 _ 169_ (مۇشــرىكلار) هەمىشــە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك بىرەر كىتاب بولســا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق» دەيتتى.

170 _ (ئۇ كىتاب كېلىۋىدى) ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلار (بۇ ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىدۇ.

171 _ شەكسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە ئالدىنئالا بەرگەن بىر سۆزىمىز بار ئىدى.

172 _ ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

173 _ بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

174 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار) بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن.

175 _ سەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ.

176 _ ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟.

177 _ ئازاب ئاگاهلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ هويلىسىغا چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ بۇ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!

178 _ ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن.

179 _ سەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ.

180 _ قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

181 _ پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!

182 _ جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!.

# ساد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 88 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ساختا دەلىللەر بىلەن دەۋالىشىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ۋەز _ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كاپىرلار (ئىمان ئېيتماقتا يوق)، ئەكسىچە ھاكاۋۇرلۇق ۋە (پەيغەمبەرگە قارشى) دۈشمەنلىك ئىچىدىدۇر.

3 _ بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق، (ئازاب كەلگەندە) ئۇلار پەرياد قىلىشتى. ھالبۇكى، ئۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى.

4 _ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، ئۇ كاپىرلار: «بۇ ئۇچىغا چىققان يالغانچى سېھىرگەردۇر.

5 _ ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» دېدى.

6 _ ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ (ئۇلارغا): «سىلەر يۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا (چوقۇنۇشتا) چىڭ تۇرۇڭلار. بۇ (مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش) ئەلۋەتتە پىلانلىق بولۇۋاتقان بىر ئىشتۇر.

7 _ بىز بۇنى ئاخىرقى دىن (خىرىستىيان دىنى) دا ئاڭلىمىغان ئىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر.

8 _ قۇرئان ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا نازىل بولۇپتۇمۇ؟» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (قۇرئان) توغرۇلۇق شەكتىدۇر. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئازابىمنى تېخى تېتىمىدى (ئەگەر تېتىغان بولسا بۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى).

9 _ ئۇلاردا ھەممىگە غالىب، ناھايىتى كەرەملىك رەببىڭنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى بارمۇ؟

10 _ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر شۇنداق بولسا) ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ باقسۇن.

11 _ ئۇلار بىر قانچە گۇرۇھتىن ئۇيۇشقان ۋە مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولغان بىر قوشۇندۇر.

12 _ 13_ ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمى ۋە كۈچلۈك سەلتەنەت ئىگىسى بولغان پىرئەۋن، سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە ئەيكەلىكلەرمۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن ئىدى، ئەنە شۇلار (پەيغەمبەرلەرگە قارشى) ئۇيۇشقان گۇرۇھلار ئىدى.

14 _ ئۇلاردىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلمىغان بىرىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى.

15 _ بۇلار (يەنى مەككىلىك مۇشرىكلار سۇرنىڭ) قىلچە كېچىكتۈرۈلمەيدىغان بىر ئاۋازىنىلا كۈتىدۇ.

16 _ ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ) «ئى رەببىمىز! (سەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابتىن) نېسىۋىمىزنى بۇرۇنراق _ ھېساب كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى.

17 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن ۋە كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن. ئۇ ھەقىقەتەن (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى.

18 _ شەكسىزكى، بىز (ئۇنىڭغا) تاغلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۇ تاغلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى (داۋۇد بىلەن) بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى.

19 _ توپ _ توپ قۇشلارنىمۇ (ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق)، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى.

20 _ بىز ئۇنىڭ سـەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا (ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان) ھېكمەت ۋە (ھەق _ ناھەقنى) ئايرىپ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدۇق.

21 _ 22_ (ئى پەيغەمبەر!) دەۋاگەرلەرنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبادەتگاھنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، داۋۇدنىڭ يېنىغا كىرىۋىدى، داۋۇد ئۇلاردىن قورقۇپ كەتتى. ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز بىر _ بىرىمىزگە يولسـىزلىق قىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى.

23 _ (ئۇلارنىڭ بىرى) «شـۈبھىسـىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشـىمنىڭ توقسـان توققۇز سـاغلىقى بار، مېنىڭ بىرلا سـاغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئاشۇ (بىرلا ساغلىق) نىمۇ ماڭا بەرگىن دەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى» دېدى.

24 _ داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سـېنىڭ سـاغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ سـاغلىقلىرىغا قوشـۇۋېلىشـنى تەلەپ قىلىپ راسـتتىنلا سـاڭا ئۇۋال قىپتۇ. شـېرىكلەرنىڭ تولىسـى بىر _ بىرىگە (شـۇنداق) يولسـىزلىق قىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇنداقلار بەكمۇ ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلىپ، رەببىدىن مەغپىرەت تىلىدى، سەجدىگە باش قويىدى ۋە (ئاللاھقا) تەۋبە قىلدى.

25 _ بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئەلۋەتتە ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە گۈزەل بىر ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ.

26 _ ئى داۋۇد! شـەكسـىزكى، بىز سـېنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشـىلەرنىڭ ئارىسـىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىڭغا ئەگەشمىگىن، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب (ئېلىنىدىغان) كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

27 _ بىز ئاسـماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسـىدىكى شـەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، بۇ كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ھالىغا ۋاي!

28 _ بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشـاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى گۇناھكارلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟

29 _ (بۇ) ئۇلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.

30 _ بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! شەكسىزكى، ئۇ (ئاللاھقا) بەكمۇ ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى.

31 _ ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلۇقى ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

32 _ 33_ ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن بۇلارنى رەببىمنى ياد ئېتىشتىن بەكرەك ياخشى كۆرۈپ كېتىپتىمەن – دە، (قاراپ تۇرۇپ) كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاتلارنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى. (ئاتلار قايتۇرۇپ كېلىنىۋىدى) سۇلەيمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى چېپىشقا باشلىدى.

34 _ 35_ بىز ھەقىقەتەن سـۇلەيماننى سـىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈسـتىگە بىر جەسـەتنى تاشـلاپ قويدۇق، ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) : «رەببىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە مۇيەسسـەر بولمايدىغان بىر ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن» دەپ تەۋبە قىلدى.

36 _ بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى.

37 _ 38_ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇسـتا بىناكار ۋە غەۋۋاس شـەيتانلارنىڭ ھەممىسـىنى، يەنە زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان نۇرغۇن شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

39 _ (بىز سـۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ ئىنئامىمىزدۇر، (باشـقىلارغا) بەرگىن ياكى بەرمىگىن، (سـەندىن) ھېسـاب ئېلىنمايدۇ».

40 _ شەكسىزكى، سۇلەيمان بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە گۈزەل جايغا ئىگە بولىدۇ.

41 _ (ئى پەيغەمبەر!) بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە دۇئا قىلىپ: «شەيتان ماڭا كۆپ جاپاــ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلغان ئىدى.

42 _ بىز ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» (دېۋىدۇق، ئۇ يەرنى تەپكەندىن كېيىن، بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭغا) «مانا بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق).

43 _ بىز ئۇنىڭ (ئالەمدىن ئۆتكەن) ئەھلى _ ئەۋلادىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ (يېڭىدىن) بەردۇق. (بۇ) بىزدىن بىر رەھمەتتۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (سەۋرنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىدىغان) نەسىھەتتۇر.

44 _ بىز (ئۇنىڭغا) «قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن»[1] (دېدۇق). بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىنتايىن سەۋرچان ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (ئاللاھقا) ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچىدۇر.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) كۈچلۈك ۋە پاراسەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن.

46 _ بىز ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خىسلەتلىك كىشىلەر قىلدۇق.

47 _ ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە تاللانغان ياخشى كىشىلەردۇر.

48 _ سەن ئىسمائىلنى، ئەلىيەسەئنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.

49 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ (قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە كاتتا) شەرەپتۇر، تەقۋادارلارغا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە گۈزەل بىر مەنزىل بار.

50 _ (ئۇ گۈزەل مەنزىل) دەرۋازىلىرى ئۇلارغا ئوچۇق تۇرىدىغان، كىرگەنلەر مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر.

51 _ ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە (تەختلەرگە) يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى ۋە نۇرغۇن شەربەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

52 _ ئۇلارنىڭ يانلىرىدا باشقىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپلىرى بولىدۇ.

53 _ (ئى تەقۋادارلار!) بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە (بېرىلىدىغانلىقى) ۋەدە قىلىنغان نېمەتتۇر.

54 _ شەكسىزكى، بۇ بىزنىڭ ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغان ئىنئامىمىزدۇر.

55 _ 56_ بۇ (تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالىدۇر، ئەمما كۇفرىدا ۋە گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر، ئۇ جەھەننەمدۇر. ئۇلار ئۇنىڭغا كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

57 _ بۇ (يۇقىرى ھارارەتلىك) قىزىق سۇدۇر، قان _ يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن.

58 _ يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلارمۇ بار.

59 _ (ئازغۇنلار دوزاخقا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىغا): «بۇ گۇرۇھمۇ سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر» (دېيىلىدۇ. باشلامچىلار) «ئۇلارغىمۇ ياخشىلىق يوق، چۈنكى ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر» (دەيدۇ).

60 _ (ئەگەشكۈچىلىرى): «بەلكى سىلەرگە ياخشىلىق يوق، بۇ (ئازاب)نى بىزگە سىلەر ئېلىپ كەلدىڭلار، بۇ (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!» دەيدۇ.

61 _ (ئەگەشكۈچىلىرى يەنە): «ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى كىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ دوزاخ ئىچىدىكى ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ.

---

(1) ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەل ۋاقتىدا، ئايالىنىڭ ئېتىقادىدا زىت كېلىدىغان بىر خاتا سۆزى سەۋەبلىك، ساقايغاندا ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايالنىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ياخشى خىزمەتلىرى يۈزىسىدىن ئۇنى بىر باغلام چىۋىق بىلەن ئايالنى بىر قېتىم ئۇرۇش ئارقىلىق قەسىمىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. («تەپسىر نەسەفى» 4 _ توم، 66 _ بەت) .

62 _ (باشلامچىلىرى) ئېيتىدۇ: «بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟

63 _ بىز ئۇلارنى (دۇنيادا خاتا) مەسخىرە قىلىپ قالدۇقمۇ ياكى(ئۇلار بۇ يەردە بولسىمۇ) كۆزلەر ئۇلاردىن ئېغىپ كەتتىمۇ؟».

64 _ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا مۇشۇنداق خۇسۇمەتلىشىشى مۇقەررەردۇر.

65 _ (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن, غالىب بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر.

66 _ (ئۇ ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ, زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر, (كاپىرلارنى جازالاشتا) ناھايىتى كۈچلۈكتۇر, (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر».

67 _ 68_ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بۇ (قۇرئان) چوڭ بىر خەۋەردۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەر.

69 _ پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم.

70 _ پەقەت مەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا, ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇ».

71 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن چوقۇم لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن.

72 _ 73 _ ئۇنى تاماملاپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا, دەرھال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار» دېۋىدى، پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي, ھەممىسى سەجدە قىلدى.

74 _ پەقەت ئىبلىسلا (سەجدە قىلمىدى، ئۇ) بويۇنتاۋلۇق قىلىپ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

75 _ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم (قۇدرىتىم) بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن سېنى توسقان نېمە؟ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتامسەن ياكى سەن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ؟».

76 _ ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى.

77 _ 78_ ئاللاھ: «سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ، ساڭا ھەقىقەتەن مېنىڭ لەنىتىم قىيامەت كۈنىگە قەدەر يېغىپ تۇرىدۇ» دېدى.

79 _ ئىبلىس: «ئى رەببىم! ئۇنداقتا، سەن ماڭا (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرسەڭ» دېدى.

80 _ 81_ ئاللاھ: «ئەلۋەتتە ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ» دېدى.

82 _ ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن.

83 _ ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر».

84 _ (ئاللاھ) ئېيتتىكى: «(مېنىڭ سۆزلىرىم) ھەقتۇر، مەن ھەقىقەتەنلا سۆزلەيمەن،

85 _ ئەلۋەتتە سەن بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن».

86 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايمەن, مەن (بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلىپ) ئۆزىنى جاپاغا سالغۇچىلاردىن ئەمەسمەن [1].

87 _ ئۇ (قۇرئان) پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن نەسىھەتتۇر.

88 _ ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىنىڭ (راست ئىكەنلىكىنى) بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر».

---

(1) بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «مەن ئاللاھ ئېيتمىغاننى ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلاردىن ئەمەسمەن» دەپ تەپسىر قىلغان.

# زۇمەر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 75 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، ئەمەل –ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغا خالىس قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە مۇشرىكلىك ئەقىدىسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ بۇ كىتاب (ھەممىگە) غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

2 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، ساڭا بىز ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتابنى نازىل قىلدۇق، سەن دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلىپ ئىبادەت قىلغىن.

3 _ بىلىڭلاركى، خالىس دىن ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز» (دەيدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھېچبىر يالغانچىنى ۋە ھەددىدىن ئاشقان كاپىرنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

4 _ ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقاتىدىن خالىغىنىنى تاللىۋالاتتى. ئاللاھ (بالىسى بولۇشتىن) پاكتۇر، (بەندىلىرىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن) قەھر قىلغۇچى يېگانە ئاللاھتۇر.

5 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە سەير قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

6 _ (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى بىر جان (ئادەم ئەلەيھىسسالام)دىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتى (ھەۋۋا) نى ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن ئەركەك _ چىشى بولۇپ، سەككىزنى[1] سىلەر ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

7 _ ئەگەر سىلەر كاپىر بولساڭلار، (ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇ سىلەردىن رازى بولىدۇ، ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

8 _ ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ (ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ) ئۆز پەزلىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئېيتقىنكى، «سەن كۇفرىلىقىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ دۇنيادىن ئازراق) مەنپەئەتلىنىۋالغىن، سەن چوقۇم دوزاخ ئەھلىدىنسەن.

9 _ (ئاشۇ كاپىر ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇپ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشى)مۇ؟» (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ (بۇنىڭ پەرقىنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ».

---

(1) بۇ يەردە، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىدىن ئەركەك _ چىشى بولۇپ، جەمئىيسەككىز ھايۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

10 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(ئاللاھ دېدىكى) ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بۇ دۇنيادا (ئەمەل – ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ».

11 _ ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن مەن دىننى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم،

12 _ ھەمدە (بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

13 _ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، (قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن».

14 _ ئېيتقىنكى، «مەن دىنىمنى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىمەن.

15 _ (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ خالىغىنىڭلارغا چوقۇنۇڭلار!» ئېيتقىنكى، «ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

16 _ ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنى شۇ (ئازاب) بىلەن قورقۇتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! مەندىن قورقۇڭلار!

17 _ 18_ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغان ۋە ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان كىشىلەرگە (بۇ دۇنيادا ھىدايەت، ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ئەقىللىق كىشىلەردۇر.

19 _ (ئى پەيغەمبەر!) ھەققىدە ئازابلاش ھۆكمى چۈشكەن ئادەم (نى سەن ھىدايەت قىلالمايسەن)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟

20 _ ئەمما رەببىدىن قورققانلارغا (جەننەتتە) قەۋەت – قەۋەت سېلىنغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان سارايلار بار. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

21 _ (ئى پەيغەمبەر!) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن رەڭگارەڭ زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن ئۇنى شاخ _ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر ئۈگۈت بار.

22 _ ئاللاھ كۆڭلى _ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچقان ۋە بۇنىڭ سايىسىدا رەببىنىڭ نۇرى (ھىدايىتى) ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى قېتىپ كەتكەن ئازغۇن ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

23 _ ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى) بىر _ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ.

24 _ قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابتىن ئۆزىنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشقان ئادەم (ئامانلىق ئىچىدىكى ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ (ئۇ كۈندە) زالىملارغا: «قىلغان گۇناھىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

25 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن (يەنى قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلگەن ئىدى.

26 _ ئاللاھ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خارلىقنى تېتىتتى. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ چوڭدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە

ۋەز-نەسىھەت ئالغان بولاتتى).

27 _ شەكسىزكى، بىز كىشىلەرنى ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.

28 _ ئۇلارنى تەقۋادار بولسۇن دەپ، قۇرئاننى ھەرقانداق قىڭغىرلىقتىن خالىي قىلىپ، ئەرەب تىلىدا (نازىل قىلدۇق).

29 _ ئاللاھ (مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر _ بىرى بىلەن تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر قۇل بىلەن بىرلا خوجايىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇلنىڭ ھالى ئوخشاشمۇ؟ (ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس). جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئەمما كىشىلەرنىڭ تولىسى (ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ.

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ.

31 _ (ئى ئىنسانلار!) شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر _ بىرىڭلار بىلەن چوقۇم دەۋالىشىسىلەر.

# يىگىرمە تۆتىنچى پارە

32 _ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟

33 _ بۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن كىشىلەر _ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.

34 _ 35_ ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نېمەتلەر بار. مانا بۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ... 

36 _ ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى ساختا مەبۇدلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ ئازغۇن قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.

37 _ ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ (ھەممىگە) غالىب، (كاپىرلارنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟

38 _ ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى توسۇۋېلىشقا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، تايانغۇچىلار ئاللاھقا (ئىشەنچ بىلەن) تايىنىدۇ».

39 _ 40_ ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، مەنمۇ ئۆز يولۇم بويىچە ئىش قىلغۇچىمەن. سىلەر رەسۋا قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر».

41 _ (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ كىتابنى ئىنسانلار (نى توغرا يولغا باشلاش) ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى (ئۇنىڭ بىلەن) ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگىلا بولىدۇ. سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن.

42 _ ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى توشقۇچە) قويۇپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

43 _ مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارنى شاپائەتچى قىلىۋالدىمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاتالمىش شاپائەتچىلەر ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ، يەنە ئۇلارنى شاپائەتچى قىلىۋالامسىلەر؟»

44 _ ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

45 _ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقىلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار يايراپ كېتىدۇ.

46 _ ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە پەقەت سەن ھۆكۈم چىقىرىسەن».

47 _ ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە فىدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى. (ئۇ كۈنىدە) ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرى (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئىشلار (ئازابلار) ئاشكارا بولىدۇ.

48 _ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ.

49 _ ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە، بىزگە ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن بىرەر نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ (نېمەت) ماڭا پەقەت ئۆز ئىلمىمدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر سىناقتۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

50 _ مۇنداق سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ قىلغان، ئۇلارنىڭ (دۇنيالىقتىن) ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.

51 _ ئۇلار قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۇلار ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ.

52 _ ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، شـــەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

53 _ (ئى پەيغەمبەر! گۇنـاھ قىلىۋېرىـپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغـان بەنـدىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ســـىلەر ئـاللاھنىـڭ رەھمىتىـدىن ئۈمىدســـىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشـىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شـۈبھىســزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

54 _ سىلەر ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلار تەرەپكە يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

55 _ 56_ ســىلەر غەپلەتتە تۇرغاندا ئۇشــتۇمتۇت ئازاب كېلىشــتىن، بىراۋنىڭ: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ئىسسىت! مەن راستىنىلا (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلغانلاردىن بولغان ئىكەنمەن» دەيدىغان كۈنگە قېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار.

57 _ 58_ ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولســا ئىدى، (مەنمۇ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولغان بولاتتىم» دەيدىغان، ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشىمغا مۇمكىن بولسا ئىدى، مەنمۇ (ئىمان ئېيتقان ۋە ئەمەل _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلاردىن بولغان بولاتتىم» دەيدىغان (كۈنگە قېلىشتىن ئىلگىرى ئەڭ گۈزەل سۆز قۇرئانغا ئەگىشىڭلار)».

59 _ (ئۇ ئادەمگە) «سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ئەمەس. ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ ئايەتلىرىم كەلگەن ئىدى، سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلغان، بويۇنتاۋلىق قىلىپ كاپىرلاردىن بولغان ئىدىڭ» (دېيىلىدۇ).

60 _ ســـەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرســـەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈن ئورۇن يوقمىكەن؟

61 _ ئاللاھ تەقۋادارلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا ھېچبىر يامانلىق يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ.

62 _ ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

63 _ ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار— ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

64 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» دېگىن.

65 _ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

66 _ بەلكى سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھيى قىلىندى.

67 _ مۇشرىكلار ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

68 _ سۇر چېلىنغان چاغدا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان ھامان ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ.

69 _ (قىيامەت كۈنىدە) ھېساب مەيدانى رەببىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ، (ھەربىر ئادەمنىڭ) نامە _ ئەمەلى ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

70 _ ھەر ئادەم قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلىنى (مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى) تولۇق ئالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىشقان ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

71 _ كاپىرلار جەھەننەمگە توپ _ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر چىقمىغانمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە چىققان، ئەمما (كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ دېگەن) ھۆكۈم (بىزدەك) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ.

72 _ (ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.

73 _ تەقۋادارلار جەننەتكە توپ _ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە سالام، خۇش كەپسىلەر، جەننەتكە مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار» دەيدۇ.

74 _ ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ بولۇپ) «بارچە ھەمدۇسانا بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بىزنى جەننەتنىڭ زېمىنىغا ۋارىس قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئەمدى جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز. (ئاخىرەتلىك ئۈچۈن) ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ.

75 _ (ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى) سەن پەرىشتىلەرنىڭ رەببىگە تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا، ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە «بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىلىدۇ.

# غافىر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،85 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بىلىمسىز تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش – تارتىش قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھامىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 3_ (بۇ) مۇتلەق غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى، گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئازابى قاتتىق، ئىنئام ئىگىسى _ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر, قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

4 _ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا پەقەت كاپىرلارلا تالاش _ تارتىش قىلىشىدۇ, ئۇلارنىڭ شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن.

5 _ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر)دىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (ئاد، سەمۇد قاتارلىق ئىنكاردا) بىرلەشكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇلار ھەقنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر) بىلەن مۇنازىرە قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتىم. مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟

6 _ شۇنىڭدەك (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە ئازاب ھەق بولغاندەك) رەببىڭنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلار توغرىسىدا: «ھەقىقەتەن ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن سۆزى ھەق بولدى.

7 _ ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە (ئۆزلىرىگە ئوخشاش) ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

8 _ ئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن. سەن ھەقىقەتەن (ھەممىگە) غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.

9 _ (ئى رەببىمىز!) سەن ئۇلارنى يامانلىقلاردىن ساقلىغىن، بۇ كۈندە سەن كىمنى يامانلىقلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

10 _ شۈبھىسىزكى، (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغانلارغا: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بىر _ بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىنىپ تۇرساڭلارمۇ ئىمان ئېيتمايتتىڭلار» دەپ نىدا قىلىنىدۇ.

11 _ ئۇلار: «ئى رىببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ[1]. بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار بولدۇق، ئەمدى (بىزگە دوزاختىن) چىقىش يولى بارمىدۇ؟» دەيدۇ.

12 _ (ئى كاپىرلار! بۇ ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە (ئىمان ئېيتىشقا) چاقىرىلغاندا ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ تۇردۇڭلار. ھۆكۈم قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇتلەق بۈيۈك ئاللاھقا خاستۇر.

(1) ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈش _ ئانىنىڭ قورسىقىدىكى جان كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھالەت بىلەن دۇنيادىكى ئۆلۈمنى، ئىككى قېتىم تىرىلدۈرۈش _ ئانا قارنىدا جان كىرگۈزۈش بىلەن قىيامەت كۈنىدە تىرىلدۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

13 _ (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋە سىلەرگە كۆكتىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان زاتتۇر. پەقەت (ئاللاھقا) يۈزلەنگەن كىشىلەرلا (بۇ ئايەتلەردىن) ۋەز – نەسىھەت ئالىدۇ.

14 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر كاپىرلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار.

15 _ ئاللاھنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، ئۇ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ ھەممە خالايىق ئۇچرىشىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، خالىغان بەندىسىگە ئۆز ھۆكمى بويىچە ۋەھيى نازىل قىلىدۇ.

16 _ خالايىق (قەبرىلىرىدىن چىقىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا) ھازىر بولغان كۈندە ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى مەخپىي قالمايدۇ، بۇ كۈندە پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!

17 _ ئۇ كۈندە ھەركىمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ھېچكىمگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

18 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ چاغدا قايغۇ _ ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر (قورقۇنچتىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىپ قالىدۇ، (ئىمان ئېيتماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ھېچبىر يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ.

19 _ ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

20 _ ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

21 _ ئۇلار زېمىننى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا يەر يۈزىدە كۈچ _ قۇۋۋەت ۋە قالدۇرغان ئىزلىرى جەھەتتە بۇلاردىن (مەككىلىكلەردىن) كۆپ ئۈستۈن ئىدى. (ئۇلار شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ) ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جازالىدى، ئۇلارنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)دىن ھېچكىم قوغداپ قالالمىدى.

22 _ بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى (ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق دەلىل – پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈك، ئازابى قاتتىق زاتتۇر.

23 _ 24_ شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئوپئوچۇق دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە، ھامانغا ۋە قارۇنغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇنى يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى.

25 _ مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرۇڭلار» دېدى. كاپىرلارنىڭ ھىيلە _ مىكرى چوقۇم بەربات بولىدۇ.

26 _ پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى مۇسانى ئۆلتۈرگىلى قويۇڭلار، ئۇ رەببىگە يالۋۇرۇپ باقسۇن. مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيمەن».

27 _ مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار (بولغان ئاللاھ)غا سېغىنىپ، ھېساب بېرىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن».

28 _ پىرئەۋن جەمەتىدىن بولۇپ ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر بىر ئادەمنى پەقەت ‹رەببىم ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە رەببىڭلاردىن (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

29 _ ئى قەۋمىم! بۈگۈنكى كۈندە سىلەر (بۇ) زېمىندا غالىبلارچە سەلتەنەت سۈرۈۋاتىسىلەر. ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا) بىزگە كىم ياردەم قىلالايدۇ؟». پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت ئۆز كۆز قارشىمنى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن».

30 _ 31 _ مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (ئەگەر سىلەر مۇسانى ئۆلتۈرسەڭلار) مەن سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) بىرلەشكەنلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلىشنى خالىمايدۇ.

32 _ ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەر ئۈچۈن (كىشىلەر بىر _ بىرىنى چاقىرىپ) نالە _ پەرياد قىلىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن.

33 _ ئۇ كۈندە سىلەر ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولىسىلەر، سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ».

34 _ شەكسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سىلەر ئۇنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىرىدىن ھەمىشە شەكلىنىش ئىچىدە بولدۇڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار. ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان گۇمانخورنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ.

35 _ ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش _ تارتىش قىلىدىغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ. ھەرقانداق مۇتەكەببىر، زومىگەرنىڭ دىلىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

36 _ 37_ پىرئەۋن: «ئى ھامان! سەن ماڭا بىر ئېگىز مۇنار ياسىتىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن يوللارغا–ئاسماننىڭ يوللىرىغا ئۆلىشىپ، مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن. مەن مۇسانى راستىنلا يالغانچى دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇ (ھىدايەت) يولىدىن توسۇپ قويۇلدى، پىرئەۋننىڭ (مۇساغا قۇرغان) تۇزاقلىرى تامامەن بەربات قىلىندى.

38 _ ئىمان ئېيتقان ھېلىقى كىشى مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن.

39 _ ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتۇر، شەكسىزكى، ئاخىرەت بولسا ئۇ (ھەقىقىي) قارارگاھتۇر.

40 _ كىمكى بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتى بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ.

41 _ ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى نىجاتلىققا دەۋەت قىلىۋاتسام، سىلەرنىڭ مېنى دوزاخقا چاقىرىۋاتقىنىڭلار قانداق بولغىنى؟

42 _ سىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ (نىڭ يولى)غا دەۋەت قىلىۋاتىمەن.

43 _ ھەقىقەت شۇكى، سىلەر مېنى (چوقۇنۇشقا) دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دەۋەت قىلىشقا لايىق نەرسىلەر ئەمەستۇر. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ھەددىدىن ئاشقۇچىلار چوقۇم جەھەننەم ئەھلىدۇر.

44 _ سىلەر پات ئارىدا مېنىڭ سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

45 _ ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنى قورشىۋالدى.

46 _ ئۇلار ئەتىگىنى _ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار!» (دېيىلىدۇ).

47 _ ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «بىز راستتىنلا سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، ئەمدى بىزدىن دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ.

48 _ ھاكاۋۇر باشلامچىلار: «(ھازىر) ھەممىمىز دوزاختىمىز، ئاللاھ ئەلۋەتتە بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولدى» دەيدۇ.

49 _ دوزاختىكىلەر دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر رەببىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ بىزدىن ئازابنى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ يېنىكلىتىپ بەرگەن بولسىكەن» دەيدۇ.

50 _ پەرىشتىلەر: «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەئە (ئەلۋەتتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى)» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ئۇنداق بولسا (ئۆزۈڭلار) دۇئا قىلىڭلار» دەيدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلارنىڭ دۇئاسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

51 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۆئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.

52 _ ئۇ كۈندە زالىملارنىڭ ئۆزرىسى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، ئۇلار (دوزاختىن ئىبارەت) يامان جايغا تاشلىنىدۇ.

53 _ 54 _ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نەسىھەت بولغان كىتابقا ۋارىس قىلدۇق.

55 _ ئى پەيغەمبەر! (مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن. ئاللاھنىڭ (ساڭا ياردەم قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقتۇر، گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى _ ئەتىگىنى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

56 _ شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا تالاش _ تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساڭا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. سەن ئاللاھقا سېغىنىپ (ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

57 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ بىر ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

58 _ كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە (شۇ ئىمانغا لايىق) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغان ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ. سىلەر ناھايىتى ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر.

59 _ قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ.

60 _ رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ».

61 _ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ.

62 _ ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

63 _ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلار (ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

64 _ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى شەكىللىگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر.

65 _ ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىپ ئىبادەت قىلىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!

66 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: «رەببىمدىن ماڭا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم».

67 _ ئاللاھ سىلەرنى (دەسلەپتە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن، ئاندىن ئەلەقتىن[1] ياراتقان زاتتۇر. ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر– سىلەردىن بەزىلەر بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ– ئاندىن سىلەر مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ياشايسىلەر. (بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشقا) ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

68 _ ئاللاھ ھەم تىرىلدۈرىدىغان ھەم ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر. ئۇ (قانداقلا) بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىراده قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ _ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ».

69 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش _ تارتىش قىلىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

70 _ ئۇلار كىتاب (قۇرئان)نى ۋە پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز چۈشۈرگەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلاردۇر. مۇنداقلار ئۇزاققا قالماي (بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ.

71 _ 72_ ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ. ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ.

73 _ 74_ ئاندىن ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دېيىلىدۇ، ئۇلار: «ئۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنى بىزدىن چەتكە ئالدى (يەنى بىزگە ئەسقاتمىدى)، بەلكى بىز ئىلگىرى (ئىبادەت قىلىشقا) ئەرزىگۈدەك بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان ئىكەنمىز» دەيدۇ. ئاللاھ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ.

75 _ بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنسىز خۇشال بولغانلىقىڭلار ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىندۇر.

76 _ سىلەر (ئەمدى) دوزاختا مەڭگۈ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار. مۇتەكەببىرلەرنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان؟

77 _ (ئى پەيغەمبەر!) چىدامىلىق بول! شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ساڭا بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، (بەرىبىر) ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ.

78 _ شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار، ھېچقانداق پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەن چاغدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇ چاغدا (ھەقىقەتكە) قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ.

79 _ ئاللاھ بەزىسىنى مىنىشىڭلار ۋە بەزىسىنىڭ گۆشىنى يېيىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە چارۋىلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر.

80 _ ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. سىلەر ئۇلارغا مىنىپ يۈرۈپ كۆڭلۈڭلاردىكى ھاجىتىڭلارغا ئۇلىشىسىلەر، سىلەر ئۇلارنىڭ ۋە كېمىلەرنىڭ ئۈستىدە توشۇلىسىلەر.

---

(1) ئەلەق توغرۇلۇق ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

81 _ ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر ئاللاھنىڭ دەلىللىرىنىڭ قايسىسىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

82 _ ئۇلار زېمىننى كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلارغا قارىغاندا ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ، كۈچ _ قۇۋۋەت جەھەتتە ئارتۇق ۋە يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.

83 _ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى بىلەن كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى (ئاز _ تولا) بىلىمگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. (نەتىجىدە) ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىدى.

84 _ ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى.

85 _ بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمايتتى. بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھەققىدە يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتىدۇر. بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتتى.

# فۇسسىلەت سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 54 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنى سىلىقلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتۇرۇش ۋە بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھامىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ (بۇ قۇرئان) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

3 _ (بۇ) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرى ئەرەبچە قۇرئان بولغان ھالدا تولۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

4 _ خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ كىتابتىن) يۈز ئۆرۈدى. شۇڭا، ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ.

5 _ ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر پەردە بار. سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى» دەيدۇ.

6 _ 7_ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن. زاكات بەرمەيدىغان، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان مۇشرىكلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

8 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدىغان مۇكاپات بار.

9 _ (سەن ئۇلارغا): «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر» دېگىن.

10 _ ئۇ تولۇق تۆت كۈندە زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر).

11 _ ئاندىن ئۇ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى. ھالبۇكى، ئۇ (ئاسمان) تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا كېلىڭلار» دېۋىدى، ئىككىلىسى: «ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق» دېدى.

12 _ ئاللاھ يەتتە ئاسماننى (يارىتىشنى) ئىككى كۈندە تاماملىدى ۋە ھەر ئاسماندا (بولغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلىدىغان) ئىشلىرىنى بىلدۈردى. ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

13 _ ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن يەنىلا ئىماندىن) باش تارتسا، سەن ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن.

14 _ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن كېلىپ: «بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار!» دېسە، ئۇلار: «ئەگەر رەببىمىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى. بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

15 _ ئاد قەۋمى بولسا يەر يۈزىدە ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ _ قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق كىم بار؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ _ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى.

16 _ ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

17 _ سەمۇد قەۋمىگە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى.

18 _ بىز ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادار بولغان كىشلەرنى قۇتقۇزدۇق.

19 _ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا (تاشلىنىش ئۈچۈن) توپلىنىدىغان كۈندە، ئۇلار (ھەممىسى يىغىلىپ بولغۇچە) توختىتىپ تۇرۇلىدۇ.

20 _ ئۇلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

21 _ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «سىلەر نېمىشقا بىزگە قارشى گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنىمۇ سۆزلەتتى، ئۇ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان زاتتۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ.

22 _ (ھالبۇكى سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا) نە قۇلىقىڭلارنىڭ، نە كۆزۈڭلارنىڭ، نە تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمايتتىڭلار ۋە قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇنلىرىنى «ئاللاھ بىلمەيدۇ» دەپ قارىغان ئىدىڭلار.

23 _ سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا قارىتا ئاشۇ قارىشىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار.

24 _ ئەگەر ئۇلار قانچىلىك چىدامىلىق بولۇپ كەتسىمۇ، دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتىشنى تىلىسە، ھەرگىز قايتۇرۇلمايدۇ.

25 _ بىز ئۇلارغا (شەيتان) دوستلارنى تەيىنلەپ قويدۇق _ دە، ئۇلار (يەنى شەيتان دوستلار) بۇلارغا ئالدىدا ۋە كەينىدە نېمە بولسا ھەممىسىنى چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلار ۋە جىنلار (دىن بولغان گۇناھكارلار) جامائەسىگە تېگىشلىك بولغان ئازاب (بۇيرۇقى) ئۇلارغىمۇ تېگىشلىك بولدى. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

26 _ كاپىرلار: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى.

27 _ بىز (مۇشۇنداق دېگەن) كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىمىز.

28 _ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسى ئەنە شۇ دوزاختۇر. دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازادۇر.

29 _ كاپىرلار (دوزاخقا كىرگەندە دەيدۇكى:) «ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، (ئۇلارنىڭ) دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاياغلىرىمىزنىڭ ئاستىدا تۇتايلى».

30 _ 32_ شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىماندا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ.

33 _ ئاللاھ (نىڭ يولى)غا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەلنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟

34 _ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. (سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى (خىسلەت) بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

35 _ بۇ خىسلەتكە پەقەت (ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇشتا) چىداملىق بولغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋىگە ئىگە ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

36 _ ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (ياخشى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

37 _ ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىن بىرى كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە كۈن بىلەن ئايدۇر. سىلەر قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر (راستتىنلا) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئۇ نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار.

38 _ ئەگەر ئۇلار (يەنى ئاشۇ مۇشرىكلار) چوڭچىلىق قىلسا (يەنى ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، بىلىپ قويسۇنكى) رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر زېرىكمەستىن، كېچە _ كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

39 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى، سېنىڭ زېمىننى قاقاس كۆرۈشۈڭ، (ئاندىن) بىز ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ (زىرائەتلەر بىلەن) ھەرىكەتلىنىپ كۆپۈشىدۇر. شۈبھىسىزكى، (ئۆلگەن) زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

40 _ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزدىن ھەرگىز يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ، دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) خاتىرجەم كېلىدىغان ئادەممۇ؟ (ئى كاپىرلار!) خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

41 _ شەكسىزكى، ئۆزلىرىگە قۇرئان كەلگەندە، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ). قۇرئان ھەقىقەتەن غالىب كىتابتۇر.

42 _ ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرەپتىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن ئېيتىلغان) سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ (تەۋبە قىلغۇچىلار ئۈچۈن) مەغپىرەت ئىگىسىدۇر، (كاپىرلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر.

44 _ مۇبادا بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى بىر قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) ئوچۇق بايان قىلىنسا بولماسمىتى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب) باشقا تىلدا بولامدۇ؟» دەيتتى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئاننى ئاڭلاشقا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر. ئەنە شۇلار يىراقتىن چاقىرىلغۇاتقان (ئەمما نېمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان) ئادەمگە ئوخشاشتۇر».

45 _ شەكسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات) نى ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىندى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش توغرۇلۇق) ئالدىن ئېيتىلغان بىر سۆز بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار قۇرئان توغرىسىدا چوڭقۇر شەكتىدۇر.

46 _ كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلەرگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر.

# يىگىرمە بەشىنچى پارە

47 _ قىيامەتنىڭ (قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى) ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر. مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەرقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارغا: «(سىلەر ماڭا قوشۇۋالغان ئاتالمىش) شېرىكلىرىم قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا (ھېچكىم سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ.

48 _ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلاردىن غايىب بولىدۇ ۋە ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ.

49 _ ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، ئۇ تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

50 _ ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن كېيىن دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ يېنىدا ماڭا ئەلا ياخشىسى بار» دەيدۇ. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى (ئۇ كۈندە) ئېيتىپ بېرىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

51 _ ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ (بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە، (ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ) توختىماي دۇئا قىلىدۇ.

52 _ (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى: «دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان) ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان بولسا، ئاندىن سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان بولساڭلار، (سىلەردەك ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ) يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟».

53 _ ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان _ زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەمدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغانلىقى ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟

54 _ بىلىڭلاركى، ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە شەك ئىچىدىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

# شۇرا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،53 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ۋەھيىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ  داۋامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ ھا، مىم، ئەين، سىين، قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

3 _  (ھەممىگە) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە مۇشۇنداق ۋەھيى قىلىدۇ.

4 _  ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغدۇر.

5 _  ئاسمانلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىپ) يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6 _ ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن.

7 _ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە كىشىلەرنى (كېلىدىغانلىقىدا) قەتئىي شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق. (ئۇ كۈندە ئىنسانلاردىن) بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە جەھەننەمدە بولىدۇ.

8 _ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ. (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر.

9 _  بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقىلارنى ئىگە قىلىۋالدى، پەقەت ئاللاھلا ئىگىدۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

10 _  (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) سىلەر قانداقلا بىر نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھقا خاستۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا تاياندىم، (ھەممە ئىشتا) ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىمەن.

11 _  (ئاللاھ) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، ئۇ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى، ھايۋانلارغىمۇ (ئۆز تىپىدىن) جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچبىر شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

12 _  ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىن (خەزىنىلىرى) نىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

13 _  (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ «دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلۈنمەڭلار» دەپ، دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا تەۋسىيە قىلغانلىرىمىزنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى. سەن مۇشرىكلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ (دىن) ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ ۋە ئۆزى تەرەپكە يول ئالغان ئادەمنى ئۇنىڭغا باشلايدۇ.

14 _ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئەگەر رەببىڭنىڭ (ئۇلارنىڭ جازاسىنى) مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرۈش (ھەققىدىكى) سۆزى ئالدىن دېيىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولاتتى. ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار (كىتاب توغرۇلۇق) چوڭقۇر شەك ئىچىدە بولدى.

15 _ (ئى پەيغەمبەر! سەن ئىنسانلارنى) ئاشۇ دىنغا چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) مۇستەھكەم بولغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «مەن ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشكە ھاجەت يوق. (بەربىر قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ھەممىمىزنى يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر».

16 _ (كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ) ئاللاھنىڭ دەۋىتى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاللاھ (نىڭ دىنى) توغرۇلۇق بەس _ مۇنازىرە قىلىشىدىغانلارنىڭ دەلىللىرى رەببىنىڭ دەرگاھىدا بىكاردۇر. ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

17 _ ئاللاھ كىتابنى ۋە ئادالەتنى ھېكمەت بىلەن نازىل قىلغان زاتتۇر. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى قىيامەت يېقىندۇ.

18 _ قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ تېز بولۇشىغا ئالدىرايدۇ، قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار بولسا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

19 _ ئاللاھ بەندىلىرىگە بەكمۇ كۆيۈمچاندۇر. ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

20 _ كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز، كىمكى دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ (ئۇ كۆزلىگەن) مەنپەئەتتىن بىر قىسمىنى بېرىمىز. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچبىر نېسىۋە يوقتۇر.

21 _ ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمىكەن؟ (ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرھال ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، زالىملارغا دەردلىك ئازاب بار.

22 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ زالىملارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، جازا ئۇلارغا (چوقۇم) چۈشكۈچىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بولسا جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ كاتتا ئىنئامدۇر.

23 _ ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بەرگەن (مۇكاپات) ئەنە شۇدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەردىن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلار (زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭلار) نىلا تىلەيمەن». كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

24 _ ئۇلار (سېنى) «ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدى» دەمدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سېنىڭ قەلبىڭنىمۇ پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى. ئاللاھ باتىلنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

25 _ ئۇ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغان، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

26 _ ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا (مۇكاپاتلىرىنى) ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بار.

27 _ ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىقنى كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. لېكىن، (ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى) ئۆزى خالىغان مىقداردا چۈشۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)دىن تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

28 _ ئاللاھ ئىنسانلار (يامغۇردىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان ۋە رەھمىتىنى ھەر تەرەپكە يايىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

29 _ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى، ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىدە جانلىقلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

30 _ (ئى ئىنسانلار!) بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار سادىر قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ (گۇناھىڭلاردىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

31 _ (ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار) سىلەر يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

32 _ تاغدەك (چوڭ) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا قاتناپ يۈرۈشمۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر.

33 _ ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ _ دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ناھايىتى چىدامچان، كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

34 _ ياكى ئاللاھ (خالىسا، ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ) گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بوران ئەۋەتىپ) كېمىلەرنى ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

35 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە (ئورۇنسىز) دەتالاش قىلىدىغانلار ئۆزلىرىگە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

36 _ سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە پەقەت دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات بولسا ئىمان ئېيتقان ۋە رەببىگە تايانغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

37 _ 39_ ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغان، رەببىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر.

40 _ بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر، كىمكى (يامانلىق قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ زالىملارنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ.

41 _ كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن (يوللۇق ھالدا) ئىنتىقام ئالسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

42 _ ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ناھەق زورلۇق _ زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار.

43 _ كىمكى سەۋر قىلسا ۋە ئەپۇ قىلسا، شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.

44 _ ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇ ئادەمگە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىگە يوقتۇر. زالىملارنىڭ ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

45 _ يەنە ئۇلارنىڭ خارلىقتىن بېشىنى ساڭگىلاتقان ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يوشۇرۇن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇ چاغدا) مۇئمىنلەر: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ، بىلىڭلاركى، (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر.

46 _ ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان دوستلار يوقتۇر. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر (نىجاتلىق) يولى بولمايدۇ.

47 _ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن، قايتۇرۇۋېتكىلى بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. سىلەرگە (ياردەم قىلىدىغان) ھېچقانداق بىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

48 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر بىز ئىنسانغا دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ، قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، (بۇنداق چاغدا) ئىنسان تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدۇ.

49 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ.

50 _ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

51 _ ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋە ياكى بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىقان. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

52 _ 53_ (ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بىلەن قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، (سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى) كىتابنىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، لېكىن بىز ئۇ (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر نۇر قىلدۇق. شەك _ شۈبھىسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولغا _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايسەن. (ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتىدۇ.

# زۇخرۇف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 89 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم» ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە جاھىلىيەتنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھا، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 3_ روشەن كىتاب بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدا قۇرئان قىلدۇق.

4 _ شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئورۇن ئالغان)، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھېكمەتلىك كىتابتۇر.

5 _ سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك قۇرئاننى نازىل قىلىشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟

6 _ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

7 _ ئۇلارغا قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسۇن، ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلغان ئىدى.

8 _ كۈچ _ قۇۋۋەتتە بۇلار (يەنى مەككىلىكلەر)دىن ئۈستۈن بولغانلارنىمۇ ھالاك قىلغان ئىدۇق، ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى (قۇرئاندا) بايان قىلىندى.

9 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەممىگە غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ.

10 _ ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى سېلىنچا قىلغان، (كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يەر يۈزىدە (نۇرغۇن) يوللارنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

11 _ ئاللاھ بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، سىلەرمۇ (قەبرەڭلەردىن) مۇشۇنداق چىقىرىلىسىلەر.

12 _ 14_ ئاللاھ پۈتكۈل جۈپلەرنى ياراتقان، سىلەرنىڭ چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چىققاندا ۋە مىنگەندە رەببىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

15 _ مۇشرىكلار (‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دەپ) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ بىر بۆلىكى قىلىۋالدى. (بۇنداق) ئىنسان ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئوپئوچۇق كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

16 _ (ئى نادانلار!) ئاللاھ مەخلۇقاتتىن ئۆزى ئۈچۈن قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، ئوغۇللارنى سىلەرگە خاس قىلدىمۇ؟

17 _ ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆزلىرى رەھمان ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالغان قىز بالا بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلسە، قايغۇغا چۆمۈپ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ.

18 _ (ئۇلار) زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالسا بولامدۇ؟).

19 _ ئۇلار رەھمان ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەۋالدى. ئەجەبا ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشىنى كۆرگەنمىدى؟ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى يېزىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ.

20 _ ئۇلار: «رەھمان ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ئۇلارغا چوقۇنمايتتۇق» دېدى. بۇ خۇسۇستا ئۇلارنىڭ ھېچبىر بىلىمى يوق، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ.

21 _ ياكى بىز ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرەر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلىۋاتامدۇ؟

22 _ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار: «بىز ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپىمىز» دەيدۇ.

23 _ شۇنىڭدەك (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭىمىز» دېيىشەتتى.

24 _ (ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا _ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن تۇرسام (سىلەر يەنە ئاتا _ بوۋاڭلارنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇۋالامسىلەر؟)» دېگەندە، ئۇلار: «بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى.

25 _ بىز ئۇلارنى جازالىدۇق. (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

26 _ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن،

27 _ پەقەتلا مېنى ياراتقان ئاللاھتىن يىراق ئەمەسمەن. ھەقىقەتەن ئۇ مېنى توغرا يولغا باشلايدۇ» دېدى.

28 _ ئىبراھىم ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى ئىمانغا قايتسۇن دەپ، (‹ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق› دېگەن) تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۇلاردا قالدۇرۇپ كەتتى.

29 _ (ئى پەيغەمبەر!) بەلكى مەن بۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى)نى ۋە بۇلارنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىنى تاكى ئۇلارغا ھەق (قۇرئان) ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەر كەلگەنگە قەدەر ياشىتىپ (دۇنيا نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن قىلدىم.

30 _ ئۇلارغا ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ سېھىردۇر، بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى.

31 _ ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىگە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دېيىشتى.

32 _ رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدىكەن؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىدىن ياخشىدۇر.

33 _ ئىنسانلار ھەممىسى (كاپىرلىقتا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق.

34 _ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ساپالىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق،

35 _ ھەمدە (ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى) ئالتۇندىن بېزەپ بېرەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدۇر. رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى ئاخىرەت (مۇكاپاتلىرى بولسا) تەقۋادارلارغا خاستۇر.

36 _ كىمكى رەھمان ئاللاھنىڭ زىكرى (بولغان قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا بىر شەيتاننى يانداپ قويىمىز _ دە، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ.

37 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ.

38 _ شەيتان ھەمراھ بولغان ئادەم دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسىچۇ! سەن نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!» دەيدۇ.

39 _ (ئۇلارغا) «سىلەر (دۇنيادىكى چاغدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىلىدۇ.

40 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن (ھەقنى ئاڭلىمايدىغان) گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن ياكى (مەنىۋى) كورلارغا يول كۆرسىتەلەمسەن؟ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا بولغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالامسەن؟

41 _ (ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى) بىز سېنى (دەرگاھىمىزغا) ئېلىپ كەتسەك، (سېنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىن) ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز.

42 _ ياكى بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى (سەن ھايات چاغدا كەلتۈرۈپ) ساڭا كۆرسىتىمىز. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئۇلارغا كۈچىمىز يېتىدۇ.

43 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان(قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولدىسەن.

44 _ شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر. سىلەر كەلگۈسىدە (ئۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيىتىڭلاردىن) سورىلىسىلەر.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز (نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)دىن سوراپ باققىنكى، بىز رەھمان ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلەپتىمىزمۇ؟

46 _ شەكسىزكى، بىز مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى.

47 _ مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلدى.

48 _ بىز ئۇلارغا بىر _ بىرىدىن چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى كۇفرىدىن قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

49 _ ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! سەن رەببىڭنىڭ (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىمەن دېگەن) ۋەدىسى بويىچە، ئۇنىڭغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، بىز چوقۇم توغرا يولغا كىرىمىز» دېدى.

50 _ (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىۋىدۇق، ئۇلار شۇ ھامان (گېپىدىن) يېنىۋېلىپ (كۇفرىدا) چىڭ تۇرۇۋالدى.

51 _ 52_ پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بەلكى مەن گېپىنى ئوچۇق قىلالمايدىغان شۇ ئەرزىمەس ئادەم (مۇسا)دىن ياخشىمەن.

53 _ (ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلاپ بېرىلسە ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلسە بولمامتى؟».

54 _ (پىرئەۋن) قەۋمىنى (شۇنداق) ئالدىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى.

55 _ ئۇلار بىزنى غەزەپلەندۈرگەندە، بىز ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق.

56 _ ئۇلارنى بىز كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆتمۈشنىڭ (ئاچچىق) ئەسلىمىسى ۋە ئىبرەت قىلدۇق.

57 _ (ئى پەيغەمبەر!) مەريەمنىڭ ئوغلى (ئىيسا) مىسال كەلتۈرۈلسە، سېنىڭ قەۋمىڭ شۇ ھامان خۇشاللىقتىن سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ.

58 _ ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت جېدەل تېرىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر.

59 _ ئۇ (ئىيسا) پەقەت بىزنىڭ (پەيغەمبەرلىك) نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، بىز ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق.

60 _ ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە زېمىندا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەرنىڭ ئىزىڭلارنى باسىدىغان پەرىشتىلەرنى قىلاتتۇق.

61 _ شەكسىزكى، ئۇ (يەنى ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى) ئەلۋەتتە قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا دېگىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر.

62 _ شەيتان سىلەرنى (توغرا يولدىن) توسۇپ قويمىسۇن، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر».

63 _ ئىيسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ دېدى: «مەن سىلەرگە ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم، سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

64 _ شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. بۇ توغرا يولدۇر».

65 _ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىرقىلەر (ئىيسا توغرىسىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى. (قىيامەتتىن ئىبارەت) قاتتىق كۈننىڭ ئازابىدىن كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

66 _ ئۇلار قىيامەتنىڭ ئۆزلىرىگە تۇيۇقسىز ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ.

67 _ بۇ كۈندە دوستلار بىر _ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت تەقۋادارلارلا ئۇنداق ئەمەس (ئۇلارنىڭ دوستلۇقى داۋاملىشىدۇ).

68 _ (ئۇلارغا) «ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم _ قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ).

69 _ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى.

70 _ (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال _ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

71 _ ئۇلارغا (نازۇنېمەتلەر تىزىلغان) ئالتۇن لېگەنلەر ۋە (شەربەت تولدۇرۇلغان) ئالتۇن جاملار ئايلىنىپ تۇرىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر.

72 _ سىلەر قىلغان ئەمەللىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.

73 _ جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر».

74 _ شەكسىزكى، ئۇ (ئىمانسىز) گۇناھكارلار دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

75 _ ئۇلاردىن ئازاب بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە (قۇتۇلۇشتىن) ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر.

76 _ ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

77 _ ئۇلار (دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرىۋەتسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئەلۋەتتە (بۇ ئازابتا شۇنداق) تۇرۇۋېرىسىلەر» دەيدۇ.

78 _ شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ھەق دىننى كەلتۈرگەن ئىدۇق، ئەمما سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ئۇنى ياقتۇرمايتتىڭلار.

79 _ ئۇلار (پەيغەمبەرگە قارشى) بىرەر ئىشنى قارار قىلدىمۇ؟ بىزمۇ چوقۇم (ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىشنى) قارار قىلغۇچىمىز.

80 _ ئۇلار بىزنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. (بىز ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە) بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ (قىلمىشلىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ.

81 _ (ئى پەيغەمبەر! «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا (يەنى ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، (ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر)».

82 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، ئەرشنىڭ رەببى (ئاللاھ) ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن پاكتۇر.

83 _ ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنىگە ئۇچراشقانغا قەدەر (ئۆز باتىللىرىغا) چۆكۈپ ئويناپ تۇرسۇن.

84 _ (ئاللاھ شۇنداق زاتكى) ئۇ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، يەردىمۇ ئىلاھتۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

85 _ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات (ئاللاھ)نىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر. قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم پەقەت ئۇنىڭ دەرگاھىدىدۇر. سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

86 _ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (ئۇلارغا) شاپائەت قىلالمايدۇ، پەقەت ھەق دىنغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەنلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ.

87 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

88 _ (ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى رەببىم! بۇلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن (سۆزىنى بىلىپ تۇرىدۇ).

89 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلارغا) «ئامان بولايلى» دېگىن، ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

## دۇخان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 59 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھا، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ 3 _ روشەن كىتاب (قۇرئان) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىر مۇبارەك كېچىدە نازىل قىلدۇق، شەكسىزكى، بىز ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز.

4 _ بۇ كېچىدە (بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى قاتارلىق) ھەربىر ھېكمەتلىك ئىش ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ.

5 _ (ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلگەن بۇ ئىشلار) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان بۇيرۇقتۇر، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ئىدۇق.

6 _ (بۇ) رەببىڭنىڭ رەھمىتىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

7 _ ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار (بىلىڭلاركى، ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر.

8 _ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ ۋە تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئۇ سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا _ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر.

9 _ بەلكى ئۇلار شەك ئىچىدە ئويناپ يۈرىدۇ.

10 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈننى كۈتكىن.

11 _ (ئۇ تۈتۈن) ئىنسانلارنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر.

12 _ (ئۇ چاغدا ئىنسانلار) «ئى رەببىمىز! بىزدىن بۇ ئازابنى كۆتۈرىۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتتۇق» (دەيدۇ).

13 _ 14_ ئۇلاردا ئىبرەت ئېلىش نەدە تۇرسۇن؟! ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچى پەيغەمبەر كەلدى، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە (ئۇنى): «(قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەنگەن، مەجنۇن ئادەمدۇر[146]» دېدى.

15 _ بىز ئەلۋەتتە ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر چوقۇم (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر.

16 _ بىز شىددەت بىلەن تۇتىدىغان كۈندە ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز.

17 _ بىز ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)دىن ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى ھەقىقەتەن سىنىغان ئىدۇق. ئۇلارغا بىر ئېسىل پەيغەمبەر (مۇسا) كەلگەن ئىدى.

18 _ (مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى (ئىسرائىل ئەۋلادى)نى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. شەكسىزكى، مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

19 _ ئاللاھقا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق مۆجىزە بىلەن كەلدىم.

---

(146) يەنى مۇھەممەدكە قۇرئاننى كاھىنلار ياكى جىنلار ئۆگەتكەن، ئۇ ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدۇر، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، دېمەكچى.

20 _ مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى چالما _ كېسەك (قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلار)دىن پاناھ تىلەيمەن.

21 _ ئەگەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار، مەندىن يىراق تۇرۇڭلار».

22 _ مۇسا: «بۇلار ھەقىقەتەن گۇناھكار قەۋمدۇر» دەپ رەببىگە ئىلتىجا قىلدى.

23 _ 23 _ (ئاللاھ ئېيتتى) «مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، سىلەر ھەقىقەتەن قوغلىنىسىلەر (يەنى قوغلىغۇچىلار ئارقاڭلارغا چۈشىدۇ).

24 _ دېڭىزنى سۈيى يېرىلغان پېتى قويغىن. ئۇلار چوقۇم غەرق قىلىنىدىغان قوشۇندۇر».

25 _ 27_ ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

28 _ شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە باشقىلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ۋارىس قىلدۇق.

29 _ ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى.

30 _ 31 _ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن – پىرئەۋندىن قۇتقۇزدۇق. پىرئەۋن ھەقىقەتەن يوغانچى ئىدى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى.

32 _ شەكسىزكى، بىز (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ، ئۇلارنى (ئۆز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن (ئارتۇق قىلىپ) تاللىدۇق.

33 _ ئۇلارغا روشەن سىناقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق.

34 _ 36 _ بۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) چوقۇم ئېيتىدۇ: «بىز پەقەت بىرلا قېتىم ئۆلىمىز، تىرىلمەيمىز. ئەگەر (ئاخىرەتتە تىرىلىمىز دېگەن) سۆزۈڭلار راست بولىدىغان بولسا، سىلەر بىزنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكېلىپ بېقىڭلار».

37 _ ئۇلار كۈچلۈكمۇ؟ ياكى تۇببەھ[147] قەۋمىمۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلار گۇناھكار ئىدى.

38 _ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكاردىن - بىكار ياراتقىنىمىز يوق.

39 _ ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

40 _ شەكسىزكى، (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان) قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر.

41 _ ئۇ كۈندە دوست دوستقا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

42 _ پەقەت ئاللاھ رەھمەت قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

43 _ 44_ زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر.

45 _ 46 _ ئۇ ياغدەك قىزىقتۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناق سۇدەك قايناydu.

47 _ 48_ (دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» (دېيىلىدۇ).

49 _ (ئۇنىڭغا) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىرى ئىدىڭ.

50 _ شەكسىزكى، بۇ (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن ئازابتۇر» دېيىلىدۇ.

---

[147] تۇببەھ- مىلادىيەدىن ئىلگىرى  ھازىرقى يەمەندە قۇرۇلغان كۈچلۈك بىر پادىشاھلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى سەۋەبلىك تۇببەھ (باغلىغۇچى) دەپ ئاتالغان. بۇ دۆلەت مىلادىيە 400- يىلىدا ئېپوپىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

51 _ تەقۋادارلار ئەلۋەتتە بىخەتەر جايدا بولىدۇ.

52 _ باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

53 _ ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر _ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ.

54 _ ئۇلارنى مۇشۇنداق ئىززەتلەيمىز، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

55 _ ئۇلار جەننەتتە خاتىرجەم ھالدا (كۆڭلى تارتقان) ھەر خىل مېۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

56 _ ئۇلار جەننەتتە ئىلگىرىكى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغاندۇر.

57 _ (بۇلار) رەببىڭ تەرىپىدىن (بېرىلگەن) بىر ئىنئامدۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

58 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭدا (نازىل قىلىپ، ئۇنى) قولايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

59 _ سەن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر.

# جاسىيە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،37 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاخىرەتنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدىغان مۇتەكەببىرلەرنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھا، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

3 _ شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

4 _ سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

5 _ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا ھەقىقەتتى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەي، قانداق سۆزگە ئىشىنىدىغاندۇ؟

7 _ ھەربىر گۇناھكار يالغانچىنىڭ ھالىغا ۋاي!

8 _ ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن «خۇش خەۋەر» بەرگىن.

9 _ ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالىدۇ. ئەنە شۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

10 _ ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان) جەھەننەم تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى ۋە ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە ئىگە تۇتۇۋالغان نەرسىلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

11 _ بۇ (قۇرئان) ھىدايەتتۇر. رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئەڭ شىددەتلىك ۋە ئەڭ ئەلەملىك ئازاب بار.

12 _ ئاللاھ ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ (ئۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

13 _ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

14 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقانلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ ھەربىر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (نىڭ ئەزىيەتلىرى)نى كەچۈرسۇن.

15 _ كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئاندىن كېيىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

16 _ شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

17 _ ئۇلارغا (ھالال – ھارام) ئىشىدا روشەن شەرىئەت ئاتا قىلدۇق، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. شەكسىزكى، رەببىڭ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

18 _ ئاندىن كېيىن، (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، (ھەقىقەتنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن.

19 _ شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھتىن (كېلىدىغان) ھېچبىر نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايدۇ. شەكسىزكى، زالىملار بىر _ بىرىگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر.

20 _ بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچىدۇر، (ھەق ئىكەنلىكىگە) چىن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

21 _ يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقدا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!

22 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، (بۇ) ھەر ئىنساننىڭ قىلغان ئىشىغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

23 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ (ئۇنىڭ پەيلىنى) بىلىپ ئازدۇرغان، قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇنى) ئويلاپ باقمامسىلەر؟

24 _ ئۇلار: «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىزنى پەقەت زامانلا يوق قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت خىيالىغا كەلگەنچە سۆزلەيدۇ.

25 _ ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكىلىپ بېقىڭلار» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

26 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن (كېلىدىغانلىقىدا) قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ».

27 _ ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار زىيان تارتىدۇ.

28 _ (ئۇ كۈندە) ھەربىر ئۈممەتنى تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە _ ئەمەلىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرىلىدۇ، ھەمدە (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەر ئەمەلىڭلارغا يارىشا (مۇكاپات ياكى جازادىن) تېگىشلىك بولغاننى ئالىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

29 _ بۇ (نامە _ ئەمەل) سىلەرگە راستچىللىق بىلەن سۆزلەيدىغان كىتابىمىزدۇر. چۈنكى بىز قىلغانلىرىڭلارنى ئۇنىڭغا يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق.

30 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، رەببى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. مانا بۇ ئېنىق مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

31 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا: «مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلگەندە سىلەر چوڭچىلىق قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ سىلەر (ئەسلىدە) گۇناھقا چۆمگەن قەۋم ئىدىڭلار.

32 _ (سىلەرگە) ‹ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك يوق› دېيىلسە، سىلەر: ‹قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز، (ئۇنىڭغا) بىز چىن ئىشەنمەيمىز› دېدىڭلار» (دېيىلىدۇ).

33 _ ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ.

34 _ (ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشىنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇيمىز، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچىمۇ بولمايدۇ.

35 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالغان ئىدىڭلار ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ئالدىغان ئىدى». بۇ كۈندە ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (ئاللاھنى) رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

36 _ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ رەببى، زېمىننىڭ رەببى ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!

37 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (تەڭداشسىز) ئۇلۇغلۇق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

# يىگىرمە ئالتىنچى پارە

## ئەھقاف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،34 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى: باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىقىنى، شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدىكى شەك _ شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 21 _ ئايەتتە كەلگەن «الأحقاف» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئەھقاف ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا ئۆتكەن ئاد قەۋمىنىڭ دىيارىدۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھا، مىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2 _ (بۇ ھەممىدىن) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

3 _ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن مۇئەييەن بىر مۇددەتكىچە (داۋام قىلدىغان قىلىپ) ياراتتۇق. كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

4 _ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (نىڭ ئەھۋالى)نى ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىننىڭ قايسى بۆلىكىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە يارىتىپتىكەنمۇ؟ ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرنى قوللاپ نازىل قىلىنغان) بىرەر كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان بىرەر ئىلىم بولسا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار».

5 _ ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

6 _ ئىنسانلار (قىيامەت مەيدانىغا) توپلانغان چاغدا، ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلارغا دۈشمەن بولىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

7 _ كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەت (قۇرئان)نى: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ.

8 _ ياكى ئۇلار ئۇنى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن ئاللاھتىن (كېلىدىغان ئازابنىڭ) ھېچبىرىنى توسۇپ قالالمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ، مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

9 _ ئېيتقىنكى، «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

10 _ ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان) ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتقان تۇرسا، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (ھالىڭلار نېمە بولماقچى؟) شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

11 _ كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن: «ئەگەر (بۇ قۇرئان) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتى» دېدى. ئۇلار ئۇ (قۇرئان) بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمىي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ.

12 _ قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (بولغان تەۋرات) يېتەكچى ۋە رەھمەت ئىدى. بۇ (قۇرئان) ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىقلىغۇچىدۇر، زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش، (ئەمەل _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن (نازىل قىلىنغاندۇر).

13 _ «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توپتوغرا يولدا بولغانلارغا شــەكســىزكى، (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ يوقتۇر، (ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە) قايغۇرمايدۇ.

14 _ ئەنە شــۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشــى ئەمەللىرىنى مۇكاپات ئۈچۈندۇر.

15 _ بىز ئىنســاننى ئاتا _ ئانىســىغا (قىلىشــقا تېگىشــلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشــقا بۇيرۇدۇق. ئىنســاننى ئانىســى مۇشــەققەت بىلەن قورســاق كۆتۈرۈپ، مۇشــەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورســاق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ _ قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا _ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى ياخشى كىشىلەردىن قىلغىن، مەن راستتىنلا ساڭا تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دەيدۇ.

16 _ ئەنە شــۇنداق كىشــىلەرنىڭ ياخشــى ئىشــلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشــلىرىنى كەچۈرۈۋېتىمىز. ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، بۇ ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر.

17 _ بەزىلەر (ئۆزىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان) ئاتا _ ئانىسىغا: «ۋاي _ ۋۇي! سىلەر مېنى (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قەبرەمدىن) چىقىرىلىسەن دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟ مەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن نەسىللەر ئۆتتى (ئۇلاردىن كىم تىرىلىپتۇ؟)» دەيدۇ، ئۇ ئىككىسى ئاللاھتىن (ئۇنىڭغا ھىدايەت) تىلەيدۇ ۋە (بالىسىغا): «ئىسىت ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر» دەيدۇ. ئۇ (بالا): «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان بىر ئەپسانىدۇر» دەيدۇ.

18 _ ئەنە شــۇنداق كىشــىلەرگە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنســانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئۈممەتلەر قاتارىدا (ئاللاھنىڭ ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدىكى) ھۆكمى تېگىشلىك بولدى. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

19 _ (مۇسۇلمان ۋە كاپىر) ھەممىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

20 _ كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى): «ســىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار. ســىلەر يەر يۈزىدە ئورۇنســىز چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشــتىن) باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر».

21 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاد قەۋمىنىڭ قېرىندىشــى (ھۇد)نىڭ قىســســىســىنى بايان قىلغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر)دىكى قەۋمىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. (ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ): «سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەن راستتىنلا سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى.

22 _ ئۇلار: «(ئى ھۇد!) ســەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توســقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر ســەن (ســۆزۈڭدە) راســتچىللاردىن بولســاڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتۇۋاتقان شۇ ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىن» دېدى.

23 _ هۇد: «(ئازابنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى) بىلىم پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن سىلەرگە پەقەت ماڭا كەلگەن ۋەھيىنىلا يەتكۈزىمەن. ئەمما مەن سىلەرنى نادان قەۋم دەپ قارايمەن» دېدى.

24 _ ئۇلار ئازابنى ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقان هالدا كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ئېلىپ كەلگەن بىر بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. (هۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بولغان بوراندۇر.

25 _ ئۇ (بوران) رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن هەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار هالاك بولۇپ، ئۇ يەردە) ئۇلارنىڭ (خارابىگە ئايلانغان) ئۆي _ ماكانلىرىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز گۇناهكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

26 _ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى سىلەرگە بەرمىگەن(كۈچ _ قۇۋۋەت ۋە بايلىق قاتارلىق) نەرسىلەرگە ئىگە قىلغان ئىدۇق. ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە قەلبلىرى هېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۆزلىرىنى قورشىۋالدى.

27 _ (ئى مەككە ئاهالىسى!) بىز هەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەهەرلەرنى هالاك قىلدۇق. ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى (هەرخىل ئۇسۇلدا) قايتا _ قايتا بايان قىلدۇق.

28 _ ئۇلارنىڭ (ئاللاهقا) يېقىنلىق ئىزدەيمىز دەپ ئاللاهنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى (ئازاب كەلگەن چاغدا) ئۇلارغا ياردەم قىلسا بولمامتى؟ بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غايىب بولدى. بۇ (يەنى بۇتلار بىزنى ئاللاهقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دېگەن سۆز) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇپ چىققان يالغىنىدۇر.

29 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە هازىر بولغاندا (بىر _ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشكەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىگە ئاگاهلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشقان ئىدى.

30 _ ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! هەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتابلار)نى ئېتىراپ قىلىدىغان، هەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتاب (قۇرئان)نى تىڭشىدۇق.

31 _ ئى قەۋمىمىز! ئاللاهنىڭ دەۋەتچىسى (مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاه بەزى گۇناهىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ.

32 _ كىمكى ئاللاهنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاه (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، (ئازاب كەلگەندە) ئۇنىڭغا ئاللاهتىن باشقا ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ. ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

33 _ ئۇلار (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاه ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. شەكسىزكى، ئاللاه هەممە نەرسىگە قادىردۇر.

34 _ كاپىرلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدىغان كۈندە: «بۇ راست ئەمەسمىكەن؟» (دېيىلىدۇ) ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئەلۋەتتە راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاه (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، ئىنكار قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

35 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردەك چىداملىق بولغىن، ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازابقا) ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاهلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن كۈندە، (دۇنيادا) كۈندۈزنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىلا تۇرغاندەك هېس قىلىدۇ، بۇ بىر (هەقنى) يەتكۈزۈشتۇر، ئاللاهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمدىن باشقىسى هالاك قىلىنمايدۇ.

## مۇھەممەد سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 39 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ.

2 _ ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت — قۇرئانغا چىن ئىشەنگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ.

3 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار باتىلغا ئەگەشتى، ئىمان ئېيتقانلار بولسا رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشتى. ئاللاھ ئىنسانلارغا (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان) شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

4 _ سىلەر (جەڭ مەيدانىدا) كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ كۆپىنى قىرىپ (تاشلىغاندىن كېيىن، قالغانلىرىنى) مەھكەم باغلاڭلار (يەنى ئەسىر ئېلىڭلار)، ئاندىن ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى (ئۇرۇشسىزمۇ) جازالىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى بىر _ بىرىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (سىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى). ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

5 _ ئاللاھ ئۇلارنى (جەننەتكە) يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ،

6 _ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

7 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ.

8 _ كاپىرلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

9 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)نى يامان كۆرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلىۋەتتى.

10_ ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

11 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

12 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار بولسا (دۇنيا ھاياتىدىن بىرئاز) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھايۋانلاردەك يەپ _ ئىچىدۇ. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

13 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەر (مەككە) نىڭ ئاھالىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى.

14 _ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمگە ئوخشامدۇ؟

15 _ تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە ھەرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە _ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟

16 _ ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (مەسخىرە قىلغانلىقتىن): «بايا (مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلەردۇر.

17 _ ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەقۋالىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

18 _ كاپىرلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇزىگە تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئەلۋەتتە كەلدى. قىيامەت كەلگەن چاغدا ئۇلار قانداقمۇ ۋەز _ نەسىھەت ئالىدۇ؟

19 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەر _ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارنى ۋە تۇرار جايىڭلارنى بىلىدۇ.

20 _ ئىمان ئېيتقانلار: «كاشكى، (جىھاد ھەققىدە) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا ئىدى» دەيدۇ. جىھادتىن سۆز ئېچىلغان، مەزمۇنى ئېنىق بىرەر سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا، دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ ساڭا ئۆلۈمدىن (قورقۇپ) ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

21 _ ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى.

22 _ (ئى مۇناپىقلار!) ئەگەر سىلەر (قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭلار ۋە تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويۇشىڭلار مۇمكىن.

23 _ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلىپ، (ھەق سۆزنى ئاڭلاشتىن) گاس، كۆزلىرىنى (توغرا يولنى كۆرۈشتىن) كور قىلىپ قويدى.

24 _ ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار.

25 _ شەكسىزكى، ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن (ئىماندىن) يېنىۋالغانلارغا شەيتان (مۇرتەدلىكنى) چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنندۇردى.

26 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرىنى يامان كۆرىدىغان كاپىرلارغا: «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

27 _ پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولار؟

28-بۇ (ئازاب)نىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىلەرگە ئەگەشتى ۋە ئۇنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى ياقتۇرمىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى.

29 _ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟

30 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا كۆرسىتەتتۇق، سەن ئۇلارنى چوقۇم ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىدىن تونۇيتتىڭ. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن تونۇيسەن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

31 _ بىز سىلەرنى تاكى ئاراڭلاردىن جىھادقا چىققۇچىلارنى ۋە بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە ۋە ئەھۋالىڭلاردىن تولۇق ۋاقىپ بولغانغا قەدەر ئەلۋەتتە سىنايمىز.

32 _ شەكسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان، ئۆزلىرىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

33 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (كۇفرى، نىفاق بىلەن) ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

34 _ شەكسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ.

35- (ئى ئىمان ئېيتقانلار! جىھاد مەيدانىدا) بوشىشىپ قالماڭلار، سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۇرۇپ (دۈشمەننى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار. ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ ئەمەللىرىڭلار (نىڭ ساۋابى)نى ھەرگىز كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

36 _ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن _ تاماشادىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، سىلەردىن (جىھاد ۋە زاكات ئۈچۈن بارلىق) پۇل _ مېلىڭلارنى تەلەپ قىلمايدۇ.

37 _ ئەگەر ئۇ سىلەردىن پۇل _ مېلىڭلارنى قاتتىق تەلەپ قىلسا، سىلەر بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ (چىقىم قىلىشقا بولغان) ئۆچلىكىڭلارنى ئاشكارىلايدۇ.

38 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل _ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، بېخىللىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ئاللاھ (ھېچ نەرسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، سىلەر بولساڭلار ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ.

# فەتھ سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 29 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەقىقىي ساداقەتمەن مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلاھىي ۋەدىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 3_ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سېنى توغرا يولغا باشلىشى، ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق.

4 _ ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

5 _ (بۇ ئىلتىپاتلار ئاللاھنىڭ) مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

6 _ (شۇنداقلا) ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر. يامان ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

7 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

8 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، بىز سېنى گۇۋاھلىق بەرگۈچى، خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

9 _ (ئى ئىنسانلار! بۇ) سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئۇ پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىشىڭلار، ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلار ۋە ئەتىگەن _ ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

10 _ شەكسىزكى، (ئى پەيغەمبەر! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا بەيئەت قىلغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئۇنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

11 _ سەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار ساڭا: «بىز ماللىرىمىز ۋە بالىچاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ چىقالمىدۇق، سەن بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن» دەيدۇ، ئۇلار دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى بىرەر پايدىنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ (ئىرادىسى) ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن كىم بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

12 _ (ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس) بەلكى سىلەر: پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر ئۆز ئۆيلىرىگە مەڭگۈ قايتالمايدۇ، دەپ ئويلىدىڭلار، بۇ (ئويۇڭلار) دىللىرىڭلاردا ياخشىدەك تۇيۇلدى. سىلەر (ئۇلار ھەققىدە) يامان ئويدا بولدۇڭلار _ دە، ھالاك بولغۇچى قەۋم بولۇپ قالدىڭلار».

13 _ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن، شەكسىزكى، بىز (بۇنداق) كاپىرلارغا دوزاخنى تەييارلىدۇق.

14 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15 _ (ھۇدەيبىيەدىن) قېلىپ قالغانلار سىلەر غەنىيمەت ئالغىلى ماڭغاندا: «رۇخسەت قىلىڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى» دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس دېگەن) سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنىڭ بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ، ئاللاھ ئىلگىرى سىلەر توغرۇلۇق مۇشۇنداق دېگەن» دېسەڭ، ئۇلار: «ياق (ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ. (ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس) بەلكى ئۇلار (دىننىڭ ئەھكاملىرىنىڭ) ئاز قىسمىنىلا چۈشىنىدۇ.

16 _ سەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە) چىقماي قېلىپ قالغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا بەك كۈچلۈك بىر قەۋمگە (قارشى ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلىسىلەر. يا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر ياكى ئۇلار مۇسۇلمان بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە گۈزەل بىر مۇكاپات بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكىدەك بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازابلايدۇ».

17 _ (جىھادقا چىقمىغان) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى (ئەڭ) دەردلىك ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

18 _ 19_ (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەر ساڭا (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلىۋاتقاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى ۋە ئۇلارنى يېقىندا قولغا كېلىدىغان بىر غەلىبە بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

20 _ ئاللاھ سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلىپ، بۇ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى) نى ئالدىن ئاتا قىلدى، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى. بۇ مۇئمىنلەرگە (ئاللاھنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا) بىر بەلگە بولۇپ قېلىشى ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈندۇر.

21 _ يەنە سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، ئاللاھ (سىلەر ئۈچۈن) ساقلاپ قويغان بىر غەنىيمەتمۇ بار. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

22 _ ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيەدە) ئۇرۇشقان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن ھېچبىر ئىگە، ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايتتى.

23 _ بۇ ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيىتىدۇر. سەن ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

24 _ ئاللاھ مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا قول سېلىشتىن توسقان زاتتۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

25 _ ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە توختىتىپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنى ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توسقانلاردۇر. (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر _ ئايال مۇئمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشىڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئاللاھ ئەلۋەتتە سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشتىن توسمايتتى)، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئەگەر (مۇئمىنلەر كاپىرلاردىن) ئايرىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى (ئەڭ) دەردلىك ئازاب بىلەن جازالايتتۇق.

26 _ كاپىرلار ئەسەبىيلىكنى __ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى __ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىكنى ئاتا قىلدى، ئۇلارنى تەقۋالىق كەلىمىسى (ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، دېگەن سۆز) دە چىڭ تۇرىدىغان قىلدى، ئۇلار شۇنىڭغا ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

27 _ ھەقىقەتەن ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى راستقا ئايلاندۇردى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر. ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغاننى بىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ بۇنىڭدىن (سىلەر مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن) بۇرۇن سىلەرگە يېقىنقى بىر غەلىبىنى ئاتا قىلدى.

28 _ ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈســتۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر. (بۇنىڭغا) گۇۋاھلىق بېرىشكە ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

29 _ مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىســىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار كاپىرلارغا قاتتىق، ئۆزئارىســىدا مەرھەمەتلىكتۇر، ســەن ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان ۋە ســەجدە قىلغان ھالدا كۆرىســەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئالامەتلىرى بار. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى شۇكى، (ئۇلار) بىخ ئۈرۈپ چىقىپ، غولى چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، (بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشــى بىلەن) دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشــايدۇ. (بۇنداق ئوخشــىتىش) مۇئمىنلەر ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەتنى ۋە كاتتا ئەجىرنى ۋەدە قىلدى.

# ھۇجۇرات سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 18 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى ئىمان ۋە ئەخلاق بىلەن يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (ھېچقانداق ئىشتا) ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

2 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (پەيغەمبەرگە سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، بىر _ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

3 _ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۇزۇرىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلار ئاللاھ دىللىرىنى تەقۋالىققا لايىق قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

4 _ (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنى ھۇجرىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر.

5 _ سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى _ تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.

7 _ 8 _ بىلىڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بار. ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە كۇفرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە ئاسىيلىقنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

9 _ ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) قايتسا، (ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي) ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ.

10 _ مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، ئىككى قېرىندىشىڭلار (ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلار)نىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

11 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ (باشقا) ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر _ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر _ بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق دېگەن ئاتاققا قېلىش نېمىدېگەن يامان! كىمكى (بۇنداق ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمايدىكەن، مۇنداقلار (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

12 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر _ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. بىر _

بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىرـــ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ مانا ئۇنىڭدىن يىرگەندىڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13 _ ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

14 _ سەھرالىق ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر «بويسۇندۇق» دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15 _ شەكسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ھەرگىز شەك كەلتۈرمىگەن، پۇل _ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر.

16 _ (ئى پەيغەمبەر! سەھرالىق ئەرەبلەرگە) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا دىنىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىندىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

17 _ ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىۋاتىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل مۇئمىن بولساڭلار، ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، مىننەت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر».

18 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## قاف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 45 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى _ يامان ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈش ياكى جازاسىنى تارتىش قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ دەلىل _ پاكىتلىرىنى ئىدراك قىلىشتىن غاپىل ھالدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2 _ بەلكى كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى، ئۇلار: «بۇ ئاجايىپ بىر ئىشتۇر،

3 _ بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلەمدۇق؟) بۇ (ئېھتىمالدىن) يىراق بىر قايتىشتۇر» دېيىشتى.

4 _ بىز ئۇلار (نىڭ جەسەتلىرى) دىن زېمىننىڭ قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (لەۋھۇلمەھفۇز) بار.

5 _ بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار قالايمىقان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

6 _ ئۇلار ئاسمانىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا ۋە ئۇنى قانداق بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟

7 _ يەر يۈزىنى كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

8 _ (بۇنى ئاللاھقا) يۈزلەنگۈچى ھەربىر بەندىنىڭ ئەقلىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنى ئويغا سېلىش ئۈچۈن (قىلدۇق).

9 _ 10 – بۇلۇتتىن بەرىكەتلىك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق _ سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈردۇق.

11 _ (بۇلارنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن قىلدۇق. ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر .

12 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، رەس ئاھالىسى ۋە سەمۇد قەۋمىمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن ئىدى.

13 _ 14_ ئاد قەۋمى، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى ۋە تۇببە قەۋمى — ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى دېگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب) ئۇلارغا تېگىشلىك بولدى.

15 _ بىز دەسلەپكى قېتىم يارىتىشتا ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) يېڭىدىن يارىتىلىشقا گۇماندىدۇر.

16 _ بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىمىز، بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.

17 _ ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار.

18 _ ئىنسان قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ (ۋە يېزىپ) تۇرىدىغان پەرىشتە بولىدۇ.

19 _ ئۆلۈمنىڭ سەكراتى شەكسىز كېلىدۇ _ دە، «(ئى ئىنسان!) بۇ سەن ئەزەلدىن قېچىپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ).

20 _ سۈر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ (كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندۇر.

21 _ ھەر ئىنسان (ھېساب مەيدانىغا) بىر ھەيدىگۈچى ۋە بىر گۇۋاھچى بىلەن بىللە كېلىدۇ.

22 _ (ئۇنىڭغا) «(ئى ئىنسان!) سەن بۇ كۈندىن غەپلەتتە ئىدىڭ، سەندىن (كۆزۈڭدىكى) پەردىڭنى كۆتۈرىۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى» (دېيىلىدۇ).

23 _ ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان پەرىشتە: «مانا بۇ (نامە _ ئەمەل) مېنىڭ ئالدىمدا تەيياردۇر» دەيدۇ.

24 _ 26_ (ئاللاھ ئۇ ئىككى پەرىشتىگە ئەمر قىلىپ:) «كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچى، ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنىغا) شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەربىر كاپىرنى شىددەتلىك ئازابنىڭ ئىچىگە ئېتىڭلار» (دەيدۇ).

27 _ ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): «ئى رەببىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدى» دەيدۇ.

28 _ 29_ ئاللاھ: «مېنىڭ ئالدىمدا دەۋالاشماڭلار، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ.

30 _ ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ.

31 _ جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمايدىغان جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

32 _ 34_ (جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ:) «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (جەننەت) مۇشۇدۇر، (بۇ جەننەت) ئاللاھقا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، رەھمان ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان ۋە ئىخلاسمەن قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە خاستۇر. سىلەر جەننەتكە ئامان _ ئېسەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر».

35 _ جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا تېخىمۇ زىيادىسى بار.

36 _ بىز ئۇلاردىن (يەنى مەككە كاپىرلىرىدىن) ئىلگىرى ئۇلارغا قارىغاندا بەك كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇ ئۈممەتلەر (ئۆلۈمدىن) قاچىدىغان جاي بارمىدۇ (دەپ) ھەرقايسى شەھەرلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى.

37 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلى بار ياكى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

38 _ شەكسىزكى، بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىزگە ھېچقانداق ھاردۇق يەتكىنى يوق.

39 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

40 _ كېچىدە ۋە سەجدىدىن (نامازدىن) كېيىن ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

41 _ نىدا قىلغۇچى[148] يېقىن بىر جايدىن نىدا قىلىدىغان كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن.

42 _ ئۇ كۈندە (بارلىق خالايىق) سۈر ئاۋازىنى شەك _ شۈبھىسىز ئاڭلايدۇ، ئەنە شۇ (قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر.

43 _ بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارنى) ۋاپات قىلدۇرىمىز ۋە تىرىلدۈرىمىز. قايتىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر.

44 _ ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق يىغىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

[148] نىدا قىلغۇچى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۈر چېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىشى بىلەن ھەممە جانلىق ئۆلىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق چېلىشى بىلەن ھەممە خالايىق تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

45 _ بىز ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن.

# زارىيات سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 60 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بارلىق جانلىقلارنىڭ رىزىق مەنبەسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئەمەل _ ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (تۇپراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن،

2 _ (يامغۇرنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن،

3 _ يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن،

4 _ ھەربىر ئىشنى تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

5 _ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئەلۋەتتە راستتۇر.

6 _ مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چوقۇم بولىدۇ.

7 _ 8_ يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (قۇرئان ھەققىدىكى) گېپىڭلارنىڭ تۈتامى يوقتۇر.

9 _  (ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم قۇرئاندىن بۇرۇۋېتىلىدۇ.

10 _ كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى،

11 _ ئۇلار جاھالەتكە پاتقان غاپىللاردۇر.

12 _ ئۇلار: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

13 _ ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندە (بولىدۇ).

14 _  (ئۇلارغا) «ئازابىڭلارنى تېتىڭلار، مانا بۇ سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ).

15 _ 16 _ شەكسىزكى، تەقۋادارلار رەببى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان (نېمەتلەر)نى قوبۇل قىلغان ھالدا جەننەتلەردە ۋە بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

17 _ ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى.

18 _ سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى.

19 _ ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىدا (كىشىلەردىن ھاجەتلىرىنى) تىلەيدىغان موھتاجلارنىڭ ۋە (ھايا قىلىپ) تىلىمەيدىغان ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەققى بار ئىدى.

20 _ 21_ زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھقا) چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار، سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

22 _ ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ۋە سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر بار.

23 _ ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزى ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغاندەك راستتۇر.

24 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

25 _ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ «سالام» دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى ۋە: «بۇ ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى.

26 _ 27 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ (كاۋاپ قىلىنغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى.

28 _ (ئۇلارنىڭ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ) ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلىدى، ئۇلار: «قورقمىغىن» دېدى ۋە ئۇنىڭغا بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى.

29 _ ئىبراھىمنىڭ ئايالى ۋارقىراپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن بىر تۇغماس موماي تۇرسام (قانداقمۇ تۇغىمەن؟)» دېدى.

30 _ ئۇلار: «رەببىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى پارە

31 _ ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى.

32 _ ئۇلار: «شەكسىزكى، بىز بىر گۇناھكار قەۋمگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق.

33 _ 34 _ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (يەنى كىمگە چۈشىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن) ساپال تاشلارنى ياغدۇرىمىز» دېدى.

35 _ (ھالاك بولمىسۇن دەپ) ئۇ شەھەردىكى مۇئمىنلەرنى دەرھال سىرتقا چىقىرىۋەتتۇق.

36 _ بىز ئۇ شەھەردە مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا ئۇچراتتۇق.

37 _ قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار (نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن ئۇ شەھەردە ئىزنالارنى قالدۇردۇق.

38 _ مۇسا (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇنى روشەن دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە ئەۋەتكەن ئىدۇق.

39 _ پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى ۋە (مۇسانى): «بۇ بىر سېھىرگەر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى.

40 _ بىز ئۇنى ۋە قوشۇننى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، پىرئەۋن ئۆزىگە مالامەت قىلىۋاتاتتى.

41 _ ئاد قەۋمى(نىڭ قىســســســى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇلارغا (ھالاك قىلغۇچى) زىيانلىق بوراننى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

42 _ ئۇ (بوران) قانداقلا نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك قىلىۋېتەتتى.

43 _ سەمۇد قەۋمى (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىۋېلىڭلار» دېيىلگەن ئىدى.

44 _ ئۇلار رەببىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى، ئۇلارنى قاراپ تۇرغان ھالىتىدە چاقماق سوقتى.

45 _ ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ، ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ كۈچى يەتمەي قالدى.

46 _ بىز ئىلگىرى نۇھ قەۋمىنى (ھالاك قىلغان ئىدۇق). ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى.

47 _ ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز.

48 _ بىز زېمىننى (ياشاشقا) قولايلىق قىلدۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى قولايلاشتۇرغۇچىمىز!

49 _ بىز سىلەرنى (ئىلاھىي قۇدرەت ئۈستىدە) ئويلانسۇن دەپ، ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق.

50 _ (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنســانلار!) ئاللاھ تەرەپكە قايتىڭلار. شــەكســىزكى، مەن ســىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

51 _ ســىلەر باشــقا مەبۇدنى ئاللاھقا شــېرىك قىلماڭلار. مەن راســتتىنلا ســىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

52 _ شۇنىڭدەك (يەنى مەككىلىكلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك)، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇلار (ئۇنى ئىنكار قىلىپ): «سېھىرگەر ياكى مەجنۇن» دېگەن ئىدى.

53 _ ئۇلار بۇنداق دېيىشنى بىر- بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر.

54 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلار سەۋەبلىك) سەن ھەرگىز ئەيىبلەنمەيسەن.

55 _ سەن (يەنىلا) ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى ۋەز _ نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىقتۇر.

56 _ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم.

57 _ مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ خالىمايمەن.

58 _ شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەت ۋە كۈچ _ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر.

59 _ شەكسىزكى، بۇ زالىملارغىمۇ ئىلگىرىكى زالىملارنىڭ (ئازابتىن) نېسىۋىسى بولغاندەك نېسىۋە بولىدۇ. ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئازابلاشقا) مېنى ئالدىراتمىسۇن.

60 _ كاپىرلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

# تۇر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 48 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى دەلىل _ پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەك _ شۈبھىلىرىنى بىتچىت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ تۇر تېغى بىلەن،

2 _ 3_ يېيىلغان تېرە قەغەزگە يېزىلغان كىتاب بىلەن،

4 _ بەيتۇلمەئمۇر [149] بىلەن،

5 _ ئاسمان بىلەن،

6 _ ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

7 _ رەببىڭنىڭ ئازابى چوقۇم چۈشكۈچىدۇر!

8 _ ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ!

9 _ ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ.

10 _ تاغلار سۈرۈلۈپ يۈرۈپ كېتىدۇ

11 _ 12_ غەپلەتتە چۆمۈپ ئويناپ يۈرىدىغان كاپىرلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

13 _ ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ.

14 _ 15_ (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغان دېگەن دوزاختۇر. بۇ سېھىرمىكەن؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

16 _ سىلەر دوزاخقا كىرىڭلار! (سىلەر بۇنىڭغا) چىدامسىلەر ياكى چىدىمامسىلەر، سىلەرگە بەرىبىر ئوخشاشتۇر. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

17 _ 18_ شەكسىزكى، تەقۋادارلار رەببى ئاتا قىلغان نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلانغان ھالدا، جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ، رەببى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

19 _ (ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلار (نىڭ مۇكاپاتى) ئۈچۈن سىڭىشلىك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

20 _ ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، بىز شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

21 _ ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى (جەننەتتە) ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە مەسئۇلدۇر.

22 _ (ئۇلار ھۇزۇرلىنىۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە) يەنە ئۇلارنى كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەپ تۇرىمىز.

23 _ ئۇلار جەننەتتە بىر _ بىرىگە بىھۇدە سۆزلەتمەيدىغان ۋە گۇناھقا سەۋەب بولمايدىغان (شاراب تولدۇرۇلغان) جاملارنى تۇتۇشىدۇ.

---

(149) بەيتۇلمەئمۇر _ پەرىشتىلەر تاۋاپ قىلىش بىلەن ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان يەتتىنچى ئاسماندىكى ئىبادەت ئۆيىدۇر.

24 _ ئۇلارنىڭ سەدەپىنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك (كۆرۈنىدىغان) ياش مۇلازىملىرى ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

25 _ (جەننەتتىكىلەر) بىر _ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ.

26 _ ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ئىلگىرى ئائىلىمىزدىكى چاغدا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق.

27 _ مانا ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، (تېنىمىزنىڭ ئىچىگە) ئۆتۈپ كېتىدىغان قاتتىق ئازابتىن ساقلىدى.

28 _ بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاللاھقا دۇئا قىلاتتۇق. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

29 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن. سەن رەببىڭنىڭ رەھمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەس ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن.

30 _ ئۇلار تېخى «ئۇ (مۇھەممەد بولسا) بىر شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتىمىز» دەۋاتامدۇ؟

31 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن».

32 _ ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆزنى) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ بەلكى ئۇلار ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر.

33 _ ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېيىشەمدۇ؟ بەلكى ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ.

34 _ ئەگەر ئۇلار (سۆزىدە) راستچىل بولسا، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

35 _ ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟

36 _ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.

37 _ رەببىنىڭ خەزىنىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىمىكەن ياكى ئۇلار (كائىناتقا) ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىمىكەن؟

38 _ ياكى ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشاش ئۈچۈن (ئاسمانغا چىقىدىغان) شوتىسى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىت كەلتۈرسۇن.

39 _ قىزلار ئاللاھنىڭ، ئوغۇللار سىلەرنىڭمۇ؟

40 _ ياكى سەن ئۇلاردىن (دەۋىتىڭ ئۈچۈن) ھەق تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمۇ؟

41 _ ياكى ئۇلاردا غەيبنىڭ ئىلمى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى (كۆچۈرۈپ) يازامدىكەن؟

42 _ ئۇلار تېخى (ساڭا) تۇزاق قۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ كاپىرلارنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرى بەربات بولىدۇ.

43 _ ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى بارمىكەن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

44 _ ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ (ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ) چۈشۈۋاتقان بىرەر پارچىسىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ.

45 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى ھالاك قىلىنىدىغان (قىيامەت) كۈنىگە قەدەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن.

46 _ ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.

47 _ ئۇ زالىملارغا قىيامەتتىن بۇرۇن (بۇ دۇنيادا) چوقۇم بىر ئازاب بار، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

48 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ (ئازابنى كېچىكتۈرۈش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىسەن، ئورنۇڭدىن تۇرغان ۋاقتىڭدا رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

49 _ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

# نەجم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 62 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ۋەھيىنىڭ راستلىقىنى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2 _ سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) ئازمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى،

3 _ ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.

4 _ پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.

5 _ ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل) ئۆگەتتى.

6 _ 7_ ئۇ (جىبرىل)نىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى.

8 _ 9_ ئاندىن ئۇ ئاستا _ ئاستا پەسلەپ (مۇھەممەدكە) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى.

10 _ ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد) گە قىلىدىغان ۋەھيىنى (جىبرىل ئارقىلىق) قىلدى.

11 _ ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى.

12 _ (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش _ تارتىش قىلىشامسىلەر؟

13 _ 15_ شەكسىزكى، ئۇ (مۇھەممەد جىبرىلنى) ئالدىدا جەننەتۇلمەئۋا بار سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ يېنىدا ئىككىنچى قېتىم كۆردى.

16 _ ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاجايىباتلار) قاپلىغان ئىدى.

17 _ (مۇھەممەدنىڭ) كۆزى (كۆرۈشكە تېگىشلىك شەيئىلەردىن) قايمىدى، ئۆتۈپمۇ كەتمىدى.

18 _ شەكسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ چوڭىنى كۆردى.

19 _ 20 _ (ئى مۇشرىكلار!) ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان مانات (قاتارلىق بۇتلار پايدا-زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟)

21 _ ئوغۇل سىلەرگە، قىز ئاللاھقا خاسمۇ؟

22 _ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.

23 _ بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا _ بوۋىلىرىڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەر (نىڭ ئىلاھلىقى) توغرۇلۇق ھېچبىر دەلىل _ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇ مۇشرىكلارغا رەببى تەرىپىدىن ھىدايەت كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ.

24 _ ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟

25 _ ئاخىرەت ۋە دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

26 _ ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە (شاپائەت قىلىشقا) رۇخسەت قىلغاندىن كېيىنلا (ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ).

27 _ شەكسىزكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلار پەرىشتىلەرنى (ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ) چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ.

28 _ ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىدۇ، پەرەزگە تايىنىپ ھېچقانداق ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

29 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىزنىڭ ۋەز _ نەسىھىتىمىز (قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈگەن، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

30 _ ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك. شەكسىزكى، رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

31 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

32 _ ئۇلار كىچىك گۇناھلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، شەكسىزكى، رەببىڭ مەغپىرىتى كەڭ زاتتۇر. ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى ۋاقتىڭلاردىمۇ، سىلەر ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىڭلاردىمۇ سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاقلىماڭلار. ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ.

33 _ 34 _ (ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان ۋە (بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىدىن) ئازغىنە بىر نەرسە بېرىپ، قالغىنىنى بەرمىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

35 _ ئۇنىڭدا غەيب ئىلمى بولۇپ، ئۇ (غەيبنى) كۆرۈپ تۇرامدۇ؟

36 _ 37_ ئۇ مۇسانىڭ ۋە ۋاپادار ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى (تۆۋەندىكى سۆز) لەردىن خەۋەردار بولمىدىمۇ:

38 _ «بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

39 _ ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

40 _ ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە (قىيامەت كۈنىدە) كۆرۈلىدۇ.

41 _ ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ.

42 _ ئاخىر بارىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر».

43 _ شەكسىزكى، ئاللاھ كۈلدۈرىدۇ ۋە يىغلىتىدۇ.

44 _ ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ.

45 _ 46_ ئاللاھ ھەقىقەتەن بىر جۈپنى — ئەركەك بىلەن چىشىنى (بالىياتقۇغا) تۆكۈلگەن مەنىيدىن ياراتتى.

47 _ ئىككىنچى قېتىم يارىتىشمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھقا خاستۇر.

48 _ ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان بەندىسىنى) باي قىلىدۇ ۋە مەمنۇن قىلىدۇ.

49 _ شەكسىزكى، ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭمۇ [150] رەببىدۇر.

50 _ 51 _ شەكسىزكى، ئاللاھ قەدىمكى ئاد قەۋمىنىمۇ، سەمۇد قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلدى، (ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىدى.

---

(150) شىئرا يۇلتۇزى _ ئەرەبلەرنىڭ خۇزائە قەبىلىسى چوقۇنغان يۇلتۇزدۇر.

52 _ ئىلگىرى ئۇھنىڭ قەۋمىنىمۇ (ھالاك قىلغان ئىدى). شەكسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقۇچى ئىدى.

53 _ 54_ ئاللاھ لۇت قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ئۇ شەھەرنى (دەھشەتلىك ئازاب) قاپلىۋالدى.

55 _ (ئى ئىنسان!) رەببىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟

56 _ بۇ (مۇھەممەد) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلار قاتارىدىكى بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

57 _ قىيامەت يېقىنلاشتى.

58 _ ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى يوقتۇر.

59 _ (ئى مۇشرىكلار!) بۇ سۆز (قۇرئان)دىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟

60 _ 61 _ (ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) يىغلىماستىن، كۈلۈۋاتامسىلەر؟

62 _ (ۋاي سىلەرگە! كېلىڭلار) ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار.

1

## قەمەر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 55 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بۇرۇنقى ئىنكارچىلارنىڭ ھالاكىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كاپىرلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى.

2 _ مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر دەلىل-پاكىتنى كۆرسىلا، (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتىپ: «(بۇ) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىشىدۇ.

3 _ ئۇلار (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن ياكى يامانلىقتىن) ھەربىر ئىش (قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىنى) تاپىدۇ.

4 _ شەكسىزكى، ئۇلارغا (ئۆزلىرىنى كۇفرىلىقتىن) مەنئى قىلىشقا يېتەرلىك خەۋەرلەر كەلدى.

5 _ (بۇ قۇرئان) ۋايىغا يەتكەن ھېكمەتتۇر. (شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارغا) ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۈنۈم بەرمەيۋاتىدۇ.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (قىيامەت) كۈنىدە چاقىرغۇچى (ئىسرافىل ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشتىن ئىبارەت) دەھشەتلىك ئىشقا چاقىرىدۇ.

7 _ ئۇلار قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى تارقىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

8 _ ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرىدۇ، كاپىرلار: «بۇ قىيىن بىر كۈنغۇ» دېيىشىپ كېتىدۇ.

9 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنى يالغانچى دېگەن ئىدى، ئۇلار بەندىمىز (نۇھ)نى ئىنكار قىلىپ مەجنۇن دېگەن ۋە (ئۇنى دەۋەت قىلىشتىن) توسقان ئىدى.

10 _ ئۇ رەببىگە: «مەن راستتىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.

11 _ ئاندىن بىز ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق.

12 _ زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئىشقا بىنائەن، (يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى) سۇ بىر _ بىرىگە قوشۇلدى.

13 _ نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە چىقاردۇق.

14 _ ئىنكار قىلىنغان (نۇھ)نى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى.

15 _ بۇ (ۋەقە)نى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟

16 _ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟

17 _ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز _ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

18 _ ئاد قەۋمىمۇ (پەيغەمبىرى ھۇدنى) يالغانچى دېگەن ئىدى، (ئۇلارغا) مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

19 _ بىز ھەقىقەتەن ئۇلارغا شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان بىر كۈندە سوغۇق بوران ئەۋەتتۇق.

20 _ بوران ئىنسانلارنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، ئۇلار گويا قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى.

21 _ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

22 _ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز _ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

23 _ سەمۇد قەۋمى (پەيغەمبىرى سالىھنىڭ) ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغان دېدى.

24 _ ئۇلار: «ئارىمىزدىكى بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ ئۇ چاغدا بىز راستتىنلا ئازغۇن ۋە ساراڭ بولغان بولىمىز.

25 _ ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل بولۇپتۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىر يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر» دېدى.

26 _ ئۇلار ئەتە (ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

27 _ (بىز سالىھقا) «بىز ھەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، سەن (ئۇلارنىڭ تۆگىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن.

28 _ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا سۇنىڭ تەقسىم قىلىنىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن» (دېدۇق).

29 _ ئۇلار (بۇ تەقسىماتقا نارازى بولۇپ، قەددار ئىسىملىك) بۇرادىرىنى چاقىردى. ئۇ قول سېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى.

30 _ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

31 _ شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خۇددى قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ _ شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق.

32 _ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز _ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

33 _ لۇتنىڭ قەۋمى (ئۇنىڭ) ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغان دېدى.

34 _ 35_ بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش (ياغدۇرغۇچى بوراننى) ئەۋەتتۇق، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىنىلا دەرگاھىمىزدىن بىر نېمەت بىلەن سەھەردە قۇتقۇزدۇق، شۈكۈر قىلغۇچىنى بىز مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

36 _ شەكسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى.

37 _ ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن) تەلەپ قىلغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق).

38 _ ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە (ئاخىرەتكە) ئۇلىنىپ كېتىدىغان ئازاب چۈشتى.

39 _ (ئۇلارغا): «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېيىلدى).

40 _ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز _ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

41 _ شەكسىزكى، پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلدى.

42 _ ئۇلار پۈتۈن مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھەممىدىن غالىب، قۇدرەتلىك بولۇش سۈپىتىمىزگە لايىق بىر شەكىلدە جازالىدۇق.

43 _ (ئى قۇرەيش كاپىرلىرى!) سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئاشۇ (ھالاك قىلىنىغان) لاردىن ياخشىمۇ؟ ياكى ساماۋى كىتابلاردا سىلەر ئۈچۈن (ئازابتىن) كەچۈرۈم بارمۇ؟

44 _ ئۇلار «بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز» دەۋاتامدۇ؟

45 _ بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.

46 _ ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (ئازابنىڭ ۋاقتى) قىيامەتتۇر. قىيامەت (كۈنىدە ئۇلار تارتىدىغان ئازاب بەدرى ئۇرۇشــــدا تارتقانلىرىدىن) ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قاتتىقتۇر.

47 _ گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) ئازغۇنلۇقتىدۇر، (ئاخىرەتتە بولسا) دوزاختىدۇر.

48 _ ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

49 _ بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.

50 _ بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئورۇندىلىدىغان بىرلا سۆزدۇر.

51 _ بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلغان ئىدۇق، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟

52 _ ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى (ئۇلارنىڭ) نامە _ ئەمەلىدە مەۋجۇتتۇر.

53 _ چوڭ _ كىچىك ئىشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېزىلغاندۇر.

54 _ 55_ شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتلەردىكى) باغۇ بوستانلاردا، ئۆستەڭلەرنىڭ ئەتراپىدا، قۇدرەتلىك پادىشاھ (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدىكى مۇكەممەل جايدا بولىدۇ.

# رەھمان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 78 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كىشىلەرنى ئىمانغا تەرغىب قىلىش، كاپىرلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش يولىدا ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ رەھمان ئاللاھ قۇرئاننى بىلدۈردى،

3 _ ئىنساننى ياراتتى،

4 _ ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى.

5 _ كۈن بىلەن ئاي مۇئەييەن ھېساب بويىچە (ئايلىنىپ تۇرىدۇ).

6 _ ئوت _ چۆپلەر ۋە دەل _ دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ.

7 _ 8 _ ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى، ئۆلچەمدە كەم – زىيادە قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئادالەتنى بېكىتتى.

9 _ ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولۇڭلار، تارازىدا (تارتىپ بەرگەندە) كەم بەرمەڭلار.

10 _ ئاللاھ زېمىننى مەخلۇقات ئۈچۈن (ياشاشقا مۇناسىپ قىلىپ) ياراتتى.

11 _ ئۇنىڭدا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى بار،

12 _ يەنە سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار.

13 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

14 _ ئاللاھ ئىنساننى (چەكسە) ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى.

15 _ جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى.

16 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

17 _ ئۇ ئىككى مەشرىقنىڭ ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى ياز ۋە قىشتا قۇياش بىلەن ئاي كۆرۈنىدىغان ۋە ئولتۇرۇپ كېتىدىغان جاي)نىڭ رەببىدۇر.

18 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

19 _ ئۇ (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ.

20 _ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئىلاھىي) توسۇق بولغاچقا، بىر _ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

21 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

22 _ ئۇ ئىككى دېڭىزدىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ.

23 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

24 _ دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭدۇر.

25 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

26 _ يەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەركىم (ۋە ھەممە نەرسە) يوقىلىدۇ.

27 _ ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك رەببىڭ مەڭگۈ قالىدۇ.

28 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

29 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن (ھاجەتلىرىنى) تىلەيدۇ، ئاللاھ ھەر ۋاقىت بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ.

30 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

31 _ ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز.

32 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

33 _ ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، (ئالاھىدە بىر) قۇدرەت بولمىغۇچە سىلەر ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر.

34 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

35 _ سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر.

36 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

37 _ ئۇ چاغدا ئاسمان يېرىلىپ، قىزىل چەمدەك (قىزىرىپ)، قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ.

38 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

39 _ بۇ كۈندە ئىنسان ۋە جىننىڭ (گۇناھكارلىرىدىن) ھېچبىرى ئۆزىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا سوراق قىلىنمايدۇ.

40 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

41 _ گۇناھكارلار ئۆزىنىڭ (قارايغان) چىرايىدىن تونۇلىدۇ، ئۇلار كوكۇلىســـــدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلىدۇ (ۋە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ).

42 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

43 _ مانا بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىپ كەلگەن جەھەننەمدۇر.

44 _ ئۇلار دوزاختا قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن ئوت ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

45 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

46 _ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.

47 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

48 _ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

49 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

50 _ ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار.

51 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

52 _ ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار.

53 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

54 _ ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن) يېقىندۇر.

55 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

56 _ ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، بۇرۇن ھېچبىر ئىنسان ۋە جىنمۇ تۇتۇپ باقمىغان ھۆرلەر بار.

57 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

58 _ گويا ئۇلار ياقۇت ۋە مەرۋايىتتۇر.

59 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

60 _ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر.

61 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

62 _ ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار.

63 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

64 _ ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر.

65 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

66 _ ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار.

67 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

68 _ ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

69 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

70 _ (ئاشۇ تۆت) جەننەتتە (ئەخلاقى) ياخشى ۋە چىرايلىق ھۆرلەر بار.

71 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

72 _ ئۇلار (جەننەتتىكى) چېدىرلار ئىچىدە پەردىلەنگەن ھۆرلەردۇر.

73 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

74 _ بۇرۇن ئۇلارنى ھېچبىر ئىنسان ۋە جىنمۇ تۇتۇپ باقمىغان.

75 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

76 _ ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا راھەتلىنىدۇ.

77 _ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

78 _ ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ ئىسمى ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

# ۋاقىئە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،97 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قىيامەت بولغان چاغدا،

2 _ ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ.

3 _ (ئۇ قىيامەت كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى دەرىجىسىنى) چۈشۈرگۈچىدۇر، (مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنى) كۆتۈرگۈچىدۇر.

4 _ 7_ زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، سىلەر ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر.

8 _ (بىرىنچى پىرقە) نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ئادەملەر!

9 _ (ئىككىنچى پىرقە) نامە _ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر!

10 _ (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلاردا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار مۇكاپاتلىرىنى ئېلىشتىمۇ) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلاردۇر.

11 _ 12_ ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

13 _ 14_ بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر.

15 _ 16_ ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر _ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

17 _ 18_ ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غۇلاملار (مۇلازىم باللار) ئېقىپ تۇرىدىغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ.

19 _ ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ.

20 _ 21_ ئۇلارغا خالىغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بار.

22 _ 23_ ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار.

24 _ بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

25 _ 26_ ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» (ئامان بولۇڭلار) دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايدۇ.

27 _ نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر!

28 _ 34_ ئۇلار تىكەنسىز سىدرى دەرىخىنىڭ، مېۋىسى سانجاق _ سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرىخىنىڭ، دائىملىق سايىنىڭ، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنىڭ، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مول مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋە قىلىن (يۇمشاق) تۆشەكلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

35 _ شەكسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق.

36 _ ئۇلارنى (ھەمىشە) قىزلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان قىلدۇق.

37 _ ئۇلارنى ئەرلىرىگە ئامراق، بىر _ بىرى بىلەن تەڭتۇش قىلدۇق.

38 _ بۇ (ئىنئاملار) نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر ئۈچۈندۇر.

39 _ 40 _ بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپتۇر.

41 _ نامە _ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختسىز كىشىلەر!

42 _ 44_ ئۇلار (بەدەنىنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان) ئوت شامالىنىڭ، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن ھاسىل بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

45 _ چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى راھەت _ پاراغەتكە چۆمگەن ئىدى،

46 _ ئۇلار چوڭ گۇناھتا (كاپىرلىقتا) چىڭ تۇرغان ئىدى.

47 _ 48 _ ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدىمۇ چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا _ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى.

49 _ 50_ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «شــەكســىزكى، ئىلگىرىكىلەرمۇ، كېيىنكىلەرمۇ (قىيامەتتىن ئىبارەت) مەلۇم كۈندىكى مۇئەييەن ۋاقىتتا ئەلۋەتتە توپلىنىدۇ.

51 _ ئاندىن سىلەر، ئى ئازغۇنلۇقتا پاتقان ئىنكارچىلار!

52 _ چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر،

53 _ ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر،

54 _ 55_ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى قايناق سۇنى  ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر».

56 _ مانا بۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر.

57 _  (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتقان تۇرساق، (تىرىلدۈرۈشىمىزگە) نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر؟

58 _ 59_ سىلەر ئۆزۈڭلار (ئاياللىڭلارنىڭ بالىياتقۇسىغا) تۆكىدىغان مەنىيگە قاراپ باقمامسىلەر؟ ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟

60 _ 61_ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بىز تەقدىر قىلدۇق، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان (باشقا) بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز.

62 _  شەكسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار، (ئاللاھنىڭ سىلەرنى قايتا يارىتىشى ھەققىدە) ئويلىنىپ كۆرمەمسىلەر؟

63 _ سىلەر تېرىۋاتقان زىرائەتكە قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

64 _ ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى ئۈندۈرگۈچى بىزمۇ؟

65 _ 67_ ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇۋېتەتتۇق _ دە، ئۇ چاغدا سىلەر گاڭگىراپ قالاتتىڭلار ۋە: «بىز راستتىنلا زىيان تارتتۇق، بەلكى (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق» (دەپ كېتەتتىڭلار).

68 _ سىلەر ئىچىۋاتقان سۇغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

69 _ ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى چۈشۈرگۈچى بىزمۇ؟

70 _ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. سىلەر (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

71 _ سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتقا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

72 _ ئۇنىڭ دەرىخىنى سىلەر ياراتتىڭلارمۇ ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟

73 _ بىز ئۇنى (كىشىلەرگە دوزاخ ئوتىنى) ئەسلىتىدىغان ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق.

74 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

75 _ 76_ يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ ئەلۋەتتە بۈيۈك قەسەمدۇر.

77 _ 78_ شەكسىزكى، بۇ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

79 _ ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ.

80 _ ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

81 _ سىلەر بۇ سۆزنى كۆزگە ئىلماي ۋاتامسىلەر؟

82 _ سىلەر (ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن) رىزقىڭلارغا شۈكۈر قىلماي، (ئۇنىڭغا) تۇزكورلۇق قىلىۋاتامسىلەر؟

83 _ 84_ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، سىلەر (جان تالىشىۋاتقان كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر (شۇ ھالدا ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالامسىلەر؟).

85 _ بىز ئۇنىڭغا سىلەردىن بەكرەك يېقىنمىز، لېكىن سىلەر كۆرمەيسىلەر.

86 _ 87_ ئەگەر (سىلەر ئويلىغاندەك) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار ۋە (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، سىلەر نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى تېنىگە) قايتۇرۇۋالالمايسىلەر؟

88 _ 89_ ئەگەر ئۇ (مېيىت) ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا راھەت _ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بار.

90 _ 91_ ئەگەر ئۇ نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولسا، (ئۇنىڭغا) «نامە ــــ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا سالام!» (دېيىلىدۇ).

92 _ 93 _ ئەگەر ئۇ (تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغۇچى ئازغۇنلاردىن بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ،

94 _ جەھەننەمگە تاشلىنىپ كۆيدۈرۈلىدۇ.

95 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر.

96 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنى (كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

# ھەدىد سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 29 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ _ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھاياتلىق بېرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

3 _ ئاللاھ ھېچ نەرسە يوق ۋاقتىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى، ھەممە يوقالغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇتتۇر، (قۇدرىتى بىلەن) ئاشكارىدۇر، (كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىدىن) مەخپىيدۇر. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

4 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشكە ئۆرلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

5 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

6 _ ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر.

7 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) پۇل _ مال سەرپ قىلغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

8 _ (ئى كاپىرلار!) پەيغەمبەر سىلەرنى رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىۋاتقان، ئاللاھ سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتماقچى بولساڭلار (ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار).

9 _ ئاللاھ سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان زاتتۇر. شەك _ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

10 _ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاس تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل _ مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل _ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) ئۇرۇشقا قاتناشقانلار بىلەن (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن پۇل _ مال سەرپ قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلار باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى كېيىن پۇل _ مال سەرپ قىلغان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرىدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

11 _ كىمكى ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىكەن)، ئۇنداق كىشىگە ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات بېرىدۇ.

12 _ ئۇ كۈندە مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چاقنايدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ).

13 _ ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۇئمىنلەرگە: «توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا: «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەپ بېقىڭلار» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ.

14 _ ئۇلار مۇئمىنلەرنى چاقىرىپ: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسىمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۇئمىنلەر: «(كۆرۈنۈشتە) شۇنداق ئىدى، لېكىن سىلەر (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلدىڭلار، (مۇئمىنلەرگە بالايىئاپەت كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن) شەكلەندىڭلار، (يالغان) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى. ئاخىر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئۆلۈم) كەلدى. ئۇ ئالدامچى (شەيتان) سىلەرنى ئاللاھ كەڭچىلىك قىلىدۇ دەپ ئالدىدى» دەيدۇ.

15 _ (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەردىنمۇ، كاپىرلاردىنمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) فىدىيە ئېلىنمايدۇ، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» (دېيىلىدۇ).

16- ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا) دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردەك بولۇپ قالمىسۇن. زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ئىدى.

17 _ بىلىڭلاركى، ئاللاھ زېمىننى (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگەندىن كېيىن (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرىدۇ. شەكسىزكى، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق.

18 _ سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرگۈچىلەرگە (ئۇلارنىڭ بەرگەنلىرى) ھەسسىلەپ قايتۇرۇلىدۇ ھەم ئۇلارغا تولىمۇ قىممەتلىك بىر مۇكاپات بار.

19 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار— ئەنە شۇلار ئىمانى مۇكەممەل كىشىلەردۇر. شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلار— ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر.

20 _ (ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن _ تاماشىدىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل _ مال ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇشال قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ _ دە، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنجىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كاپىرلارغا) قاتتىق ئازاب بار، (مۇئمىنلەرگە) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا ھاياتى پەقەت (غەپلەتتىكى ئادەم) ئالدىنىپ قالىدىغان بىر مەنپەئەتتىن ئىبارەتتۇر.

21 _ رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان _ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار. بۇ (مەغپىرەت بىلەن جەننەت) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.

22 _ يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن (ھادىسىلەر) ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان بالا _ قازالارنىڭ ھەممىسى بىز يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ كەتكەن ئىدى، شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

23 _ (ئاللاھ بۇنى) قولۇڭلاردىن كەتكەنگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە (ئاللاھنىڭ) بەرگەنلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ماختانچاقلارنى دوست تۇتمايدۇ.

24 _ ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر. كىمكى (ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

25 _ بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق دەلىل – پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى ۋە مىزاننى چۈشۈردۇق. بىز كۈچ _ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولغان تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇق. بۇ ئاللاھنىڭ ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ (ئىمان ئېيتىپ) ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى) ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

26 _ بىز ھەقىقەتەن نۇھنى ۋە ئىبراھىمنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقانلىرى بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

27 _ ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىرىۋالغان رەھبانىيەتكە (تەركىدۇنيالىققا) ئۇلارنى بىز بۇيرۇمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى بەردۇق. ئۇلاردىن كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

28 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ ۋە سىلەرگە سىلەر (يورۇقىدا) ماڭىدىغان نۇرنى ئاتا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

29 _ بۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىگە قىلچىلىك ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل _ كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.

# يىگىرمە سەككىزىنچى پارە

## مۇجادەلە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 29 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەسلىكىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا دەردىنى ئېيتقان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

2 _ سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار[151] قىلغانلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ زىھار قىلغۇچىلار ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

3 _ ئاياللىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلغانلار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. سىلەرگە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

4 _ (ئازاد قىلىشقا قۇل) تاپالمىغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان ئادەم ئاتمىش پېقىرنى تويغۇزۇشى لازىم. بۇ (ھۆكۈملەر) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، (بۇنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئازاب بار.

5 _ شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ. بىز ھەقىقەتەن روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. كاپىرلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

6 _ ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە _ ئەمەلىگە) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

7 _ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

8 _ (ئى پەيغەمبەر!) پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن يەنە پىچىرلاشقان، (پىچىرلاشقاندىمۇ) گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ھەققىدە پىچىرلاشقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، ئاللاھ ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئىچىدە: «(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

---

[151] زىھار ئۈچۈن ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 4 _ ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

9 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پىچىرلاشساڭلار، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار، ياخشىلىق، تەقۋالىق ھەققىدە پىچىرلىشىڭلار ۋە سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

10 _ (گۇناھ، دۈشمەنلىك ۋە ئاسىيلىق توغرىسىدا) پىچىرلىشىش ئىمان ئېيتقانلارنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن شەيتاندىندۇر، (بۇنداق پىچىرلىشىش) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. مۆئمىنلەر ئاللاھقا تايانسۇن.

11 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سورۇنلاردا سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، سىلەر دەرھال ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگىمۇ كەڭ ئورۇن بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

12 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەر بىلەن مۇڭداشماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن مۇڭدىشىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر. ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13 _ سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇڭدىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىش (بىلەن نامرات بولۇپ قېلىش)تىن قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

14 _ سەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى دوست تۇتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ، ئۇ قەۋمگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ.

15 _ ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

16 _ ئۇلار (يالغان) قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋېلىپ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

17 _ ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرى، بالىلىرى ئۇلارنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قىلچە توسۇپ قالالمايدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

18 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە، ئۇلار سىلەرگە (دۇنيادا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) قەسەم ئىچكەندەك ئاللاھقىمۇ قەسەم ئىچىدۇ، بۇ قەسەمنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر.

19 _ شەيتان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارغا ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇردى. ئەنە شۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

20 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدا بولىدۇ.

21 _ ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ يېزىۋەتكەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

22 _ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى، ياكى ئۇرۇق _ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ — دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن. ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان مەدەت بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر.

# ھەشر سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 24 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى ۋە مۇناپىقلارنى جازالاشتىكى كۈچ _ قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2 _ ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر، سىلەر ئۇلارنى (مۇنداق ئوڭاي) چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار قورغانلىرىمىز بىزنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)تىن قوغداپ قالالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھ (نىڭ ئازابى) ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار.

3 _ ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا سۈرگۈنلۈكنى پۈتۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئازابلايتتى. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بار.

4 _ بۇ (سۈرگۈن بىلەن ئازاب) ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى. كىمكى ئاللاھقا مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان) جازاسى قاتتىقتۇر.

5 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ خورما دەرەخلىرىدىن قايسىبىرىنى كەسكىنىڭلار ياكى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغاندۇر. (بۇنداق قىلىش) ئاللاھنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر.

6 _ ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلارنىڭ مال _ مۈلۈكلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى سىلەر ئات _ تۆگىلەر بىلەن چېپىپ يۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە ھۆكۈمران قىلىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

7 _ ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن (ھەرقايسى) شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مال _ مۈلۈكى ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر. بۇ، پۇل _ مالنىڭ ئاراڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرمەسلىكى (يوقسۇللارنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى) ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

8 _ (ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) يۇرت _ ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال _ مۈلۈكىدىن ئايرىلغان يوقسۇل مۇھاجىرلارنىڭ ھەققىدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان، ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر.

9 _ ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغان (ئەنسار) لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن (مۇھاجىر) لارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

10 _ ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەيدۇ.

11 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر دوستلىرىغا: «ئەگەر سىلەر (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا بىر ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

12 _ شەكسىزكى، ئەگەر ئۇلار (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا جەزمەن ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ— دە، ئەھلى كىتاب ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

13 _ شەكسىزكى، (ئى مۆئمىنلەر!) ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھتىن بەكرەك سىلەردىن قورقۇش سىڭىپ كەتكەن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر.

14 _ ئۇلار پەقەت قورغان ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۇرۇشلىرى قاتتىقتۇر، سەن ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر.

15 _ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆزىدىن ئىلگىرى تېخى يېقىندىلا ئۆتكەن ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى (بەدرى ئۇرۇشىدا) تېتىغان (مەككىلىك مۇشرىك)لارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە بەك) قاتتىق ئازاب بار.

16 _ مۇناپىقلار ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دەپ ئازدۇرۇپ، ئۇ كاپىر بولغان چاغدا: «مېنىڭ سەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېگەن شەيتانغا ئوخشايدۇ.

17 _ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتى بىرلىكتە دوزاخقا كىرىش، دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بولدى، ئەنە شۇ زالىملارنىڭ جازاسىدۇر.

18 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىيامەت ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

19 _ سىلەر ھەرگىز ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز نەپسىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

20 _ دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى بولسا مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

21 _ ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز.

22 _ ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان ئاللاھتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى مېھرىباندۇر، تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر.

23 _ ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان ئاللاھتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر. (بارلىق نۇقساندىن) پاكتۇر، سالامەتلىك بەرگۈچىدۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر، (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. ئاللاھ (مۇشرىكلار) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر.

24 _ ئۇ (ھەممىنى) ياراتقۇچى، يوقتىن پەيدا قىلغۇچى، (ھەممە نەرسىگە) شەكىل بەرگۈچى ئاللاھتۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملار ئۇنىڭدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

# مۇمتەھىنە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 13 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى پاكلاش ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان تۇرسا، سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىۋاتىسىلەر، ئۇلار رەببىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

2 _ ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ.

3 _ قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئايرىۋېتىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

4 _ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن بىزارمىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تاياندۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

5 _ ئى رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن. شەكسىزكى، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

6 _ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردە سىلەرگە — ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار. كىمكى (ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىڭلار، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇڭلار دېگەن ئەمرىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

7 _ ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

8 _ (كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

9 _ ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

10 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇئمىن ئاياللار سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى (ئىمانى خۇسۇسىدا) سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقىي مۇئمىن دەپ قارىساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، (كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) تويلۇقىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، (شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، ئۇ كاپىرلارمۇ (سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىنى تەلەپ قىلسۇن، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر. ئاللاھ ئاراڭلاردا (شۇنداق) ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

11 _ ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بەزى ئاياللار (دىنىدىن يېنىۋېلىپ) كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، (ئۇ كاپىرلار مەزكۇر ئاياللارغا سىلەر بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمىسە)، سىلەر (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ) غەنىيمەت ئالغان چېغىڭلاردا، ئايالى كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىيمەتتىن) ئۇلار بەرگەن مەھرىگە تەڭ مىقداردا بىر نەرسە بېرىڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلار ئىشەنگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

12 _ ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، (نومۇستىن ياكى يوقسۇللۇقتىن قورقۇپ) باللىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن تۇغقان بالىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى دەۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار قەبرىلەردىكى كاپىرلار (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىد ئۈزگەندەك ئاخىرەت (تىكى ياخشىلىقلار)دىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردۇر.

# سەف سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 14 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (بارلىق) نەرسە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟

3 _ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر.

4 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ.

5 _ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئەۋەتكەن) پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلەر نېمىشقا ماڭا ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كېتىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ھىدايەتتىن) بۇرىۋەتتى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

6 _ ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا ئوپئوچۇق ئايەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

7 _ ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

8 _ ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى (يەنى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى يالغان گەپلىرى بىلەن بىكار قىلىۋەتمەكچى) بولىدۇ. ئاللاھ بولسا كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.

9 _ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ھەق دىننى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن، ئۆز پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

10 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟

11 _ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن دىلىڭلاردىن) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

12 _ (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ) سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ). بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

13 _ سىلەر ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر نېمەت ئاللاھتىن (سىلەرگە) كېلىدىغان ياردەم ۋە يېقىندا قولغا كەلتۈرۈلىدىغان غەلىبىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە (دۇنيادا غەلىبە ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

14 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھاۋارىيلار (يەنى ئىيساغا دەسلەپ ئەگەشكەن كىشىلەر)دەك ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ھاۋارىيلارغا: «ئاللاھقا (دەۋەت قىلىشتا) مېنىڭ ياردەمچىلىرىم كىملەر؟» دېگەندە، ھاۋارىيلار:

«ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرى بىزدۇرمىز» دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر بۆلىكى ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر بۆلىكى كاپىر بولدى. ئاندىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىب بولدى.

## جۇمۇئە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان،11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (مۇتلەق) پادىشاھ، (نۇقسانلاردىن) پاك، غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ.

2 _ ئاللاھ ئىلگىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان ساۋاتسىزلارغا (ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن زاتتۇر.

3 _ ھەمدە (ئۇ) ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان باشقا قەۋملەرگىمۇ (ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر). ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

4 _ مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.

5 _ تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ (بۇنداق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچى قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

6 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ قارايدىغان بولساڭلار ھەمدە (بۇ قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار».

7 _ ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

8 _ ئېيتقىنكى، «(ئى يەھۇدىيلار!) سىلەر قېچىۋاتقان بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

9 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! جۈمە كۈنى نامازغا (جۈمەگە) ئەزان ئېيتىلسا، سىلەر ئېلىم _ سېتىمنى قويۇپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا) دەرھال بېرىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇنداق قىلغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

10 _ ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىپ (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

11 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆرە تۇرغان (يەنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان) ھالىتىڭدە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ يۈگۈرىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات ۋە نېمەت)لەر تاماشىدىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

# مۇنافىقۇن سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش، مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى ۋە ئىسلامغا قارشى مەۋقەسىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دەيدۇ. ئاللاھمۇ سېنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ (ساڭا گۇۋاھلىق بېرىمىز دېگەن سۆزىدە) چوقۇم يالغانچىلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر.

2 _ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋېلىپ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!

3 _ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى، شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

4 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن، (دىلىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ھەقىقىي دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقلارچە (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

5 _ ئۇلارغا: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلىسۇن» دېيىلسە، ئۇلار باشلىرىنى چايقايدۇ، سەن ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

6 _ ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ، بەرىبىر ئوخشاش. ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىتائەتتىن چىققان (ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغان بۇنداق) قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

7 _ ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار تارقىلىپ كەتسۇن» دەيدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار (بۇنى) چۈشەنمەيدۇ.

8 _ ئۇلار: «بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز بولغان ئەڭ خار بولغاننى ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدۇ» (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىمىز) دېيىشىدۇ. غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر، لېكىن مۇناپىقلار (بۇنى) بىلمەيدۇ.

9 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل _ ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر

10 _ سىلەر بېشىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار.

11 _ ئاللاھ ھېچكىمنى ئەجىلى كەلگەندە كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

# تەغابۇن سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 18 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئالدانغانلىقنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

2 _ ئاللاھ سىلەرنى (يوقتىن) ياراتقان زاتتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) بەزىلىرىڭلار كاپىر بولدۇڭلار، بەزىلىرىڭلار ئىمان ئېيتتىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

3 _ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدى، شەكلىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

4 _ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر.

5 _ سىلەرگە بۇرۇنقىلاردىن كاپىر بولۇپ، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىغانلارنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب بار.

6 _ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «بىزگە بىر ئىنسان يول كۆرسىتەمدىكەن؟» دەپ، (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

7 _ كاپىرلار بىز ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ ئويلىدى، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا): «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر» دېگىن.

8 _ سىلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇر (قۇرئان)غا ئىمان ئېيتىڭلار. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

9 _ ئاللاھ ھەممىنى توپلايدىغان قىيامەت كۈنى سىلەرنىمۇ توپلايدۇ، بۇ (كاپىرلارنىڭ) زىيان تارتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۈندۇر. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

10 _ (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

11 _ (كىشىگە) يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەنلا يېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

12 _ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر (بۇنىڭدىن) باش تارتساڭلار (پەيغەمبەرگە قىلچە زىيان يوق)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا دىنني چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

13 _ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇئمىنلەر ئاللاھقا تايانسۇن.

14 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار. شۇڭا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ياپساڭلار، كەچۈرسەڭلار (ئاللاھمۇ سىلەرنى كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15 _ سىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، (بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلەرگە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

16 _ سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ئۇنىڭ ئۈگۈتلىرىنى) ئاڭلاڭلار، (ئۇنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇنىڭ يولىدا پۇل _ مال) سەرپ قىلىڭلار، بۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مۇرادىغا يېتىدۇ.

17 _ ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرسەڭلار (يەنى پۇل _ مېلىڭلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلساڭلار)، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

18 _ ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

# تەلاق سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان،11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: تالاقنىڭ ئالدىرايدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ چەكلىمىسىنى ۋە تەقۋالىقنىڭ گۈزەل ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى پەيغەمبەر! (سەن ۋە مۇئمىنلەر) ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنى ئىددەت[152] تۇتۇشىغا قولايلىق پەيتتە (يەنى ھەيزدىن پاكلىنىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار ھەمدە ئىددەت ۋاقتىنى ئوبدان ھېسابلاڭلار، رەببىڭلار بولغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇلار ئوپئوچۇق پاھىشە قىلىپ قويمىغان بولسىلا، ئۇلارنى (ئىددىتى توشمىغۇچە) ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ چىقىپ كەتمىسۇن، مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. (ئى تالاق قىلغۇچى!) نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى ئاللاھ شۇنىڭدىن (يەنى تالاقتىن) كېيىن بىرەر ئىشنى (يەنى تالاق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ، ئايالىڭنى قايتۇرۇۋېلىشىڭنى) مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

2 _ 3 _ ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دېگەندە، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان ياكى ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنى گۇۋاھ قىلىڭلار، (گۇۋاھ بولغانلارمۇ) ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ئاساستا گۇۋاھ بولۇڭلار. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا (ئىشەنچ قىلىپ) تايانسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى.

4 _ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغانلارنىڭ ئىددىتى توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، تېخى ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭمۇ (ئۈچ ئايدۇر). ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى يەڭگىش بىلەنلا تۈگەيدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

5 _ (ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە چۈشۈرگەن ئەمرىدۇر. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

6 _ ئۇلارنى (يەنى تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئىددەت تۇتۇۋاتقان مۇددىتى ئىچىدە) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلەردە تۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش (ئارقىلىق كېتىشكە مەجبۇرلاش ) ئۈچۈن، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار، ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى نەپىقە بىلەن تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار، (بۇ خۇسۇستا) توغرا يوسۇندا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، (ئۇ بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتىسىمۇ بولىدۇ.

7 _ ماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم (بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ۋە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالىنى) شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن. ئاللاھ ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ.

8 _ نۇرغۇن شەھەرنىڭ (ئاھالىلىرى) رەببىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى _ دە، ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

9 _ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى.

---

[152] ئىددەت _ ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن كۈتىدىغان مۇددەتتۇر.

10 _ 11 _ ئاللاھ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) يەنە قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئېسىل رىزىق بېرىدۇ.

12 _ ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ۋە زېمىندىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

# تەھرىم سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 12 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى ئىسلامىي ئەدەب _ ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئۈلگە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى پەيغەمبەر! سەن نېمە ئۈچۈن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىدىن ئۆزۈڭنى چەكلەيسەن؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

2 _ ئاللاھ سىلەرگە (ياخشى ئىشتىن توسىدىغان) قەسەملىرىڭلاردىن (كاپارەت بېرىپ) چىقىپ كېتىشنى بەلگىلىدى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

3 _ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى (ھەفسە)گە بىر سىرنى ئېيتقان ئىدى، ئۇ بۇ سىرنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ (سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئۇ ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى (ئۇنىڭ) يۈزىگە سالدى، بەزىسىنى يۈزىگە سالمىدى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ: «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى.

4 _ ئەگەر (ئائىشە بىلەن ھەفسە) ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر). چۈنكى، سىلەرنىڭ دىلىڭلار (پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر بىرلىشىپ پەيغەمبەرگە تاقابىل تۇرساڭلار، شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر، جىبرىلمۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر.

5 _ ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

6 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇنىڭ بېشىدا رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بولىدۇ، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

7 _ ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر.

8 _ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، (ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە) ئۇلارنىڭ نۇرى (ئەمەللىرىگە كۆرە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن) بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، شەكسىزكى، سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.

9 _ ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

10 _ ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، (بۇ ئىككىسى) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندە (نۇھ بىلەن لۇت) نىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئېرىگە خىيانەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاللاھتىن (كەلگەن ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى ۋە (ئۇ ئىككى ئايالغا) «سىلەر (دوزاخقا) كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار» دېيىلدى

11 _ ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى رەببىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېگەن ئىدى.

12 _ (ئاللاھ يەنە) ئىمراننىڭ ئۆزىنى پاك ساقلىغان قىزى مەريەمنى (مىسال قىلىپ كۆرسەتتى). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى كىرگۈزدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىشەندى ھەمدە (رەببىگە) ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى پارە

## مۇلك سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز پادىشاھلىقنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (پۈتۈن كائىناتنىڭ) ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

2 _ ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ (ھەممىگە) غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

3 _ ئاللاھ يەتتە ئاسمانىنى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. رەھمان ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يېرىقنى كۆرەمسەنكىن؟

4 _ ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ (ئىزدىگەن نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.

5 _ ئەڭ يېقىن ئاسمانىنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق ۋە يۇلتۇزلارنى يەنە (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان ئۇچقۇن قىلدۇق، شەيتانلارغا يەنە دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.

6 _ رەببىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دوزاخ ئازابى بار. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

7 _ ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەكنىڭ ئاۋازىدەك) يېقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

8 _ دوزاخ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ.

9 _ ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) يالغانچى دېگەن ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (سىلەرگە) ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر› دېگەن ئىدۇق» دەيدۇ.

10 _ ئۇلار: «ئەگەر بىز (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالغان، ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ.

11 _ شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇيدۇ. دوزاخ ئەھلى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

12 _ رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورققانلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات باردۇر.

13 _ سىلەر سۆزۈڭلارنى مەيلى مەخپىي قىلىڭلار، مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار (بەرىبىر، ئاللاھ بىلىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر.

14 _ ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

15 _ ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇنىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر، ئەمدى سىلەر (تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىنىنىڭ تەرەپ _ تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

16 _ (ئى كاپىرلار!) سىلەر ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ ئۇ چاغدا زېمىن تۇيۇقسىز قاتتىق تەۋرەپ كېتىدۇ.

17 _ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ سىلەر يېقىندا مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر.

18 _ شەكسىزكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن ئىدى، مېنىڭ (ئۇلارغا ئەۋەتكەن) ئازابىم قانداق بولدى؟

19 _ ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۇستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ قۇشلارنى (ھاۋادا) پەقەت رەھمان ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

20 _ (ئى كاپىرلار!) رەھمان ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان شۇ قوشۇنۇڭلار كىملەر؟ كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر.

21 _ ئەگەر ئاللاھ (سىلەرگە بېرىدىغان) رىزقىنى توختىتىپ قويسا، سىلەرگە رىزىق بېرىدىغان كىم بار؟ ئۇلار (بۇلارنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن) ئەكسىچە تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەردۇر.

22 _ يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەمنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ يولىمۇ؟

23 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەزالىرىنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر بولساڭلار ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر».

24 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتكەن زاتتۇر. سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر».

25 _ كاپىرلار: «ئەگەر (سىلەر سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ» دەيدۇ.

26 _ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن.

27 _ كاپىرلار ئازابنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ.

28 _ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بولغانلارنى مەيلى ھالاك قىلسۇن ياكى (ھالاك قىلماي) بىزگە رەھىم قىلسۇن، (بۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر). سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ! (سىلەردەك) كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟».

29 _ ئېيتقىنكى، «ئۇ رەھمان ئاللاھتۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تاياندۇق، سىلەر كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر».

30 _ (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟».

# قەلەم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم _ ھېكمىتىنى ۋە بەزى سۈپەتلىرىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئەدەپسىزلىكىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ نۇن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانىبەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). قەلەم بىلەن ۋە (قەلەم تۇتقانلار) يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نېمىتى بىلەن سەن (ھەرگىز مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن.

3 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، ئەلۋەتتە ساڭا تۈگىمەس مۇكاپات بار.

4 _ سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.

5 _ 6 _ قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە سەنمۇ كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ.

7 _ شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

8 _ (ھەق دىنىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا بويسۇنمىغىن.

9 _ ئۇلار سېنىڭ مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

10 _ 13_ قەسەمخور، پەسكەش، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، ياخشىلىقنى توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنمىغىن.

14 _ 15_ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ مال _ مۈلۈكى ۋە ئوغۇللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن (كۆرەڭلەپ): «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ.

16 _ بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز.

17 _ 18_ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككىلىكلەرنى) باغ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك سىنىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا باغ ئىگىلىرى بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر كۆرمەستىن) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن، «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن ئىدى.

19 _ 20_ ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇ باغقا رەببىڭ تەرىپىدىن يانغىن چۈشۈپ، ئۇ باغ (كۆيۈپ) بىردەمدىلا قاپقارا كۈلدەك بولۇپ قالدى.

21 _ 22_ ئۇلار ئەتىگەندە: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار، باغقا سەھەردە بېرىڭلار» دەپ، بىر _ بىرىنى چاقىرىشتى.

23 _ 24 _ ئۇلار: «بۈگۈن باغقا بىرەر كەمبەغەلمۇ كىرمىسۇن» دەپ پىچىرلىشىپ ماڭدى.

25 _ ئۇلار: «(كەمبەغەللەرنى باغقا كىرىشتىن) توسۇپ قالىمىز» دېگەن ئوي بىلەن ئەتىگەندە يولغا چىقتى.

26 _ 27 _ ئۇلار (كۆيۈپ كەتكەن) باغنى كۆرۈپ: «بىز چوقۇم ئېزىپ قاپتۇق، ياق (ئېزىپ قالماپتۇق)، بەلكى (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق» دېيىشتى.

28 _ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى: «مەن سىلەرگە «ئاللاھ خالىسا» دېسەڭلارچۇ، دېمىگەنمىدىم؟» دېدى.

29 _ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سەن بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق» دېيىشتى.

30 _ 32 _ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر _ بىرىنى ئەيىبلەشكە باشلاپ: «ۋاي ئىست! بىز راستتىنلا ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق. ئۈمىدىمىز شۇكى، رەببىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزدىن ئۈمىد كۈتكۈچىلەرمىز» دېيىشتى.

33 _ (دۇنيادىكى) ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (ئازابقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغان بولاتتى).

34 _ شەكسىزكى، تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار.

35 _ بىز مۇسۇلمانلارنى ئۇ گۇناھكار (كاپىر)لار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟

36 _ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقلارچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟

37 _ ياكى سىلەردە سىلەر ئوقۇيدىغان بىرەر كىتاب بارمۇ؟

38 _ ئۇنىڭدا «سىلەر نېمىنى خالىساڭلار ئۇ سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈم بارمىكەن؟

39 _ ياكى «سىلەر قانداق ھۆكۈم چىقارساڭلار بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئارىمىزدا قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۈچكە ئىگە قىلىنغان بىرەر كېلىشىم بولغانمۇ؟

40 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ قايسىسى بۇ ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟

41 _ ياكى ئۇلارنىڭ (كېپىللىك قىلىدىغان) شېرىكلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (بار دېگەن سۆزىدە) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

42 _ ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، (ئەمما) ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ.

43 _ ئۇلار (قورققىنىدىن) كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، ئۇلارنى خارلىق قاپلىۋالىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (دۇنيادىكى) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان (بولسىمۇ سەجدىدىن باش تارتقان) ئىدى.

44 _ (ئى پەيغەمبەر!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلمەيدىغان يەردىن، ئاستا _ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز.

45 _ ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شەكسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر.

46 _ ياكى (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكى ئېغىرلىشىپ قاپتۇمۇ؟

47 _ ياكى ئۇلاردا غەيىب ئىلمى بار بولۇپ، (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ) يازامدىكەن؟

48 _ رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن كىشىگە (يۇنۇسقا) ئوخشاش (ئالدىراڭغۇ) بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا (رەببىگە) ئىلتىجا قىلغان ئىدى.

49 _ ئەگەر ئۇ رەببىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ مالامەت قىلىنغان ھالدا بىر قاقاس دالاغا تاشلانغان بولاتتى.

50 _ رەببى ئۇنى تاللاپ ياخشىلاردىن قىلدى.

51 _ كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، (يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. ئۇلار (سېنى): «ئۇ چوقۇم بىر مەجنۇندۇر» دېيىشىدۇ.

52 _ ئۇ (قۇرئان) جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەتلا نەسىھەتتۇر.

## هاققه سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 51 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىيامەت ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ، ئۇنىڭدا مۇئمىنلەرگە قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ ۋە كاپىرلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (چوقۇم بولىدىغان) قىيامەت.

2 _ قىيامەت دېگەن نېمە؟

3 _ سەن قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

4 _ سەمۇد ۋە ئاد قەۋملىرى قىيامەتنى ئىنكار قىلدى.

5 _ سەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى.

6 _ ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى.

7 _ 8_ ئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي قويۇۋەتتى، سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ. (ھازىر) ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟

9 _ پىرئەۋن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈلگەنلەر گۇناھقا چۆمگەن ئىدى.

10 _ ئۇلار رەببىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىدى.

11 _ 12_ شەكسىزكى، توپان بالاسى بولغان چاغدا، بىز سىلەر (نىڭ ئەجدادىڭلار)نى كېمىگە چىقارغان ئىدۇق. بىز ئۇنى سىلەرگە ئىبرەت قىلىش ۋە (ئاڭلىغانلىرىنى) ساقلىيالايدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق).

13 _ سۇر بىر قېتىم چېلىنغان چاغدا،

14 _ زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ بىر _ بىرىگە بىرلا ئۇرۇلۇش بىلەن كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتكەن چاغدا،

15 _ بۇ كۈندە بولۇشى كۈتۈلگەن ئىش (قىيامەت) بولىدۇ.

16 _ ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان بوشىشىپ كېتىدۇ.

17 _ پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە رەببىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە ئۆز ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

18 _ بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) چىقىرىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ.

19 _ 20_ نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم: «ئېلىڭلار! مېنىڭ نامە _ ئەمەلىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ئۆزۈمدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ.

21 _ 23_ ئۇ (مېۋە ئۈزمەكچى بولغان كىشى قايسى ھالەتتە بولسۇن، ئۇنىڭغا) مېۋىلىرى يېقىن كېلىدىغان، ئالىي جەننەتتىكى باياشات تۇرمۇشتا بولىدۇ.

24 _ (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال _ خورام يەڭلار، ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

25 _ نامە _ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم: «كاشكى، نامە _ ئەمەلىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسىچۇ!

26 _ ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسامچۇ!

27 _ كاشكى، ئۇنىڭ (يەنى ئۆلۈم) بىلەن ھەممە ئىشىم تۈگىگەن بولسىچۇ!

28 _ مېنىڭ مال _ مۈلۈكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

29 _ مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى» دەپ كېتىدۇ.

30 _ (ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ): «ئۇنى تۇتۇڭلار، بويىنىغا تاقاق سېلىڭلار!

31 _ ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار.

32 _ ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار.

33 _ (چۈنكى) ئۇ ھەقىقەتەن (مەندەك) ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

34 _ مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى.

35 _ بۈگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭغا بىرەر يېقىن دوست يوقتۇر.

36 _ 37_ ئۇنىڭغا پەقەتلا گۇناھكارلار يەيدىغان يىرىڭ – زەردابتىن باشقا تاماق يوقتۇر».

38 _ 39_ مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ۋە سىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

40 _ ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ھۆرمەتلىك ئەلچىنىڭ (رەببىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر.

41 _ ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيسىلەر.

42 _ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئۇنىڭدىن بەك ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر.

43 _ (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

44 _ 45_ ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق،

46 _ ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق.

47 _ سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى.

48 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) تەقۋادارلار ئۈچۈن ئۈگۈتتۇر.

49 _ شەكسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (ئۇنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.

50 _  شەكسىزكى، بۇ ئىنكار كاپىرلار ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە نادامەتتۇر.

51 _ مۇقەررەركى، قۇرئان شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

52 _ سەن ئۇلۇغ رەببىڭنى (بارچە نۇقساندىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

## مەئارىج سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 44 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدىغانلىقىنى ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەلۋەتتە ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 3_ (كاپىرلاردىن) بىرەيلەن ئۆرلەش يوللىرىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەرىپىدىن كاپىرلارغا چوقۇم چۈشىدىغان، ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان بىر ئازابنى تەلەپ قىلدى.

4 _ پەرىشتىلەر ۋە روھ (جىبرىل) ئۇزاقلىقى ئەللىك مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ.

5 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن.

6 _ كاپىرلار ئۇ ئازابنى (ئېھتىمالدىن) يىراق دەپ قارايدۇ.

7 _ بىز بولساق ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز.

8 _ ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ.

9 _ تاغلار (ئېتىلغان) رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

10 _ 14_ (ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) ئۇلار بىر _ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق دوست دوستىدىن ھال سورىمايدۇ. گۇناھكار ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم _ قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەمنى تۆلەپ بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

15 _ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ (دوزاخ) ئەلۋەتتە يالقۇنجاپ كۆيىدىغان ئوتتۇر.

16 _ (ئۇنىڭ ھارارىتى) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ.

17 _ 18_ ئۇ (ئوت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل _ مال يىغىپ (ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي) ساقلىغان كىشىلەرنى چاقىرىدۇ.

19 _ ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى.

20 _ ئۆزىگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بەكمۇ زارلانغۇچىدۇر.

21 _ بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، ناھايىتى بېخىللىق قىلغۇچىدۇر.

22 _ پەقەت (تۆۋەندىكىلەر) بۇنداق ئەمەس:

23 _ ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

24 _ 25 _ ئۇلار پۇل _ ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە (ئېپپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ.

26 _ ئۇلار قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدۇ.

27 _28 _ ئۇلار رەببىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇركى، رەببىنىڭ ئازابى (ھېچكىم) خاتىرجەم بولالمايدىغان نەرسىدۇر.

29 _ ئۇلار جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.

30 _ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ.

31 _ كىمكى بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، مۇنداقلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

32 _ ئۇلار (يەنى سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

33 _ ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر.

34 _ ئۇلار نامىزىنى (ۋاقتىدا) ئادا قىلغۇچىلاردۇر.

35 _ ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

36 _ 37_ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ _ سول تەرىپىڭدە توپ _ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

38 _ ئۇلارنىڭ ھەربىرى تېخى نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلىشۋاتامدۇ؟

39 _ ئۇلار جەننەتكە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىدىن (مەنىيدىن) ياراتتۇق.

40 _ 41_ مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ) نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى ئۇلاردىن ياخشىراق كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىز (ھەرگىز) ئاجىز ئەمەسمىز.

42 _ (ئى پەيغەمبەر) ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنىگە قەدەر (باتىلغا) چۆمۈپ، ئويناپ تۇرسۇن.

43 _ 44_ ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۆزلىرىنى خورلۇق باسقان ھالدا، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (ھېساب مەيدانىغا) يۈگۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.

# نۇھ سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئۈرنەك قىلىش ئارقىلىق دەۋەتچىلەرنىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش يولىدىكى چىدامچانلىقىنى، سەۋرچانلىقىنى ۋە ئۇلۇغۋار جىھادلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق.

2 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

3 _ (مەن شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئەگىشىڭلار.

4 _ (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئامان قويىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بېكىتكەن ئەجەل كەلگەن چاغدا (ئۇ ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) بىلگەن بولساڭلار (تائەت-ئىبادەتكە ئالدىرىغان بولاتتىڭلار).

5 _ نۇھ يەنە ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە _ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم.

6 _ مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىۋەتتى.

7 _ مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرۇۋالدى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى.

8 _ ئاندىن مەن ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازدا دەۋەت قىلدىم.

9 _ ئاندىن مەن ئۇلارنى ھەم ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم.

10 _ (ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

11 _ (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ،

12 _ سىلەرنىڭ مال _ مۈلۈكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

13 _ سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئەيمەنمەيسىلەر؟

14 _ ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ياراتتى.

15 _ سىلەر ئاللاھنىڭ يەتتە ئاسماننى قانداق قەۋەت _ قەۋەت قىلىپ ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

16 _ ئاللاھ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى.

17 _ ئاللاھ سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلارنى) زېمىندىن ياراتتى.

18 _ ئاندىن سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىدۇ، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ.

19 _ 20 _ سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە يەر يۈزىنى يېيىپ بەردى».

21 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، پۇل _ مېلى ۋە بالىچاقىلىرى ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگەشتى.

22 _ ئۇلار (ئەگەشكۈچىلىرىگە) چوڭ ھىيلە _ مىكىر ئىشلەتتى.

23 _ ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، بولۇپمۇ ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق بۇتلىرىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار› دېدى.

24 _ ئۇلار شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. (ئى رەببىم!) بۇ زالىملارغا پەقەت ئازغۇنلۇقنىلا زىيادە قىلغىن».

25 _ ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىندى، (ئاخىرەتتە بولسا) دوزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

26 _ نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن.

27 _ چۈنكى ئەگەر سەن ئۇلارنى ھايات قالدۇرساڭ، شەكسىزكى، ئۇلار بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پاسىق، ناھايىتى تۇزكور بالىلارنىلا يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

28 _ ئى رەببىم! ماڭا، ئاتا _ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىمان ئېيتىپ كىرگەن ھەركىمگە ۋە (بارلىق) مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلغىن».

# جىن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىق قىسسىسىنى ئۈرنەك قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ماڭا شۇنداق ۋەھيى قىلىندىكى، بىر قانچە جىن (مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى) ئاڭلاپ، (ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: ‹بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، بىز رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.

3 _ رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ناھايىتى ئۈستۈندۇر، (ئېھتىياجى بولمىغاچ) ئايالى ياكى بالىسى يوقتۇر.

4 _ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (ئىبلىس) ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى.

5 _ ھەقىقەتەن بىز ئىنسانلار ۋە جىنلار (ئارىسىدىن ھېچكىم) ئاللاھنىڭ نامىدىن ھەرگىز يالغاننى توقۇمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق.

6 _ شەكسىزكى، ئىنسانلار ئىچىدىكى بەزى ئەرلەر بەزى ئەركەك جىنلاردىن پاناھ تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جىنلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى.

7 _ (ئى جىنلار!) ئۇلارمۇ (يەنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىمۇ) سىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھ ھېچكىمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

8 _ بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ (پەرىشتىلەردىن بولغان) كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق.

9 _ بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا (خەۋەر) تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزلەپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ.

10 _ زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى رەببى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىز ئۇنى بىلمەيمىز.

11 _ شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار. بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈندۇق.

12 _ بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، زېمىندا ئاللاھ بىلەن ھەرگىز قارشىلىشالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى) دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

13 _ بىز ھىدايەتنى (قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈردۇق. كىمكى رەببىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، نە (ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن، نە (گۇناھلىرى كۆپەيتىلىپ) ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن ئەنسىرىمەيدۇ.

14 _ بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇسۇلمانلارمۇ ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار. مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ.

15 _ توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ›».

16 _ 17_ ئەگەر ئۇلار توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (بۇ ئارقىلىق رىزقىنى كەڭ قىلاتتۇق)، كىمكى رەببىنىڭ زىكرى (قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، رەببى ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

18 _ شەكسىزكى، مەسجىدلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سىلەر (ئۇ مەسجىدلەردە) ئاللاھقا بىر كىمنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلماڭلار.

19 _ ئاللاھنىڭ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن (نامازغا) تۇرغاندا، جىنلار (قۇرئان ئاڭلاش ئۈچۈن) ئولىشىپ كېلىپ، ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالىدۇ.

20 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن رەببىمگىلا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن».

21 _ ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا _ زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايمەن».

22 _ ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام) مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن.

23 _ مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكىلا قادىرمەن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ ئوتى بار.

24 _ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا، كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

25 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ ياكى رەببىم ئۇنىڭغا ئۇزاق بىر مۇددەتنى بەلگىلەمدۇ، مەن ئۇقمايمەن.

26 _ ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ.

27 _ پەقەت ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى) ئاشكارىلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا چوقۇم ساقلىغۇچى (پەرىشتىلەرنى) سېلىپ قويىدۇ.

28 _ (بۇنداق قىلىش) پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆز _ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) بىلىشى ئۈچۈندۇر».

# مۇززەممىل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋەت يولىدا مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، دەۋەتچىنىڭ قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسقۇنلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى مەنىۋى كۈچ _ قۇۋۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)

2 _ 4_ كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا، ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى دانە _ دانە ئوچۇق ئوقۇغىن.

5 _ بىز ساڭا ھەقىقەتەن كاتتا قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.

6 _ شۈبھىسىزكى، كېچىدە تۇرۇش (ئىبادەت ئۈچۈن) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، قىرائەت قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر.

7 _ كۈندۈزدە ساڭا ئۇزۇن بىر مەشغۇلىيەت بار.

8 _ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن، ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن.

9 _ ئۇ مەشرىقنىڭمۇ، مەغرىبنىڭمۇ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. (بارلىق ئىشىڭنى) ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن.

10 _ سەن كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن ۋە ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن.

11 _ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، ئۇلارغا بىرئاز مۆھلەت بەرگىن.

12 _ 13_ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلانغان) ئېغىر ئىشكەللەر، دوزاخ، گالغا تۇرۇپ قالىدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار.

14 _ ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

15 _ شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندەك، سىلەرگىمۇ (ئەمەللىرىڭلارغا) گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.

16 _ پىرئەۋن پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغان ئىدى، بىز ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق.

17 _ 18_ (ئى كاپىرلار!) ئەگەر ئىنكاردا چىڭ تۇرساڭلار، (دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ بېشىغا ئاق كىرگۈزۈۋېتىدىغان، ئاسمان يېرىلىدىغان كۈندىكى ئازابتىن قانداق ساقلىنىسىلەر؟ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

19 _ بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن نەسىھەتتۇر، خالىغان ئادەم رەببىگە (يەتكۈزىدىغان) يولنى تۇتسۇن.

20 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، رەببىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان بىر توپ كىشىنىڭ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا (تەھەججۇد نامىزىغا) تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىگەن ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن (تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق) سىلەرگە رەھىم قىلدى. قۇرئاندىن ئوڭاي بولغاننى ئوقۇڭلار[153]، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئاراڭلاردا بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تەھەججۇد نامىزىدىن قانچىلىك ئوقۇش ئاسان بولسا شۇنچىلىك ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى

---

153 ﴿فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿الْقُرْآن﴾غا بەزى مۇپەسسىرلەر تەھەججۇد نامىزى دەپ مەنە ئېيتىپ، «تەھەججۇد نامىزىدىن قانچىلىك ئوقۇيالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

بېرىڭلار، ئاللاھقا ياخشــى قەرز بېرىڭلار[154]. ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشــى ئىشــنى قىلســاڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشــى، تېخىمۇ كاتتا مۇكاپات بولغان ھالدا تاپىســىلەر. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

154 ياخشى قەرز _ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئايەتتە ﴿قَرْضًا حَسَنًا﴾ (ياخشى قەرز) دەپ تەبىرلەنگەن.

## مۇددەسسىر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 56 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىنى ئوچۇق – ئاشكارا جاكارلاش ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)

2 _ ئورنۇڭدىن تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن،

3 _ رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن،

4 _ كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن،

5 _ گۇناھتىن يىراق بولغىن،

6 _ (كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسەڭ) كۆپرەك ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە بەرمىگىن.

7 _ رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن چىداملىق بولغىن.

8 _ 9_ سۇر چېلىنغان ۋاقىت _ ئۇ كۈن ناھايىتى جاپالىق بىر كۈندۇر.

10 _ كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر.

11 _ مەن تەنھا ياراتقان شۇ ئادەمنى ماڭا قويۇۋەتكىن[155].

12 _ ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال _ مۈلۈك بەردىم.
13 _ ئۇنىڭغا (ھەمىشە) يېنىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم.
14 _ ئۇنىڭغا (دۇنيا نېمەتلىرىنى) كەڭ ئاتا قىلدىم.
15 _ ئۇ بولسا يەنىمۇ كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىپ تۇرىدۇ.
16 _ ياق (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ھەرگىز بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ (گەدەنكەشلىك قىلىپ) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە  قارشى چىقتى.
17 _ مەن ئۇنى يېقىندا قاتتىق ئازابقا قىستايمەن.
18 _ ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى (ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى.
19 _ ئۇنىڭ قانداق پىلانلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇن!
20 _ ئاندىن ئۇنىڭ قانداق پىلانلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇن!
21 _ ئاندىن ئۇ (ئۆز پىلانىغا) قاراپ چىقتى.
22 _ ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.
23 _ 25_ ئاندىن ئۇ (ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشـتىن) باش تارتتى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ: «بۇ (قۇرئان) پەقەت ئىلگىرىكىلەردىن قالغان بىر سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ پەقەتلا ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى.
26 _ ئۇنى مەن يېقىندا سەقەرگە تاشلايمەن.
27 _ سەن سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟
28 _ ئۇ ھەممە نەرسىنى قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان بىر دوزاختۇر.
29 _ ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ.

---

[155] ئايەتتىكى «ئادەم» ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئىسىملىك كاپىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى«ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تەڭدىشىم يوق» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. (تەپسىرى رازى) .

30 _ ئۇنىڭغا ئون توققۇز پەرىشتە مەسئۇلدۇر.

31 _ بىز دوزاخ مەسئۇللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت كاپىرلارنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق) قىلدۇق. بۇنداق قىلىشىمىز (بۇ سان تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بايان قىلىنغان سانغا مۇۋاپىق كەلگەچكە) كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ (قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) تولۇق ئىشەنچ قىلىشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى، كىتاب بېرىلگەنلەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ (بۇ ھەقتە) شەكلەنمەسلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا دىلىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ (ھەيران قېلىپ): «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (مۇشۇنداق) ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، رەببىڭنىڭ قوشۇنىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. بۇ (بايانلار) پەقەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز _ نەسىھەتتۇر.

32 _ 37_ ياق (ئەمەلىيەت كاپىرلار دېگەندەك ئەمەس!). ئاي بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن، يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن، دوزاخ ئىنسانلارنى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (ياخشىلىقتا) ئىلگىرىلەشنى ياكى (ئۇنىڭدىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان چوڭ (بالا)لارنىڭ بىرىدۇر!

38 _ ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر.

39 _ پەقەت نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

40 _ 42_ ئۇلار جەننەتلەردە تۇرۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىپ قېلىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورايدۇ.

43 _ ئۇلار: «بىز ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بولمىغان ئىدۇق،

44 _ يوقسۇللارغا تائام بەرمەيتتۇق،

45 _ (باتىلغا) چۆكۈپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە (بىزمۇ چۆكۈپ كەتكەن) ئىدۇق،

46 _ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق،

47 _ تاكى ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر بىز شۇنداق قىلغان ئىدۇق» دەيدۇ.

48 _ شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ.

49 _ 51_ ئۇلار نېمىشقا خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك ۋەز _ نەسىھەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟

52 _ بەلكى ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە ئېچىقلىق سەھىپىلەرنىڭ بېرىلىشىنى تەمە قىلىدۇ.

53 _ ياق (ئىش ھەرگىز ئۇلار تەمە قىلغاندەك بولمايدۇ). ئۇلار ئاخىرەتتىن قورقمايدۇ.

54 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، ئۇ (قۇرئان) بىر ئۈگۈتتۇر.

55 _ خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدۇ.

56 _ ئۇلار پەقەت ئاللاھ خالىسىلا، ئاندىن ئۈگۈت ئالالايدۇ، ئاللاھ قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، مەغپىرەت قىلىدىغان زاتتۇر.

## قىيامەت سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى تىرىلدۈرۈشكە، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2 _ ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرىدىغان نەپس بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر).

3 _ (كاپىر) ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى يىغالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

4 _ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز.

5 _ 6_ شـۇنداق تۇرسـىمۇ، ئىنسـان ئۆز ئالدىدىكى قىيامەتنى يالغان دېمەكچى بولۇپ: «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

7 _ 10_ كۆزلەر قاماشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن شۇ (قىيامەت) كۈندە، ئىنسان: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەپ كېتىدۇ.

11 _ ياق، قاچىدىغان ھېچقانداق پاناھگاھ يوقتۇر.

12 _ بۇ كۈندە بارىدىغان قارارگاھ پەقەتلا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

13 _ بۇ كۈندە ئىنسانغا ئىلگىرى _ ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

14 _ 15_ بەلكى ئىنسان ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ئۆزى گۇۋاھ بولىدۇ.

16 _ (ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما.

17 _ شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

18 _ بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن.

19 _ ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

20 _ (ئى مۇشرىكلار!) ئەمەلىيەت شۇكى، سىلەر بۇ دۇنيا ھاياتىنى بەك ياخشى كۆرىسىلەر.

21 _ ئاخىرەتنى بولسا بىر ياققا قايرىپ قويىسىلەر.

22 _ قىيامەت كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ،

23 _ رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ.

24 _ بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ.

25 _ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ.

26 _ 27_ شەك _ شۈبھىسىزكى، جان ھەلقۇمغا كەلگەن چاغدا، «(بۇنىڭغا) كىم ئىلاج قىلالايدۇ؟» دېيىلىدۇ.

28 _ (سەكراتقا چۈشكەن ئادەم) بۇنىڭ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىدۇ.

29 _ (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ.

30 _ بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

31 _ كاپىر (قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى.

32 _ ئەكسىچە، (قۇرئاننى) يالغان دېدى ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى.

33 _ ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

34 _ ساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!

35 _ ئاندىن ساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!

36 _ ئىنسان ئۆزىنى «بىز ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋېتىلىمىز» دەپ ئويلامدۇ؟

37 _ ئۇ ئەسلىدە (بالىياتقۇغا) تۆكۈلىدىغان مەنىي ئەمەسمىدى؟

38 _ 39_ ئاندىن ئۇ ئەلەق[156] بولغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق شــەكىلدە (ئىنســان قىلىپ) يارىتىپ، ئۇنىڭدىن ئەر _ ئايال ئىككى جىنسنى پەيدا قىلغان ئەمەسمىدى؟

40 _ (بۇ ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

---

[156] ئەلەق توغرۇلۇق ئىزاھات ئۈچۈن ھەج سۈرىسىنىڭ 5 _ ئايىتىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

# ئىنسان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،31 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، يارىتىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى ۋە ئاخىر قايتىدىغان جايىنى ئەسلىتىش، شۇنداقلا مۇئمىنلەرنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلىش، كاپىرلارنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا جان كىرىشتىن بۇرۇن) شۇنداق بىر مۇددەتنى (باشتىن) ئۆتكۈزدىكى، شۇ مۇددەتتە ئۇ تىلغا ئېلىنىغۇدەك بىر نەرسە ئەمەس ئىدى.

2 _ ھەقىقەت شۇكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىيدىن ياراتتۇق، بىز ئۇنى سىنايمىز، شۇڭا ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.

3 _ شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (ياخشى _ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ.

4 _ شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن زەنجىرلەرنى، تاقاقلارنى ۋە يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق.

5 _ ياخشىلار چوقۇم كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ.

6 _ (ئۇ شاراب جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىققان) بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئوڭايلا) ئېقىتىپ بارالايدۇ.

7 _ (ئۇلار بۇ دۇنيادا شۇنداق كىشىلەركى) ئۇلار (ئاللاھقا) ۋەدە قىلغان ئىشنى[157] ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان (قىيامەت) كۈنىدىن قورقىدۇ.

8 _ ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، يوقسۇلغا، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.

9 _ (ئۇلار ئېيتىدۇ) «بىز سىلەرگە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا تائام بېرىمىز، سىلەردىن ھېچقانداق ياندۇرۇق ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز.

10 _ چۈنكى بىز ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق (بولىدىغان قىيامەت) كۈنىدە رەببىمىز (نىڭ ئازابى)دىن قورقىمىز».

11 _ (ئەلۋەتتە) ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

12 _ ئۇلار (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (جەننەتتىكى) يىپەك (كىيىملەر) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

13 _ ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ.

14 _ جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئۇلارغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن ئېگىلىپ بېرىدۇ.

15 _ 16_ ئۇلارغا كۈمۈش تەخسىلەر ۋە ئۆلچىمىنى ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن شارابلار تولدۇرۇلغان شىېشىدەك سۈزۈك كۈمۈش جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇپ تۇرۇلىدۇ.

17 _ 18 _ ئۇلار يەنە جەننەتتە جەننەتتىكى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقتىن (چىقىدىغان) زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام (يەنى جاملارغا تولدۇرۇلغان شاراب) بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

19 _ ھەمىشە ياش تۇرىدىغان مۇلازىمەتچىلەر ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدۇ، سەن كۆرگەن چېغىڭدا ئۇلارنى (ئەتراپقا) چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن.

20 _ سەن (جەننەتتە نەگە) قارىساڭ، ئۇ يەردە (تەسۋىرلەپ بولالمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە شاھانە تۇرمۇشنى كۆرىسەن.

21 _ ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا ۋە قېلىن يىپەكتىن (تىكىلگەن) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، ئۇلارغا كۈمۈش بىلەزۈكلەر سېلىپ قويۇلىدۇ، رەببى ئۇلارنى پاك _ پاكىز شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ.

[157] ئاللاھقا ۋەدە قىلغان ئىش (نەزىر) — ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشنى ۋەدە قىلغان ھەر قانداق ئەمەل _ ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ.

22 _ (ئۇلارغا ئېيتىلىدۇكى) «شەكسىزكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار ئۆز مۇكاپىتىنى تاپتى».

23 _ (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ _ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.

24 _ سەن رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كاپىرغا بويسۇنمىغىن.

25 _ ئەتىگەن _ ئاخشامدا رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن.

26 _ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىن (يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن)، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

27 _ شەكسىزكى، ئاشۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيالىقنىلا ياخشى كۆرۈپ، ئالدىدىكى ئېغىر كۈنگە (قىيامەت كۈنىگە) سەل قارايدۇ.

28 _ ئۇلارنى بىز ياراتتۇق، بەدىنىنى ساغلام قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق.

29 _ شەكسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) بىر ئۆگۈتتۇر. خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن.

30 _ پەقەت ئاللاھ خالىغان چاغدىلا، سىلەر (بىرەر ئىشنى) خالىيالايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

31 _ ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، (ئىمان ئېيتماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.

# مۇرسەلات سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 50 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا دەلىل – پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىش ئارقىلىق قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئۈزۈلمەي چىققۇچى شاماللار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2 _ شىددەت بىلەن چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3 _ (بۇلۇتلارنى) تارقاتقۇچى شامالللار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4 _ (ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5 _ 6_ (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماســلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن (پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىنى) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

7 _ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) چوقۇم بولىدۇ.

8 _ (ئۇ قىيامەت) يۇلتۇزلار (نىڭ نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا،

9 _ ئاسمان يېرىلغان چاغدا،

10 _ تاغلار تىتىلىپ (شامال ئۇچۇرتقان توزانلاردەك) توزۇغان چاغدا،

11 _ پەيغەمبەرلەر (ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە) توپلانغان چاغدا (مەيدانغا كېلىدۇ).

12 _ (بۇ ۋاقىت) قايسى كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟

13 _ (خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈنگە (كېچىكتۈرۈلدى)

14 _ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟

15 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

16 _ بىز ئىلگىرىكىلەرنى (كاپىرلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟

17 _ ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق.

18 _ بىز بۇ گۇناھكارلارنىمۇ شۇنداق جازالايمىز.

19 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

20 _ (ئى ئىنسانلار!) بىز سىلەرنى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟

21 _ 22_ بىز ئۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (بالىياتقۇدىن ئىبارەت) پۇختا قارارگاھتا تۇرغۇزدۇق.

23 _ بىز (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا) قادىر بولدۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى قادىر بولغۇچىمىز!

24 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

25 _ 26_ بىز زېمىننى تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان جاي قىلمىدۇقمۇ؟

27 _ بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق.

28 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

29 _ 31_ (ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەر يالغان دەپ كېلىۋاتقان جەھەننەمگە قاراپ ئىلگىرلەڭلار، ئۈچ تارماققا ئايرىلىپ چىقىدىغان، سەگدەتمەيدىغان، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسالمايدىغان (ئاچچىق تۈتۈندىن ئىبارەت) سايىگە بېرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

32 _ ئۇ يالقۇن سارايدەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ.

33 _ ئۇ ئۇچقۇنلار قارامتۇل تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ.

34 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

35 _ بۇ، (كاپىرلار) گەپ قىلالمايدىغان بىر كۈندۇر.

36 _ ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغىمۇ ئىجازەت بېرىلمەيدۇ.

37 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

38 _ (ئۇلارغا) «بۇ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر. سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى يىغدۇق.

39 _ ئەگەر (بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، قېنى قىلىپ بېقىڭلار» (دېيىلىدۇ).

40 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

41 _ 42_ شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتتە) سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

43 _ (ئۇلارغا) «قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن (بىر مۇكاپات سۈپىتىدە) خۇشال _ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

44 _ بىز (تائەت _ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

45 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

46 _ (ئى كاپىرلار!) «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) يەڭلار ۋە ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، شەكسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر».

47 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

48 _ ئۇلارغا: «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار رۇكۇ قىلمايدۇ.

49 _ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

50 _ ئۇلار بۇ قۇرئانغا ئىشەنمەي، قايسى سۆزگە ئىشەنمەكچى؟

## ئوتتۇزىنچى پارە

## نەبەئ سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ راست ئىكەنلىكىنى  يېتەرلىك دەلىل – پاكىتلار بىلەن بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟

2 _ 3_ ئۇلار ئۆزلىرى ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان (قىيامەتتىن ئىبارەت) چوڭ بىر خەۋەر توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ.

4 _ ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

5 _ يەنە ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

6 _ بىز زېمىننى سېلىنچا قىلمىدۇقمۇ؟

7 _  (زېمىنىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟

8 _  بىز سىلەرنى ئەر _  ئايال قىلىپ ياراتمىدۇقمۇ؟

9 _ ئۇيقۇڭلارنى (سىلەر ئۈچۈن) راھەت قىلمىدۇقمۇ؟

10 _ كېچىنى كىيىمدەك (سىلەرنى يۆگەپ تۇرىدىغان) قىلمىدۇقمۇ؟

11 _ كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلمىدۇقمۇ؟

12 _ ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلمىدۇقمۇ؟

13 _ يېنىپ تۇرغان چىراغ (قۇياش)نى ياراتمىدۇقمۇ؟

14 _ 16_ ئاشلىقلارنى، ئوت _ چۆپلەرنى ۋە دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىدۇقمۇ؟

17 _ (خالايىق ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان (قىيامەت) كۈنى ھەقىقەتەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر.

18 _ ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىشى بىلەنلا، سىلەر توپ _ توپ بولۇپ كېلىسىلەر.

19 _ ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ.

20 _ تاغلار (ئورنىدىن) قوزغۇتۇلۇپ سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ.

21 _ شەكسىزكى، (ئۇ كۈندە) جەھەننەم (ئۆزىگە كىرىدىغانلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ.

22 _ (ئۇ جەھەننەم) ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

23 _ ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ.

24 _ ئۇلار جەھەننەمدە (ھارارەتتىن) بىرەر سالقىنغا ۋە (ئۇسسۇزلۇقتىن) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ،

25 _ ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

26 _ بۇ (ئۇلار ئۈچۈن) مۇۋاپىق جازادۇر.

27 _ چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشقا ئىشەنمەيتتى.

28 _ ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى.

29 _ بىز ھەربىر ئىشنى تولۇق خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق.

30 _ (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «ئەمدى سىلەر (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار، زادى بىز سىلەرگە ئازابنىلا كۆپەيتىمىز».

31 _ 34_ تەقۋادارلار چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن باغلار، ئۈزۈملەر، كۆكسـى كۆتۈرۈلگەن، تەڭتۇش ھۆرلەر، (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملار بار.

35 _ ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ.

36 _ (بۇلارنىڭ ھەممىسى) رەببىڭدىن بىر مۇكاپات ۋە يېتەرلىك ئىنئامدۇر.

37 _ ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. (ئۇ كۈنده) ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

38 _ جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈنده، رەھمان ئاللاھنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ. گەپ قىلغان كىشى ھەق گەپنى قىلىدۇ.

39 _ ئەنە شۇ چوقۇم كېلىدىغان كۈندۇر. خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن.

40 _ شەكسىزكى، بىز سىلەرنى يېقىندا يۈز بېرىدىغان (ئاخىرەتتىن ئىبارەت) بىر ئازابتىن ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈنده كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. (ھەربىر) كاپىر: «كاشكى مەن توپا بولۇپ قالغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

# نازىئات سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 46 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلۈم، تىرىلىش، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش، جەننەت ياكى دوزاخقا قاراپ يول ئېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى سەراسىمىگە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2 _ (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3 _ (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4 _ (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن) تېز ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5 _ (ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى) ئىجرا قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

6 _ 7_ (سۇر بىرىنچى قېتىم چېلىنىشى بىلەن) بارلىق شەيئىلەر تەۋرەپ (ھالاك بولۇپ) كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر).

8 _ بۇ كۈندە دىللار قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىدۇ.

9 _ (قورققۇچىلارنىڭ) كۆزلىرىدە خارلىق ئەكس ئېتىدۇ.

10 _ ئۇلار: «بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) راستتىنلا ئاۋۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟

11 _ يەنى بىز چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ كەتسەكمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىشىۋاتىدۇ.

12 _ ئۇلار يەنە: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ زىيانلىق قايتىش ئىكەنغۇ!» دېدى.

13 _ ئۇ (تىرىلىش) بىر ئاۋاز بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ،

14 _ شۇنىڭ بىلەن ھەممە خالايىق يەر يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ.

15 _ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

16 _ ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا تۇۋا[158] دېگەن مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلغان ئىدى:

17 _ «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

18 _ ئۇنىڭغا: ‹سەن (كۇفرىدىن ۋە زۇلۇمدىن) پاك بولۇشنى خالامسەن؟

19 _ سېنى رەببىڭنىڭ يولىغا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭدىن) قورقىدىغان بولىسەن›» دېگىن.

20 _ مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى.

21 _ پىرئەۋن مۇسانى يالغانچى دېدى ۋە (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلدى.

22 _ ئاندىن ئۇ (مۇسانىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈپ، (ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا) كىرىشىپ كەتتى.

23 _ 24_ ئۇ دەرھال (ئۆز جامائەسىنى) توپلاپ، ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك رەببىڭلار بولىمەن» دېدى.

---

[158] تۇۋا_ جاي ئىسمى. تاھا سۈرىسىنىڭ 12 _ ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

25 _ ئاللاھ ئۇنى كېيىنكى ۋە ئىلگىرىكى (كۇفرى سۆزىنىڭ[159]) گۇناھى ئۈچۈن قاتتىق جازالىدى.

26 _ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

27 _ سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى،

28 _ ئۇنى ئېگىز ۋە كەم _ كوتىسىز قىلدى،

29 _ ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى.

30 _ شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ياشاشقا لايىق قىلىپ) يايدى.

31 _ 33_ سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى، تاغلارنى مۇستەھكەم قىلىپ ئورناتتى.

34 _ 35_ چوڭ پالاكەت (قىيامەت) كەلگەن كۈندە، ئىنسان قىلغان ياخشى _ يامان ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ.

36 _ قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

37 _ كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن،

38 _ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن،

39 _ ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ.

40 _ 41_ رەببىنىڭ ماقامىدىن (يەنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.

42 _ ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

43 _ سەن ئۇنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيسەن؟

44 _ ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش رەببىڭگە خاستۇر.

45 _ سەن پەقەتلا قىيامەتتىن قورقىدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن.

46 _ ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، ئۆزىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدۇ.

---

159 پىرئەۋن ئىككى قېتىم ئۆزىنى مىسىر خەلقىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

# ئەبەسە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 42 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەزىزلىقىنى ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ خارلىقىقا ۋە زەبۇنلۇققا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە تەتۈر قارىدى.

3 _ 4_ (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆھبىتىڭ سايىسىدا گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز _ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

5 _ 6_ ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن.

7 _ ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟

8 _ 10_ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن.

11 _ سەن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ئۈگۈتتۇر.

12 _ خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدۇ.

13 _ 16 ئۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر.

17 _ (كۇفرىلىق قىلغان) ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ نېمىدېگەن تۇزكور!

18 _ ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟

19 _ ئاللاھ ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئاندىن (ئۇنىڭ ئەزالىرىنى) ئۆلچەملىك قىلدى.

20 _ ئاندىن ئۇنىڭغا (تۇغۇت) يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

21 _ ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇپ، قەبرىگە كىرگۈزدى.

22 _ ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ.

23 _ ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تېخى ئورۇنىدىمىدى.

24 _ ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە قاراپ باقسۇن.

25 _ شەكسىزكى، بىز زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق،

26 _ ئاندىن زېمىننى (ئۆسۈملۈكلەر بىلەن) ياردۇق.

27 _ 32_ سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دانلىق زىرائەتلەرنى، ئۈزۈمنى، يېشىل ئوتلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت _ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق.

33 _ 36_ (قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان) قاتتىق ئاۋاز ئاڭلانغان چاغدا[160]، (يۈز بېرىدىغان قىيامەت) كۈنىدە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ.

---

(160) بۇ يەردىكى قاتتىق ئاۋازدىن قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلىش ئالدىدا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چالغان ئاۋازى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

37 _ ئۇ كۈندە ھەرقانداق ئادەم ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ.

38 _ 39_ ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال _ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ.

40 _ 41_ يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر چاڭ _ توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.

42 _ ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر.

# تەكۋىر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 29 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە بارلىق ئەزالىرىنى توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بەزى ئۈرنەكلىرىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا،

2 _ يۇلتۇزلار توكۈلگەن چاغدا،

3 _ تاغلار غۇلاپ كۆچكەن چاغدا،

4 _ بوغاز تۆگىلەر ئىگىسىز قالغان چاغدا،

5 _ ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا،

6 _ دېڭىزلار ئوت بولۇپ يانغان چاغدا،

7 _ جانلار (تەنلەر بىلەن) قوشۇلغان چاغدا،

8 _ 9_ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن: «سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟» دەپ سورالغان چاغدا،

10 _ نامە _ ئەمەللەر ئېچىلغان چاغدا،

11 _ ئاسمان (يۈزى) ئېچىپ تاشلانغان چاغدا،

12 _ دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا،

13 _ جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا،

14 _ ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن) نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

15 _ 16_ كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان ۋە پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان سەييارە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

17 _ قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

18 _ يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

19 _ ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ھۆرمەتلىك بىر ئەلچى (جىبرىل ئاللاھتىن) ئېلىپ كەلگەن سۆزدۇر.

20 _ (ئۇ ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئەرشىنىڭ ئىگىسى (بولغان ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر.

21 _ ئۇ بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن) ئىتائەت قىلىنغۇچىدۇر، (ۋەھيىگە) ئىشەنچلىكتۇر.

22 _ سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) مەجنۇن ئەمەس.

23 _ شەكسىزكى، ئۇ جىبرىلنى روشەن ئۇپۇقتا كۆردى.

24 _ ئۇ غەيبنى (يەنى ۋەھيىنى) يەتكۈزۈشتە بېخىل ئەمەستۇر.

25 _ بۇ (قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر.

26 _ شۇنداق تۇرسا، سىلەر نەگە كېتىپ بارىسىلەر؟

27 _ 28_ بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن پەقەتلا ئۈگۈتتۇر.

29 _ پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالايسىلەر.

# ئىنفىتار سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مەۋجۇداتنىڭ تەبىئىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىشى، كائىنات نىزامىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈننى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمان يېرىلغان چاغدا،

2 _ يۇلتۇزلار توكۇلگەن چاغدا،

3 _ دېڭىزلار بىر _ بىرىگە قوشۇلغان چاغدا،

4 _ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (تىرىلدۈرۈلۈپ) چىقىرىلغان چاغدا،

5 _ ھەربىر ئادەم ئىلگىرى _ كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ

6 _ 8_ ئى (كاپىر) ئىنسان! سېنى يارىتىپ، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلغان، سېنى ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزگەن كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشقا سېنى نېمە ئالداپ قويدى؟

9 _ (ئى مەككە كاپىرلىرى!) ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى سىلەر ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر.

10 _ 11_ شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، (قىلمىشىڭلارنى) يېزىپ تۇرغۇچى، ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار.

12 _ ئۇلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

13 _ شەكسىزكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە جەننەتتە بولىدۇ.

14 _ گۇناھكارلار چوقۇم دوزاختا بولىدۇ.

15 _ ئۇلار ئۇ دوزاخقا قىيامەت كۈنى كىرىدۇ.

16 _ ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

17 _ سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

18 _ راستتىنلا سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

19 _ ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر.

# مۇتەففىفىن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 36 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

2 _ ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ،

3 _ كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ.

4 _ 5_ ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟

6 _ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.

7 _ شەكسىزكى، گۇناھكارلارنىڭ نامە _ ئەمەلى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ.

8 _ سىججىننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

9 _ ئۇ (گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر.

10 _ 11_ قىيامەت كۈنىنى يالغان دېگۈچىلەرنىڭ ئىنكارچىلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

12 _ ئۇنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ.

13 _ ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ.

14 _ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەردۇر.

15 _ ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ئۇ كۈندە رەببىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغۇچىلاردۇر.

16 _ ئاندىن ئۇلار ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرگۈچىلەردۇر.

17 _ ئاندىن (ئۇلارغا): «سىلەر ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان (ئازاب) مانا مۇشۇدۇر» دېيىلىدۇ.

18 _ شەكسىزكى، ياخشىلارنىڭ نامە _ ئەمەلى چوقۇم ئىللىييۇندا بولىدۇ.

19 _ ئىللىييۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟

20 _ (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر.

21 _ ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ.

22 _ ھەقىقەت شۇكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ.

23 _ ئۇلار تەختلەردە ئولتۇرۇپ (بۇ نېمەتلەرگە) نەزەر سالىدۇ.

24 _ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەتنىڭ (خۇشاللىق) ئىپادىلىرىنى كۆرىسەن.

25 _ 26 _ ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن، ئەڭ ئاخىرقى يۇتۇمىمۇ ئىپار پۇرايدىغان ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ياخشى ئىشلاردا) بەسلەشمەكچى بولغانلار (بۇنېمەتلەرگە ئېرىشىش يولىدا) بەسلەشسۇن!

27 _ ئۇ شارابقا تەسنىمنىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

28 _ تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ.

29 _ كاپىرلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى.

30 _ (مۇئمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى.

31 _ ئۆيلىرىگە قايتقاندا (ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، قىلمىشلىرىدىن) ھۇزۇرلانغان ھالدا قايتىشاتتى.

32 _ ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئازغۇنلاردۇر» دېيىشەتتى.

33 _ ئۇ كاپىرلار مۇئمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلمىگەن.

34 _ قىيامەت كۈنى بولسا مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ (دوزاختىكى) ھالىغا كۈلۈشىدۇ.

35 _ ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە (ئۆزلىرىگە تەييارلانغان جەننەت نېمەتلىرىگە) قاراپ ئولتۇرىدۇ.

36 _ كاپىرلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ھەقىقەتەن تارتتىمۇ؟ (ئەلۋەتتە تارتتى).

# ئىنشىقاق سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 25 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كائىناتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق قىيامەت كۈنىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2 _ ئاسمان يېرىلغان، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا،

3 _ 5 _ زېمىن سوزۇلغان، قويىنىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا، (ھەربىر ئادەم ئۆز ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ).

6 _ ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن.

7 _ 8 _ نامە _ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ،

9 _ ئۇ (جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال _ خۇرام قايتىدۇ.

10 _ 12_ نامە _ ئەمەلى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ «ۋاي ئۆلۈپلا قۇتۇلسامچۇ!» دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

13 _ شەكسىزكى، ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد _ خۇرام ئىدى.

14 _ ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ ئويلايتتى.

15 _ ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى، رەببى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى.

16 _ 18_ (كەچكى) شەپەق بىلەن، كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن، تولۇن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

19 _ سىلەر ئەلۋەتتە بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر.

20 _ (ھەقىقەت ئوپئوچۇق تۇرسا) ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟

21 _ ئۆزلىرىگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟

22 _ بەلكى كاپىرلار (قۇرئاننى) يالغان دەيدۇ.

23 _ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

24 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

25 _ پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا ئۈزۈلمەس مۇكاپات بار.

# بۇرۇج سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 22 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كۈچ _ قۇۋۋىتىنى، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ۋە مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 3 _ بۇرجلار (ئوربىتلار) ئورۇن ئالغان ئاسمان بىلەن، ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنى بىلەن، (ئۇ كۈندە) گۇۋاھ بولغۇچى ۋە گۇۋاھ قىلىنغۇچىلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4 _ 5_ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ھالاك قىلىندى.

6 _ 7_ ئۇ چاغدا ئۇلار ئورەكلەرنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى.

8 _ 9 _ (ئۇ زالىملار) مۇئمىنلەردىن پەقەت ئۇلارنىڭ غالىب، مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى. ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

10 _ مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغانلار، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

11 _ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شەكسىزكى، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

12 _ شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

13 _ ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەۋجۇداتنى) يوقتىن بار قىلىدىغان، (ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرىدىغان زاتتۇر.

14 _ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئىمان ئېيتقانلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر،

15 _ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر،

16 _ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

17 _ 18_ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئۇ لەشكەرلەرنىڭ — پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ (ھالاكەت) خەۋىرى كەلدىمۇ؟

19 _ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار (بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، داۋاملىق ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىشىدۇ.

20 _ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

21 _ 22 _ (قۇرئان مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس) بەلكى ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

# تارىق سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،17 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئاسمان بىلەن ۋە تۈندە چاقنىغۇچى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن تۈندە چاقنىغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

3 _ ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر.

4 _ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە نازارەتچى (پەرىشتە) بار.

5 _ ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن.

6 _ 7_ ئۇ ئومۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان مەنىيدىن يارىتىلغان.

8 _ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇنى (ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرۇشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

9 _ سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە،

10 _ ئۇ ئىنسانغا (ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ.

11 _ (يامغۇر قاتارلىقلارنى) قايتۇرىدىغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەن،

12 _ يېرىلىدىغان زېمىن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

13 _ ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان سۆزدۇر.

14 _ ئۇ چاقچاق ئەمەس.

15 _ شەكسىزكى، ئۇ كاپىرلار (قۇرئانغا قارشى) ھىيلە _ مىكىر ئىشلىتىپ تۇرىدۇ.

16 _ مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ تۇرىمەن.

17 _ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا ئازىراق مۆھلەت بەرگىن، ئۇلار (نىڭ ھالاك بولۇشى) ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمىگىن.

## ئەئلا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى ۋە سانسىزلىغان ئاتا، ئېھسانلىرىنى ئەسلىتىش ۋە ئۇلارنى دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ، ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىشقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 5_ (بارچە مەخلۇقاتنى) يارىتىپ، ئۇلارنى بىجىرىم قىلغان، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىنى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى (پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن، (زېمىندىن) ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوپقۇرۇق ئوت _ خەسكە ئايلاندۇرغان، ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.

6 _ 7 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (ئۇنتۇلدۇرۇشنى) خالىمىسا، سەن ئۇنى ئۇنتۇمايسەن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

8 _ سېنى بىز ئاسانلىققا مۇۋەپپەق قىلىمىز.

9 _ ۋەز _ نەسىھەت ئۈنۈملۈكلا بولىدىكەن، (كىشىلەرگە) ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن.

10 _ (ئاللاھتىن) قورققان ئادەم ۋەز _ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.

11 _ ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز _ نەسىھەتتىن قاچىدۇ.

12 _ ئۇ (دوزاختىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ ئوتقا كىرىدۇ.

13 _ ئاندىن ئۇ دوزاختا يا ئۆلمەيدۇ يا (تىرىكتەك) ياشىمايدۇ.

14 _ 15_ (گۇناھتىن) پاكلانغان، رەببىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم مۇرادىغا يەتتى.

16 _ بەلكى سىلەر (ئىنسانلار!) دۇنيا ھاياتىنى (ئاخىرەتلىكتىن) ئارتۇق كۆرىسىلەر.

17 _ ئاخىرەت بولسا ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

18 _ 19_ شەكسىزكى، بۇ (ھەقىقەتلەر) بۇرۇنقى سەھىپىلەردە — ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە باردۇر.

## غاشىيە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 26 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى، زالىملارنى ئازابلاش ۋە مۆئمىنلەرنى نېمەتلەندۈرۈشتىكى چەكسىز قۇدرىتىنى ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ساڭا (دەھشىتى ھەممىنى) ئورىۋالىدىغان (قىيامەت) نىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

2 _ بۇ كۈنده نۇرغۇن كىشىلەر خار بولىدۇ.

3 _ ئۇلار (دۇنيادا) گۇناھ قىلغان، (ئاخىرەتتە) ئازابقا قالىدىغان كىشىلەردۇر.

4 _ ئۇلار ئەڭ ھارارەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ،

5 _ ئۇلارغا قايناق سۇ بۇلاقتىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

6 _ 7_ ئۇلارغا يا ئوزۇق بولمايدىغان ياكى ئاچلىقتا دال بولالمايدىغان (ئاچچىق) تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتىن باشقا يېمەكلىك يوق.

8 _ بۇ كۈنده نۇرغۇن كىشىلەر نېمەت ئىچىدە بولىدۇ.

9 _ ئۇلار (دۇنيادىكى) ئەمەللىرىدىن رازى بولىدۇ،

10 _ ئۇلار ئالىي جەننەتتە تۇرىدۇ،

11 _ ئۇ يەردە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ.

12 _ ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ.

13 _ 16_ ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت _ رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان بىساتلار بار.

17 _ 20_ ئۇلار تۆگىلەرنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، ئاسـماننىڭ قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، تاغلارنىڭ قانداق تىكلەنگەنلىكىگە، يەر يۈزىنىڭ قانداق يېيىلغانلىقىغا قاراپ باقمامدۇ؟

21 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئۇلارغا) ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەت ۋەز _ نەسىھەت قىلغۇچىسەن.

22 _ سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن.

23 _ لېكىن، كىمكى ۋەز _ نەسىھەتتىن باش تارتىپ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدىكەن،

24 _ ئاللاھ ئۇنى ئەڭ چوڭ ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

25 _ ئۇلار چوقۇم بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ.

26 _ ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

# فەجر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى سىناشتىكى ھېكمىتىنى بايان قىلىش ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 5_ سۈبھى بىلەن، ئون كېچە[161] بىلەن، جۈپ بىلەن، تاق بىلەن، ئۆتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇلاردا ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن (ئۇنى قايىل قىلغۇدەك) قەسەم بار.

6 _ 10_ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاد قەۋمىنى — (باشقا) شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان، ئېگىز بويلۇق ئىرەملىكلەرنى، تاغ جىلغىسىدا (ئۆي سېلىش ئۈچۈن) قورام تاشلارنى يونۇپ ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى، قوراللىق لەشكەرلىرى بولغان پىرئەۋننى رەببىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

11 _ 13_ ئۇلار شەھەرلەردە ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلىۋىدى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئازابلارنى ياغدۇردى.

14 _ شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

15 _ رەببى ئىنسانغا ئىنئام قىلىپ سىنىسا ۋە نېمەت ئاتا قىلسا، ئۇ: «رەببىم ماڭا ئىنئام قىلدى» دەيدۇ.

16 _ رەببى ئۇنى رىزقىنى تار قىلىپ سىنىسا، ئۇ: «رەببىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ.

17 _ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر.

18 _ بىر _ بىرىڭلارنى يوقسۇلغا ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر.

19 _ مىراسنى (ھالال–ھارام دېمەي) ھە دەپ يەيسىلەر[162].

20 _ مال _ دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىسىلەر.

21 _ بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس. زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا،

22 _ رەببىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن) كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ _ سەپ بولۇپ ھازىر بولغان چاغدا،

23 _ جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (ئەمما بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟

24 _ ئۇ: «كاشكى مەن (ئاخىرەتتىكى) ھاياتىم ئۈچۈن (دۇنيادا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

25 _ ھېچكىم ئاللاھ شۇ كۈندە جازالىغاندەك جازالىيالمايدۇ.

26 _ ھەمدە ھېچكىم ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ.

27 _ (مۇئمىنىنىڭ جېنىغا مۇنداق دېيىلىدۇ) «ئى ئارام تاپقۇچى جان!

28 _ سەن رەببىڭدىن مەمنۇن بولغان، رەببىڭمۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن.

29 _ سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىمنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن.

30 _ مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن».

---

161 ئايەتتىكى «ئون كېچە»نى بەزى مۇپەسسىرلەر زۇلھەججە ئايىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن دېسە، بەزىلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ھەر ئاينىڭ بېشىدىن ئون كۈن دەيدۇ.

162 جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئاياللار بىلەن بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى.

## بەلەد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ موھتاجلىقىنى، جاپا-مۇشەققەت ئۈستىگە يارىتىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىش يوللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2 _ بۇ شەھەر (مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى پەيغەمبەر!) سەن بۇ شەھەردە چەكلىمىگە ئۇچرىمايسەن.

3 _ ئاتا ۋە بالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4 _ بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا _ مۇشەققەت ئىچىگە ياراتتۇق.

5 _ ئۇ (ھاكاۋۇر ئىنسان) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

6 _ ئۇ (پەخىرلىنىپ): «كۆپ مال _ دۇنيا سەرپ قىلدىم» دەيدۇ.

7 _ ئۇ بۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى (ئاللاھ بۇنىڭدىن ھېساب ئالمايدۇ) دەپ ئويلامدۇ؟

8 _ 10 _ بىز ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟

11 _ (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇ داۋان ئاشمىدى.

12 _ (ئى پەيغەمبەر!) سەن داۋان ئېشىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

13 _ (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلىشتۇر،

14 _ 16_ ياكى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە، ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بېرىشتۇر.

17 _ ئاندىن (يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، بىر- بىرىگە (تائەت _ ئىبادەتتە) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، بىر- بىرىگە مەرھەمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولۇشتۇر.

18 _ ئەنە ئاشۇ (ئىشلارنى قىلغان) كىشىلەر سائادەتمەن كىشىلەردۇر.

19 _ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن بەختسىزلەردۇر.

20 _ ئۇلار (ئىشىكلىرى مەھكەم) تاقالغان دوزاخقا سولىنىدۇ.

# شەمس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 15 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: نەپسنى پاكلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە نەپسنى گۇناھقا پاتۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ زىيان تارتىش ئىكەنلىكىنى قەسەملەر بىلەن تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2 _ قۇياشقا ئەگەشكەن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3 _ قۇياشنى ئاشكارا قىلىدىغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4 _ قۇياشنى يوشۇرىدىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5 _ ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن،

6 _ زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى كەڭ قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن،

7 _ 8_ جان بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى مۇكەممەل ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق _ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

9 _ نەپسنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.

10 _ ئۇنى (گۇناھ _ مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

11 _ سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (ئۆز پەيغەمبىرىنى) يالغانچى دېدى.

12 _ 13_ ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى بوغۇزلاشقا) ئالدىرىغاندا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (سالىھ) ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار» دېگەن ئىدى.

14 _ 15_ ئۇلار پەيغەمبەرنى يالغانچى دېدى ۋە تۆگىنى بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن گۇناھى تۈپەيلىدىن رەببى ئۇلارغا چوڭ بىر ئازابنى چۈشۈرۈپ، ئاقىۋىتىگە پەرۋا قىلمايلا ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

# لەيل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،21 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش، ئاللاھ يولىدا پۇل – مال سەرپ قىلىش جەھەتتىكى پەرقلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى) قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2 _ يورۇغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3 _ ئەركەك _ چىشىنى ياراتقان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4 _ سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇخىلدۇر.

5 _ 7_ (ئاللاھ يولىدا) پۇل _ مال سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى راست دەپ ئىشەنگەن ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز.

8 _ 10_ بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھتىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز.

11 _ ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل _ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

12 _ شەكسىزكى، توغرا يولنى كۆرسىتىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

13 _ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر.

14 _ مەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم.

15 _ 16_ ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغان، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان بەختسىز ئادەملا كىرىدۇ.

17 _ 18_ پاكلىنىش ئۈچۈن پۇل _ مېلىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان تەقۋادار ئادەم (دوزاختىن) يىراق قىلىنىدۇ.

19 _ 20_ ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر.

21 _ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە (رەببىنىڭ مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ.

# زۇها سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە يېتىشتۈرگەنلىكى، پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى قاتارلىق نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2 _ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

3 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامان كۆرۈپمۇ قالمىدى.

4 _ سەن ئۈچۈن ئاخىرەت ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادىن ياخشىدۇر.

5 _ رەببىڭ ساڭا كەلگۈسىدە (كۆپ ياخشىلىق) ئاتا قىلىدۇ، سەن (بۇنىڭدىن) مەمنۇن بولىسەن.

6 _ ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھلىق بەرمىدىمۇ؟

7 _ سېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ؟

8 _ سېنىڭ يوقسۇللۇقۇڭنى بىلىپ بېيىتمىدىمۇ؟

9 _ سەن يېتىمغا قوپاللىق قىلما،

10 _ تىلەمچىنى سىلكىشلىمە،

11 _ رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە.

## شەرھ سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى غەم _ قايغۇدىن، قىيىنچىلىقتىن ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن خالاس قىلىپ، ئۇنىڭغا نېمىتىنى تاماملىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ كۆكسۈڭنى (ئىلىم _ ھېكمەتكە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئېچىپ) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟

2 _ 3_ سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكۈڭنى سەندىن يەڭگىللەتمىدۇقمۇ؟

4 _ سېنىڭ شان _ شۆھرىتىڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟

5 _ ئەلۋەتتە ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار.

6 _ ھەقىقەتەن ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار.

7 _ (دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن) بىكار بولغان ھامان ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگەن.

8 _ رەببىڭگە يۈزلەنگىن.

# تىن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقانلىق ۋە ئۇنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلغانلىق نېمىتىنى بىلدۈرۈش ۋە ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ھەق دىنغا سادىق بولۇشىغا، ئۇنىڭ قىممەتسىزلىكى ھەق دىندىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەنجۈر بىلەن قەسەم قىلىمەن، زەيتۇن بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2 _ تۇرسىنا تېغى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3 _ بۇ تىنىچ شەھەر (مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4 _ بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.

5 _ ئاندىن ئۇنى دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قەۋىتىگە تاشلايمىز.

6 _ پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئەجىر بار.

7 _ (ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن(يەنى بۇنچە دەلىللەردىن) كېيىن، سېنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟

8 _ ئاللاھ ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟

## ئەلەق سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ كامالىتى ۋەھيىگە ۋە ئىلىمگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناقىسلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.

2 _ ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن[163] ياراتتى.

3 _ 5_ سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر.

6 _ 7_ ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ بېيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشىدۇ.

8 _ (ئى ئىنسان!) شەكسىزكى، سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

9 _ 10_ (ئى پەيغەمبەر!) ناماز ئوقۇۋاتقان بىر بەندىنى توسقان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

11 _ 12_ دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (ناماز ئوقۇغۇچى بەندە) توغرا يولدا بولغان ياكى (كىشىلەرنى) تەقۋادارلىققا بۇيرۇغان بىرى بولسىچۇ؟

13 _ دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (توسقۇچى) ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان بىرى بولسىچۇ؟

14 _ ئۇ (قىلمىشلىرىنى) ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟

15 _ 16_ ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكارنى گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، بىز چوقۇم ئۇنداق يالغانچى گۇناھكارنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز.

17 _ ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرىپ باقسۇن!

18 _ بىزمۇ دوزاخنىڭ قاتتىق قول پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز.

19 _ ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكارنى گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىن، (ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن ۋە (بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن.

[163] ئەلەقنىڭ مەنىسى ئۈچۈن ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

## قەدر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قەدر كېچىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇ كېچىدە بولىدىغان مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ شەك _ شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاننى قەدر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق.

2 _ قەدر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

3 _ قەدر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر.

4 _ شۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن، (تەقدىر قىلىنغان) ھەممە ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدۇ.

5 _ شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئامانلىققا تولغان كېچە بولىدۇ.

# بەيينە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكى، قىممىتى، مۇكەممەللىكى قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەنگە قەدەر (كۇفرىدىن) ئايرىلمىدى.

2 _ (ئۇ ئوپئوچۇق دەلىل بولسا) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر.

3 _ ئۇ سەھىپىلەر ئەڭ توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

4 _ كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى.

5 _ ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشـــقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر.

6 _ شـەكسـىزكى، ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشـرىكلاردىن بولغان كاپىرلار دوزاخ ئوتىدا بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

7 _ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار — ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

8 _ ئۇلارنىڭ رەببىنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى مەڭگۈلۈك بولغان، ئاســتىدىن ئۆســتەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا رەببىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.

# زەلزەلە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللىرنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇق ساناپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن غەپلەتتە قالغۇچىلارنىڭ دىللىرىنى تىترىتىش ۋە ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن چاغدا،

2 _ زېمىن قويىنىدىكى (ئۆلۈك قاتارلىق) يۈكلىرىنى چىقارغاندا،

3 _ (بۇنى كۆرگەن) ئىنسان: «بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەن چاغدا،

4 _ 5_ بۇ كۈندە زېمىن رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەن، (ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان) ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ.

6 _ بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن (قەبرىلىرىدىن) توپ _ توپ بولۇپ چىقىدۇ.

7 _ كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.

8 _ كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

# ئادىيات سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان،11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ دۇنيالىقتا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنى ئاخىرەتلىك ئەمەللەرگە تەرغىب قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تۈزكورلۇقتىن، تەمەگەرلىكتىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

1 _ 6_ (ئاللاھ يولىدا) تېز چاپقۇچى، تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، توپا _ چاڭ چىقارغۇچى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۈزكورلۇق قىلغۇچىدۇر.

7_ شەكسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر.

8 _ ئىنسان ھەقىقەتەن پۇل _ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر.

9 _ 11_ ئۇ ئىنسان قەبرىلەردىكىلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارىلانغان چاغدا، (ئۆزىنىڭ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى) بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ (بارلىق قىلمىشلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.

# قارىئە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنى غەپلەتتىن ئويغۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1_ (يۈرەكلەرگە) دەھشەت سالغۇچى،

2 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ دەھشەت سالغۇچى نېمە؟

3 _ ئۇ دەھشەت سالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

4 _ (ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر) شۇ كۈندە ئىنسانلار تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ قالىدۇ.

5 _ تاغلار ئىتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

6 _ 7_ ياخشى ئەمەلى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ.

8 _ 9_ ياخشى ئەمەلى يېنىك كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ.

10 _ ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

11 _ ئۇ قىزىق ئوتتۇر.

## تەكاسۇر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: دۇنيالىققىلا بېرىلىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرگە ئۆلۈم، ھېساب بېرىش قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2 _ (ئى ئىنسانلار! پۇل _ مال ۋە بالىلارنىڭ) كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش سىلەرنى (ئۆلۈپ) قەبرىگە كۆمۈلگەنگە قەدەر (تائەت _ ئىبادەتتىن) غەپلەتتە قالدۇردى.

3 _ بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، (سىلەرگە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

4 _ ئاندىن (يەنە دەپ قوياي) بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، (قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

5 _ ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر سىلەر راستتىنلا بىلگەن بولساڭلار (غەپلەتتە قالمايتتىڭلار).

6 _ سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر.

7 _ كۆرگەندىمۇ چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر.

8 _ ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر.

## ئەسر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: زىياندىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك چارىسىنى بايان قىلىش ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 3 _ زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر – بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ.

# ھۈمەزە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 9 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: دىننى ۋە مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ھەربىر كەمسىتكۈچى، غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي،

2 _ ئۇ پۇل _ مال توپلاش ۋە ئۇنى ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

3 _ ئۇ پۇل _ مېلىم مېنى مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

4 _ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم (كىرگەنلەرنى) پارچىلىۋېتىدىغان دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

5_ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇ دوزاخنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

6 _ 7_ ئۇ ئاللاھ ياندۇرغان، (ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) يۈرەكلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوتتۇر.

8 _ 9_ ئۇلار چوقۇم ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاخقا سولىنىدۇ.

# فىل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدى ھەرەمنى قوغداشتىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ پىللىق قوشۇننى قانداق (ھالاك) قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

2 _ رەببىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە _ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟

3 _ رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ _ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

4 _ 5_ قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى.

# قۇرەيش سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ قۇرەيش قەبىلىسىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۈكۈر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 4_ قۇرەيشلەر قوغدالغانلىقى — قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقى (غا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش) ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان بۇ ئۆي (كەئبە)نىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇن!

## مائۇن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 7 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: دىننى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ناچار ئەخلاقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) ئاخىرەت كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

2 _ 3_ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر.

4 _ 5_ نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

6 _ 7_ ئۇلار رىياكارلىق قىلىدىغان، ئەڭ ئەقەللىي ئۆتنە _ يېرىمنىمۇ قىلمايدىغان كىشىلەردۇر.

# كەۋسەر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىنى ئەسلىتىش ۋە ئۇنى يامان كۆرىدىغانلارنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.

2 _ سەن رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.

3 _ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان كىشى، شەكسىزكى، ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىدۇر.

# كافىرۇن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىغا چەك قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 2_ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايۋاتىمەن.

3 _ سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايۋاتىسىلەر.

4 _ (بۇنىڭدىن كېيىنمۇ) سىلەر چوقۇنغان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايمەن.

5 _ سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر.

6 _ سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر».

# نەسر سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازىنىدىغانلىقى، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا ئاز قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 3_ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ _ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا، رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

# مەسەد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا ۋە خارلىققا مەھكۇم بولىدىغانلىقى، خۇسۇسەن، ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالىنىڭ دوزاختىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى.

2 _ ئۇنىڭغا مال _ مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى.

3 _ ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

4 _ 5_ ئۇنىڭ ئايالىمۇ مەھكەم ئېشىــلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بوينىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ.

## ئىخلاس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ يەككە _ يېگانە ۋە تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ (ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە _ يېگانىدۇر،

2 _ ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

3 _ ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

4 _ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

# فەلەق سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئېسىلىشقا تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 5_ (ئى پەيغەمبەر! سەن) «مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇققا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

## ناس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەت.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەشكە تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 _ 6_ (ئى پەيغەمبەر! سەن) «ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالسا، ئۇلار)نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلىدىغان، (ئاللاھنى ياد ئەتسە) يوقىلىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

# «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى، ئىسلام قانشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيي يولى بىلەن نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيىنىڭ 610 _ يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپتوغرا 40 ياشتا ئىدى.

ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «رەسۇلۇللاھقا ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيى راست چۈش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا[164] ئۆيگە قايتماي كېچىلىرى يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئوزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى. ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا پەرىشتە كېلىپ: ‹ئوقۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ‹ئوقۇ› دېدى. يەنە مەن‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ‹ئوقۇ› دېدى. مەن ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم. مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾[165] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قورقۇنچىسىنى بېسىش ئۈچۈن، ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار› دېدى. ئۇ قورقۇنچىسى تۈگىگىچە يۆگەپ قويۇلدى، ئۇ خەدىجىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ‹ئى خەدىچە ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئۆزۈم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم› دېدى. خەدىچە: ‹ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا شەپقەت قىلىسەن، راست گەپ قىلىسەن، ئاجىز، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرىدە خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن ئىدى، ئىبرانى يېزىقنى بىلەتتى، ئىبرانى يېزىق بىلەن ئىنجىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇ ياشانغان، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىچە ۋەرەقەگە: ‹تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ[166] ئوغلىنىڭ (يەنى مۇھەممەدنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سال› دېدى. ۋەرەقە رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نېمە بولدۇڭ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھ مۇساغا چۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇ، ئىسسىت، مەن سېنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ياش يىگىت بولسامچۇ، ئىسسىت، مەن خەلقىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقىتتا ھايات بولسامچۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ: ‹خەلقىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟› دېدى. ۋەرەقە: ‹ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، سېنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام، ساڭا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلاتتىم› دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى»[167].

«قۇرئان كەرىم» ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز _ ئازدىن نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تولۇق تاماملاندى.

---

[164] ھىرا غارى — مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان «نۇر تېغى»نىڭ ئۈستىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 634 مېتىردۇر.

[165] ئەلەق سۈرىسى :1 - 5 - ئايەتلەر.

[166] ۋەرەقەنىڭ 3- بوۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 4- بوۋىسىنىڭ قېرىندىشى ئىدى.

[167] «سەھىھۇلبۇخارى»1-توم، 7-بەت 3 –ھەدىس.

﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە _ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ _ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق﴾ (168).

«قۇرئان» دېگەن سۆز «قرأ» يەنى «ئوقۇدى» دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿ لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ . إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ . فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ . ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ ﴾ يەنى﴿ (ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾[169] دېگەن ئايەتتىكى «قُرْآنَ» يەنى «قۇرئان» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ۋەھيي ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ۋەھيي _ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان تەلىماتى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى ئىنسانغا بىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿**أوحى**﴾ يەنى «ۋەھيي قىلدى»، ﴿**كلم**﴾ يەنى «سۆزلىدى»، ﴿**قال**﴾ يەنى «ئېيتتى»، ﴿**أمر**﴾ يەنى «بۇيرۇدى»، ﴿**القى**﴾ يەنى «تاشلىدى»، ﴿**أنزل**﴾ يەنى «نازىل قىلدى (يەنى چۈشۈردى)»، ﴿**نادى**﴾ يەنى «نىدا قىلدى» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ۋەھيىنىڭ يوللىرى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿ئاللاھ بىر ئىنسانغا پەقەت ۋەھيي يولى بىلەن ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەيدۇ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىدۇ﴾[170].

ۋەھيي ئۆزى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال تونۇشقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش تەرزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، ئىناقسىزلىقتىن بىرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم _ مەرىپەتكە، ئاجىزلىقتىن كۈچ _ قۇۋۋەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى ۋەھيي يېڭى بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئىلاھىي قانۇندۇر. زادى ۋەھيىنىڭ غايىسى ئىنساننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىماننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىلىم _ مەرىپەتنى مەركەز قىلغان بىر ئىمان ۋە ھەقىقەتنى مەركەز قىلغان ئىلىم _ مەرىپەت ئىدى. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ۋەھيىنىڭ روھى بىلەن پارلاق بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ساھابىلەر بارلىق ئەخلاق _ پەزىلەتتە، ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋاپىغا يەتكەن ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئۆچمەس ئۈلگىلەرنى ياراتقان ئىدى.

ۋەھيي تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:

(1) پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىش. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىنىڭ ۋاسىتىسىسىز سۆز قىلغان. ﴿ئاللاھ مۇساغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى﴾ (171).

(2) ئىلھام قىلىش ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل مېنىڭ قەلبىمگە ‹ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ› دەپ ئىلھام قىلدى، سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى تىلەڭلار» (172).

(3) راست چۈش. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان» (173).

(4) ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيي ماڭا بەزىدە قاتتىق

---

(168) ئىسرا سۈرىسى:106 _ ئايەت.
[169] قىيامەت سۈرىسى: 16 _ 18 _ ئايەتلەر.
[170] شۇرا سۈرىسى:51 _ ئايەت.
(171) نىسا سۈرىسى164 _ ئايەت.
(172) شىھاب قۇزائىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى115 _ ھەدىس، 2 _ توم،185 _ بەت.
(173) «سەھىھۇلبۇخارى» 3 _ ھەدىس، فەتھۇلبارى 1 _ توم،27 _ بەت.

جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن» [174] دەپ جاۋاب بەرگەن.

**مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

مۆجىزە _ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسى»نى بەرگەن، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە _ قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلۈكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئىل ئېلان قىلغانىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئىل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تېببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ _ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ «ئۇكاز»[175] بازىرىدا بارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر _ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن تويۇنغان بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەئبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

**«قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر**

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر چاچقان، بەدىئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب _ (تىلى راۋان) » باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم _ (تىلى راۋان ئەمەس) » دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىشى ئىدى.

---

(174) «سەھىھۇلبۇخارى»2 _ ھەدىس، فەتھۇلبارى1 _ توم،23 _ بەت.

[175] ئۇكاز _ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۆش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

«قۇرئان كەرىم» جىمى ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا ئۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇقلاردىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى مەمنۇن، مۇسۇلمانلارنى بولسا غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا _ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ الم . غُلِبَتِ الرُّومُ . فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ . فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ . بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ ﴾ ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [176] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار «ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشقان، ئەرەب مۇشرىكلىرى، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى «بۇ يالغان ۋەدە، قېنى كۆرىمىز، قايسىمىزنىڭ كۆتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقە ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. ئەگەر ئەھۋال «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن، ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت – شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە «قۇرئان كەرىم» يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئەمما بۇ خەۋەرنى بەرگۈچى زات ئاللاھ تائالا تائالا ئىدى. چۈنكى يەتتە يىلدىن كېيىن بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، پىشقان تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

**مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر**

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈيىقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى «ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى»

---

[176] رۇم سۈرىسى:2-5 _ ئايەتلەر.

دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت ئۆزىگە تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار چوقۇنغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان – زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر!» دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرىۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىزدىن ئىبارەت «ئىككى تاش»نىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، تولۇق ئۈمىتۋارلىق بىلەن ئىشنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى «بىز ئەمدى تۈگەشتۇق» دېگەندە، ئۇ: ﴿ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[177]دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ماددىي مۆجىزىلەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشىنىدىغان، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك مەنىۋى مۆجىزىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغان «كالام» سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش – ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە داۋاملىشىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ داۋاملاشقانلىقىغا ئوخشاش.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيتىسىنا بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولىشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[178] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقىلار ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتا ئاجىزلىق قىلدى، ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنتۇدى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

---

[177] شۇئەرا سۈرىسى :62 _ ئايەت.

[178] ھىجر سۈرىسى:9 _ ئايەت.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ ۋە نەشىر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس «قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە سىغدۇرۇپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى نەشىر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرەر ھەرپىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئىنسانلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش، «قۇرئان كەرىم»گە ئىختىيارسىز خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغدايدىغىنى مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدۇر!

### «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگىلا دۇئىل ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

1 _ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ _ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش _ ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ سەھنىسىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئالىملىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان ﴿سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾دېگەن ئايەتلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتمەكتە. ﴿ ذَلِكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَامَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيىب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ، ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[179]، ﴿وَمَا كُنْتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنْتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغانىدا سەن يوق ئىدىڭ ۋە (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ﴾.[180]

2 _ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

---

[179] ئال ئىمران سۈرىسى: 44 _ ئايەت.

[180] قەسەس سۈرىسى: 44 _ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز – ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىن كەچكەنلىرى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿ وَيَقُولُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا اللَّهُ بِمَا نَقُولُ ﴾ يەنى ﴿ ئۇلار ئىچىدە: « (ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز ئۈچۈن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ﴾[181]. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆزىگە _ ئۆزى پىچىرلىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بىز ئۇنداق ئويلىمىدۇق، سەن يالغانچىسەن» دەپ تۆھمەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ئالدىدا لام _ جىم دېيەلمىگەن.

بۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كەچكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. ﴿ سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَا ﴾ يەنى ﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر«ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس)دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ﴾[182]. بۇ ئايەت قىبلە بەيتۇلمەقدىستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» يېقىن كېلىچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن. ﴿ سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ يەنى ﴿ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾ [183].
بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزۈرلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش – ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە پات _ يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 _ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلىچەكنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

﴿ أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُنْتَصِرٌ ﴾ يەنى ﴿ ئۇ توپ يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[184]. بۇ ئايەت پۈتۈن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ يېقىن كېلەچەكتە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چوقۇم مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا نازىل بولغان. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت نازىل بولغاندا: «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇپ بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6– يىلى بىرلەشمە ئەرەب قوشۇنى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 – ھىجرىيە يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ سَنَسِمُهُ عَلَى الْخُرْطُومِ ﴾ يەنى ﴿بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز﴾ [185] دېگەن. كېيىن بەدرى غازىتى بولغان كۈنىدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستە كىم

[181] مۇجادەلە سۈرىسى: 8-ئايەت.
[182] بەقەرە سۈرىسى: 142- ئايەت.
[183] تەۋبە سۈرىسى: 95- ئايەت.
[184] قەمەر سۈرىسى: 45- ئايەت.
[185] قەلەم سۈرىسى: 16-ئايەت.

ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىرەك بولغان بولسا، قانداق بولماقچىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچىدى؟؟؟

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ . مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ . سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ. وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ . فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ ﴾ يەنى ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال _ مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بويىنىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ﴾ [186] دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە – تەدبىر ۋە ھىيلە – مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق ئاجايىب ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۈرۈنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىم –پەن تەرەققىي قىلغان ۋە ئەقىللار يېتىلگەن بۇ دەۋردە مەيدانغا چىقماقتا. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

**«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقى**

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بىراقلا نازىل قىلىنماستىن، ئاز _ ئازدىن، پارچە _ پارچە نازىل قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر _ ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئوچۇقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. ئۇنى دەۋەت يولىدىكى جاپا _ مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۆچلۈك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش... قاتارلىقلاردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاز _ ئازدىن نازىل قىلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭاي ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاز _ ئازدىن نازىل بولغانلىقىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن ئەھكاملارنى تۇرمۇشىغا تولۇق تەتبىقلاشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي نازىل بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى.

**ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى**

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپ نازىل بولغان سۈرە ئەمەس. بەلكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغىنى ئەلەق سۈرىسى بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 30 _ پارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى**

جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بىر قېتىم باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ،

---

186 لەھەب سۈرىسى.

ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشتىن ئاخىر تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن» دېگەن (187).

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى**

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت _ شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى نازىل بولغان پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بۇرمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل بولغان پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىدىن يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەس ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلەرغا يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى نازىل بولۇۋاتقان پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپ تۇپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن خاتىرجەم قىلغان: ﴿ لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ . إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ . فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ . ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ ﴾ يەنى ﴿ (ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴾ (188).

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كېلىپ، جىبرىل ئەلەيھىسسالام نازىل بولۇپ بولغان ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىل «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغان.[189]

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا كېچىلىرى تەھەججۇد نامازلىرىدىمۇ، ھەتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ «قۇرئان كەرىم» ئاغزىدىن چۈشمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن نازىل بولغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلەرغا يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن ساۋاق بېرەتتى ۋە يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلەرمۇ «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز _ ئازدىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەتلەرنى تېزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ئىشىدا بىر _ بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە

(187) «سەھىھۇلبۇخارى» 6285 _ ھەدىس، فەتھۇلبارى11 _ توم،94 _ بەت.

(188) قىيامەت سۈرىسى:16 _ 19 _ ئايەتلەر.

[189] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە شۇنداق كەلگەن.

كىرىۋېلىپ بەس _ بەســـتە قۇرئـان يـادلايتتى، يـادلاپ بولغـانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتـا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسجىدلەردىن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى نازىل قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشـــلەردە «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لارنى ھەر قانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت ئۆلىمالىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشـەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك قارىينىڭ شېھىت بولغانلىقىمۇ شۇ ۋاقىتتا قارىيلارنىڭ كۆپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا تارىخىدا «قۇرئان كەرىم»دىن باشـــقا بىرەر كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭدىكى سـەۋەب شـۇكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تاقىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشنى ئەڭ شـەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن سـاناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى. ﴿ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِنْ مُدَّكِرٍ ﴾ يەنى ﴿ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسـان قىلىپ بەردۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز _ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[190]. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھېچقاندا بىر ساماۋى كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانغا ياكى ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم «قۇرئان كەرىم»گە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ توپلىنىشى**

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشـمىغان ۋاقىت ئىچىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 12 _ يىلى (631 _ مىلادى) يەمامە ئۇرۇشـىدىن كېيىنلا رەسـمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان.

بۇ پىكىرنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئىشقا ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شـەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «كۇتتابۇلۋەھيي» يەنى (ۋەھيىنى يازغۇچىلار كومىتېتى)نىڭ ئەزالىرى ئىدى.

**«كۇتتابۇلۋەھيي» كومىتېتى**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «كۇتتابۇلۋەھيي» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سـەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھۇشـيار ۋە ئەسـتە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشـى ئىدى. شـۇ سـەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالام، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەر ئۇ كىشـىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسـۇس كاتىب قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سـابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شـەرەپىگە نائىل بولغان، ئىشـەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

**«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتىكى ئۇسۇلى**

---

(190) قەمەر سۈرىسى: 22 _ ئايەت .

زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى«كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتى ئەزالىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى قاتارىدىن ساناپ توپلاپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

«كۇتتابۇلۋەھىي»نىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتا بۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىلەن ئىش كۆرۈشىگە تۈرتكە بولغان ئامىل شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پېتى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر مەجبۇرىيەت ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نى توپلىغان «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خىرىستىيان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

**«كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھىيلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە ئەڭ ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشىغا ساق بىر يىل كەتكەن. ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «قۇرئان كەرىم»نى يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن _ ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلەر ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا «يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلەردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلەر قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

**«قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى**

«قۇرئان كەرىم» ھىجرىيىنىڭ 25 _ يىلى (645 _ مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن

ئۆلىمالار قوللىغان. «قۇرئان كەرىم»نى ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

**«قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى**

«قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاش ئىشىنى «كۇتتابۇلۋەھيي» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن بىر قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلارغا كۆپەيتكەندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان «قۇرئان كەرىم» زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانيي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى بەش ئىدى دېگەنلەرمۇ ۋە ئالتە ئىدى دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەين، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىردىن «قۇرئان كەرىم»نى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

**ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قوليازما نۇسخىلىرى**

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە ئەۋەتىلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قوليازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزېيى»دە، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

**ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى**

ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب، ت، ث، ي، ن)، (ج، ح، خ)، (د، ذ)، (ر، ز)، (س، ش)، (ص، ض)، (ع، غ)، (ط، ظ)، (ف، ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر _ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى (ب)، قايسىسى (ت) ۋە قايسىسى (ث) ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش _ ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بېكىتىشكە ھاجەت يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا نازىل بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرپلىرىنى بىر _ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەبلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

**«قۇرئان كەرىم»گە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى**

ئەرەب تىلىنىڭ گرامماتىكا قائىدىسىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم

تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسـۋەد دۇئەلىي (606 _ 688م) دېگەن كىشـى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (601 _ 660م)نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە (ـَ )، كەسرە (ـِ )، داممە (ـُ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى چېكىتلەر بىلەن ئايرىغىلى بولىدىغان قىلىپ چىققان. فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئۈسـتىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن، كەسـرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاسـتىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسـىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سـۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

**ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى**

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (718 _ 790م) دېگەن كىشـى بولۇپ، ئۇ ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى فەتھە (ـَ )، كەسـرە (ـِ )، داممە (ـُ ) بەلگىلىرىنى قويۇپ تېخىمۇ روشـەن، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان. ئۇ يەنە ھەمزە، شـەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشـىپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسـلۇبى كونىدىن _ كونىگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كامالىغا يەتكەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شـەكلى ھىجرىيە 3 _ ئەسـىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شـۇنىڭدىن بېرى شـۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش تارىخى**

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلغان تۇنجى نەشرى 1538 _ يىلى ئىتالىيەدە بېسىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1694- گېرمانىيەدە، 1728 _ يىلى تۈركىيەدە، 1787 _ يىلى رۇسىيەنىڭ سانت پېتىربۇرگ شەھىرىدە، 1802_ ھىندىستاندا، 1834 _ يىلى گوللاندىيەدە، 1848 _ يىلى تاتارىستان پايتەختى قازان شەھىرىدە، 1823 _ يىلى مىسىردا، 1949 _ يىلى مەككىدە بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا 12 _ ئەسىردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلىشى 20 _ ئەسىردىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

**«قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى**

«قۇرئان كەرىم» ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، جۇڭگو، موسكۋا ۋە ئىتالىيەلەرگە ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشىر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا «قۇرئان كەرىم»نى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە ««قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان ۋە ئاخىر ئۇنى قۇرۇپ چىققان. چۈنكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇپ تاماملانغان ۋە ئايەتلىرى توپلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

**مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەسىس قىلىنىشى**

1984- يىلى 30- ئۆكتەبىر كۈنى ««قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋىي شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، 250 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە. بۇ ئاكادېمىيىدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمى 900 گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا 30 مىليوندىن كۆپرەك قۇرئان بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، تەپسىر ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان «قۇرئان كەرىم» پىلاستىنكىلىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»دە ھازىرغىچە ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئىنگىلىز، ھىندونېزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، ئۇردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فرانسۇز، كەشمىر، كورىيە، مىلىبارى، ھەۋسا، بورما، گرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق 30دىن كۆپرەك تىلدا «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىلىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

**قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، بىزدىن تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان. (ساڭا بۇ مۇبارەك كىتابنى ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلدۇق)[191]. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بولغان چوڭ ئالاقىسى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلاپ، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىشقىلا كۆپايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى). فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت _ ئابرۇيىنىڭ، كۈچ _ قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يولىنى يۇرۇتىدىغان چىراقنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم _ شەپقىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان، قەدىر _ قىممىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۆتمۈشلەردە دۇنيانى سورىغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت _ ئابرويىغا ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۆپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

**«قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىدىغان يېگانە كىتابتۇر**

«قۇرئان كەرىم» مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئوقۇسا ساۋاب بولىدىغان يېگانە كىتابتۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلىقى سەۋەبىتىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف، لام، مىم›نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر ھەرپتۇر»[(192)] دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تىلاۋەت قىلغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنمىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، پەقەت ئەمەل قىلغان ساۋاب بېرىلىدۇ.

**قۇرئان ئوقۇشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتۇر**

قۇرئان ئوقۇغانىنىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرەي دېگەن ئادەم چوقۇم ئۇنى ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ھەممىدىن بەك قۇرئاننىڭ تەسىرىگە مۇھتاج. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش مۆجىزىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقان. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى زور تەسىرىگە ئېرىشەلمەستىن، ئۇنى قانچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالالمايمىز. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشتىن بىرىنچى مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

---

191 ساد سۈرىسى: 29-ئايەت.

(192) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

قۇرئاننىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلىش، تىلاۋەت قىلغاندا، تىنچ ئورۇننى تاللاپ، ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك مىقداردا ئاۋازنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. ئىمكانقەدەر قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش تولىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھېسسىياتنى ئۆرلىتىش، دىلنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە. بىرەر ئايەتتىن تەسىرات ھاسىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئايەتنى قايتا-قايتا ئوقۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن)[193] دېگەن ئايەتنى تەھەججۇد نامىزىدا بىر كېچە تەكرارلاپ چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

قۇرئاننى ئوقۇش، يادىلاش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»(194) دەپ كۆرسەتكەن.

**مۇسۇلمانلارنىڭ شان – شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت _ سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ شان _ شەرىپىنىڭ ۋە ئىززىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان_ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟) [195].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچىنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نېمە مەقسەت بىلەن نازىل بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگە يۇتكەلگەن. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا «قۇرئان كەرىم» ھازىر ۋە غائىب ھالەتتە بولۇپ قالغان. ھازىر دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا بار ئىكەنلىكىنى، غائىب دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتتىكى باشلامچىلىق رولىنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يوقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇپ ساۋاب تېپىشقا كۆپايە قىلىپ، ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۈك قىلىشقا ياكى قۇرئاننى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويۇشقا بولمايدۇ»[196].

توغرا، قۇرئاننى ئوقۇپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى«تىلاۋەت» سۆزى «تَلى، يَتْلُو» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى داۋاملاشتۇرۇش، ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلو» دەيدۇ. دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەن بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەن: «قۇرئان يۇقىرى ئۇپۇقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش ياكى قارىيلارنىڭ دىلىدا، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاش ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتابتۇر. (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى

---

193 مائىدە سۈرىسى118-ئايەت.

(194) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

195 ئەنبىيا سۈرىسى، 10-ئايەت.

196 «كيف نتعامل مع القرآن» (قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟) ناملىق ئەسەر، 59-بەت.

ســالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىســى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ)[197].

«ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن _ تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەسى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى قىلىۋالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ھەۋزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغارغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاجىز، دىنىي ئىشلاردا زەئىپ بولۇپ قالدۇق»[198].

---

[197] مائىدە سۈرىسى15-16-ئايەتلەر.

[198] «نظرات في كتاب الله» (ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە ئىزدىنىش) ناملىق ئەسەرنىڭ 34-بېتىدىن.